


# سبغنش

مللەتلەر نەشرياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# سېغىنىش

مىللەتلەر نەشرىياتى

## مۇندەرىجە


| | | |
|---|---|---|
| تېيىپجان ھادى | پالۋان كەلدى | 1 |
| قېيۇم تۇردى | گۇلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر | 23 |
| جاپپار قاسىم | ھازازۇل | 57 |
| ئەخەت تۇردى | ئۇ، يولۋاستىن چۈشتى | 81 |
| مۇھەممەت باغراش | "ساۋاپ" | 110 |
| ھېلىم موللايۇپ | دەل مۇشۇ ئورۇندا | 127 |
| ئېزىز ساۋۇت | سېغىنىش | 144 |
| قاھار جېلىل | چاكار | 178 |
| توختى ئايۇپ | ۋىسال كېچىسى | 206 |
| ئىسلام سادىق | ناخشىچى قىز | 230 |
| مۇھەممەت روزى | گۈل - چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە | 250 |
| تۇرسۇن قاسىم | بۇلۇڭ - پۇشقاقتىكى ئىشلار | 260 |
| ھەسەن سامساق | ئۇچرىشىش | 271 |
| مەمتىمىن ھوشۇر | يىراقتىن يېزىلغان خەت | 285 |
| ھىلمىنىياز قادىرى | ئەجدەرھا جىلغىسىدا | 295 |
| ئابدىرېھىم تۇنىياز | كومۇلگەن كىتاپ | 305 |

ئۇيغۇر كىتاب تورىكلى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگى ئادرېسى

# پالۋان كەلدى

## تېيىپجان ھادى

### 1

سۈمبۈلە ئېيىنىڭ باشلىرى. قىيامدىن ئېگىلگەن ئۈچۈق كۈن غۇلجا شەھىرىنىڭ ئۈستىدە يالترايتتى. بەيتۇللانىڭ ئاركىلىق تاشقارقى دەرۋازىسىدىن زىندانغىچە سوزۇلغان مەيداندا جۈمە نامىزدىن يانغان جامائەت مىغىلدىشىپ جامەنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇراتتى. دەرۋازا ئىچىدىن يۇرت چوڭلىرى سىپايە ھالدا چىقىپ كېلىشۋاتاتتى. توپ دەرھال ئىككىگە بولۇنۇپ، يول ئېچىپ، ئەدەپ بىلەن قوللىرىنى قوشتۇرۇپ، باشلىرىنى ئېگىپ ئېھترام بىلدۇرۇشتى. ئىگىز بوي، كەكە ساقال، دوقا ماڭلاي، يېشى ئاتمىشتىن ھالقىغان مەززەم زات ھىكىم كىمخاپ تۇماق، مۇۋۇت پېرىجە كىيگەن ھالدا ئادىيىپ ھەممىنىڭ ئالدىدا كىبىرانە قەدەم تاشلاپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئاپپاق ساقال، سېرىق يېپەك سەللىلىك موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇن، كەڭ ماڭلاي، قوي كوز، قىسقا قارا ساقال، بېشىغا ئۇرە مۇۋۇت توپە كىيگەن ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ ۋە باشقا يۇرت ئۇلىمالىرى ياندىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

جامەنىڭ شىمال دوخمۇشىدا ئىگەر-جابدۇقلىرى ياسداق، سېمىز، چىرايلىق بوز ئات باغلاقلىق ئۇرنىدا تىپچەكلەپ تۇراتتى. ئۇردا خىزمەتكارلىرى توپىنىڭ ئالدىدا چىقىپ كېلىۋاتقان مەززەم زات

ھىكمىنى كورۇپ، دەرھال ئاتنى ئۇنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى. شۇ
ئەسنادا ھەممىنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ شەنگەن ياھۇل تەرەپتە
جاڭ ـ جاڭ قىلغان كۈچلۈك جاڭ ئاۋازى كوتىرىلدى. مەززەم زات
ھىكمىنىڭ خىيالى بولۇندى، قول ئىشارىتى بىلەن ئاتنى بىر پەس
نېرىراق تۇتۇپ تۇرۇشنى بۇيرۇپ، جاڭ ئاڭلانغان شەنگەن ياھۇل
تەرەپكە قارىدى. گۈرەن تومۇرلىرىنى كوپتۇرۇپ، جاڭ ئۇرۇپ جېنىد-
نىڭ بېرىچە توۋلاپ كېلىۋاتقان باقى لوزۇڭغا كوزى چۈشتى. ئۇنىڭ
يان تەرىپىدە چېرىكچە ئالا بولماش كىيىم كىيگەن، بويۇنلىرىغا
ئۇزۇن قىلىچ ئېسىپ، پۇتىغا گوجەيىنى گۈل چىقىرىپ يوگىگەن توت
چېرىك بىللە كېلىۋاتاتتى. باقى لوزۇڭ مەززەم زات ھىكمىگە
كوزى چۈشكەندىن كېيىن ئادەت بويىچە ئوڭ قولىنى كوكسىگە ئېلىپ
سالام بىجا كەلتۈرۈپ قۇللۇق قىلدى ۋە ئۇنىڭ جاۋاپ سالىمىنى
ئىجازەت بىلىپ قولىدىكى جاڭنى قاتتىق بىر ـ ئىككى ئۇرغاندىن
كېيىن، كوپچىلىككە قاراپ ۋاقىرىدى:

—ئەيىۇھاناناس، ئاڭلىمىدىم دىمەڭلا خالايىق! شەنگەن دارىن-
نىڭ بۇيرۇغى: كېلەر كۈنى' جۈمە نامىزىدىن كېيىن، سوگو سادىر-
نىڭ خوتۇنى شەرۋانىخان ئىككى بالىسى بىلەن تىرەكلىكتە چېپىلىدۇ.
ياخشىلار بۇنىڭدىن ئىبرەت ئالسۇن، يامانلار ئوز كۈنىنىڭ نىمە
بولىدىغانلىغىنى بىلسۇن. جاڭ ـ جاڭ ـ جاڭ...

تۇيۇقسىز قارا بوران چىقىپ ئوچۇق ـ سۈزۈك ھاۋانى چاڭ-
توزاڭ بىلەن بۇلغىغاندەك، جۈمە نامىزىدا خۇداغا سىغىنىپ ياخشى ئار-
زۇلار بىلەن كوڭلى يورۇپ تۇرغان شەھەر ئاھالىسى سەراسىملىققا
چومدى. ئۇلار سادىرنى ئوز ئوغلىدەك ياخشى كورەتتى. سادىرنىڭ
خەلقنىڭ غېمىنى يەپ، جېنىنى ئالقىنىغا ئېلىپ زالىملارغا قارشى



كۈرەشكە ئاتلانغانلىغىغا قايىل ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن چەكسىز ھور-
مەت ۋە قايىللىق ھىسسىياتى بىلەن "سادىر پالۋان" دەپ ئاتىشاتتى.
شەنگەن دارىنىنىڭ سادىرغا تەڭ كېلەلمەي، جېنى سىزىۋاتقان قىيا-
مەتلىك تەقدىرىدىن ئەسەبىلىشىپ، سادىرنىڭ بىگۇنا خوتۇن،
بالا ـ چاقىسىغا چاڭ سالماقچى بولغانلىغى ئۇلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئازاپ-
تىن يارىلانغان قەلبىدىكى غەزىۋىگە سەرەڭگە ياقتى. جامە ئالدىدىكى
كوپچىلىك شەنگەن دارىنىنىڭ سۇئىقەستىدىن غەزەپلىنىپ ئوپۇر-
توپۇر بولۇپ كەتتى.

ئەمما ئۇ جاكا مەززەم زات ھىكمىدە تەسىرات پەيدا قىلمىغاند-
دەك ئىدى. باقى لوزۇڭ كاكىراپ جاڭ ئۇرۇپ ئالدىدىن ئوتۇپ
كەتكەندىن كېيىن، خىزمەتكارلارغا شەرەت قىلىپ ئاتنى كەلتۈردى.
"ئويناشماڭ ئەرباپ بىلەن، ئەرباپ سالۇر ھەر باپ بىلەن، سەن
سوگوغا شەنگەن دارىنغا پۇت ئېتىشنى كىم قويۇپتۇ، —مەززەم زات
ھىكىم خىزمەتكارلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن، ئاتنىڭ ئۈستىدە ئوردىغا
قاراپ كېتىۋېتىپ ئوز ئوزىگە پىچىرلىدى، —پۇقراغا خاننىڭ ئەمرى
پەرز، ئوز ئالدىڭغا ئىش تۇتساڭ، ئاقىۋىتىدە ئوز بېشىڭنى يەيسەن
گاداي، سوگودا كاللا نىمە قىلسۇن، ھەي، پوق ـ پوق..."

موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇم ھىكمىنى ئوز ئويىنىڭ ئۇدۇلىغىچە
ئۇزىتىپ كەلدى ـ دە، قىسقىغىنا خوشلىشىپ ئويىگە ـ يان كوچىغا
بۇرۇلدى. ئەلەمنى مۇشۇ سائەتتە ئوزىدە ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان
جىددىلىك باسقان ئىدى. ئىشىك ئالدىدا پەرىشانلىق بىلەن بىر
ھازا تۇرۇپ قالدى، قوشۇملىرىنى تۇرۇپ، يادىغا بىر ئىشنى
ئالدى ـ دە، كىمكى خۇدا يولىدا خالىس جەڭ قىلسا، ئۇ، جەننەتى،
دىگەن مەنىدە بىر ئايەتنى ئۇنلۇك ئوقۇپ بوسۇغا ئاتلاپ ھويلىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كىردى.

ئەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگ جاكاچىنىڭ ھەر بىر سۆزىنى خۇددى ئۆزىگە قارىتىپ ئېيتىلىۋاتقاندەك دىققەت ۋە چىدام بىلەن ئاڭلىدى. سالماقلىق بىلەن بۇرۇلۇپ توپقا نەزەر تاشلىدى، نۇرغۇن كىشىلەر بۇ جاكادىن خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، مەززەم زاتنى سوغاققىنا ئۇزىتىپ قويۇپ، كىشىلەرنىڭ سالام-سائاتلىرىغا سۇسلا جاۋاپ بېرىپ، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. پېشايۋاندا قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان ئاغچىغا مووۇت توپىسى ۋە پېرىجىسىنى تۇتقۇزۇپ، ئارتۇقچە گەپ-سۆز قىلماي مېھمانخانىغا كىردى. ئۇ، ئۆينىڭ تۆرىدىكى كارۋاتتا جەينىكى بىلەن تايىنىپ خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالدى. "ئەلنىڭ يىغىسىنى يىغلاپ، ئوتتا كۆيۈپ، سۇيىدە ئۆچكەنلەرنى سوكو، ئوغرى، بۇزۇق — دەپ ئويلايتتى ئۇ، — ئەلنىڭ ئۈستىدە ئات چاپتۇرۇپ، گۆشىنى شىلىپ، قېنىنى شورىغانلارنى بولسا بەگ، ئۇلۇغ. ھەي، بۇ جاھاندا ئادالەت، ئىنساپ قالمىدى. ھوسۇل① ئىلگىرى 8 خو ئىدى، ھازىر 16 خوغا چىقتى. دىخاننىڭ ھالىغا ۋاي، بىر يىل قاتتىق ئىشلەپ ئارا-گۈرجەكنى قۇرۇق قۇچاقلاپ قېلىش ئاقىۋىتىدىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. سادىر مانجۇ ھاكىملىرىنىڭ — زالىم بەگلەرنىڭ زۇلمىغا قارشى ئاتلىنىپ چىقىشتا ئۆز قايغۇسىنى ئەمەس، خەلقنىڭ قايغۇسىنى قىلغان، خەلقنىڭ كۆز يېشى، نالىسى ئەپيۇنكەشلەرنىڭ ئىسلاشقان دىلىنى ئېرىتەلمەيدۇ. ئەمما خەلق پەرزەنتى سادىرنىڭ دۈشمەنگە بولغان غەزەپ-نەپرىتىنى ئۇلغايتتى، سادىر قوزغىلىپ

① ھوسۇل — مانجۇ ھاكىمىيىتى ۋاقتىدىكى دىخانچىلىق بېجى.



ياخشى قىلدى. ئۇ توغرا ئويلىدى، ئۇنىڭ ھەركىتى ھازىرچە ئۇچقۇندەك كىچىك كۆرۈنگەن بىلەن، خەلقنىڭ غەزەپ ئوتلىرى قوشۇلۇپ ئاخىرى چوڭ گۈلخانغا ئايلىنىدۇ. بىر-ئىككى ئادەمنى ئولتۇرۇش، چاناش، قىرغىنچىلىق دۈشمەننى قۇرشاۋغا ئالغان ئوت يالقۇنلىرىنى ھەرگىز ئۆچۈرەلمەيدۇ."

## 2

شەنگەن يامۇلنىڭ ئارقىسىدىكى شەنگەن سارىيىدا ئۈستى قىزىل سىرلانغان جوزا قويۇلغان ئىدى. شەنگەن ئۆز ئادىتى بويىچە جوزىغا داستىخان سالمىدى. كىچىك-كىچىك تەخسىلەردە ناۋات، ياڭاق مېغىزى، قارا گازىر، خاسىڭ ھەم كۆك كىشمىشلەرنى تىزىپ جوزىنىڭ ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتكەن ئىدى. جوزا ئەتراپىغا يۆڭلىرى ئوسكىلەڭ، كىچىكرەك ئېيىق تېرىسى ۋە قىزىل رەخ بىلەن ئەستەرلەپ، چورىسىگە جىيەك تۇتقان يىلپىز تېرىسى سېلىنغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە پۇتىغا قېلىن چەملەك خەي، ئۇچىسىغا تەيجى① ئۇنىۋانلىق ساغۇچ گۈللۈك تاۋار پېرىجە كىيىپ، ئۇزۇن، يالغۇز ئورۇمە چېچىنى ئارقىسىغا تاشلاپ مەززەم زات ھېكىم ئولتۇراتتى، جوزا يېنىدا ئۇزۇن ئورۇمە چېچىنىڭ ئۈستىدىن قالپاق جۇڭزا كىيىۋالغان، يېشى ئەللىكتىن ئاشقان قىيسىق كۆز شەنگەندىن باشقا ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا تونۇش ئابدۇرۇسۇل شاغىبەگمۇ بار ئىدى.

— پېقىرىڭلارغا مۇشۇ يېقىندىن ئورۇمچى جياڭجۇنى جاناپلىرى

① تەيجى — مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ مەنسەپ دەرىجىسى.

ھەم كۆرە ئۇلۇغىمىزدىن نۇرغۇن مەكتۇپلار كەلدى.— شەنگەن مېھمانلارنى جوزىدىكى نازۇ-نېمەتكە تەكلىپ قىلدى ۋە ئەجدەرھا سۇرەتلىك سىركاي چىنىدىكى چاينى بىر يۇتۇم ئوتلاپ قويۇپ سۆزىنى داۋام قىلدى.— بۇ مەكتۇپلارنىڭ تولىسىدا ھوسۇلنى ۋاقتىدا يىغىپ ئۇرۇمچى، قۇمۇلنى ئۈزۈلدۈرمەي ئاشلىق بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇشىمىزدا ھەرقايسىڭلارنىڭ دولەتكە ساداقەتلىك كۆرسىتىپ قىلغان ياردىمىڭلارغا تەشەككۇر بىلدۈرۈلگەن.

بۇ گەپتىن تاۋى تاغدەك ئۆسكەن مەززەم زات ھېكىم گەۋدىسىنى كېرىپ قىمىرلىتىپ قويدى.

— مەكتۇپلارنىڭ ئىچىدە كەمىنە خىزمەتكارلاردىن ئۇلۇغلىرىمىز يەنە قانداق خىزمەتلەرنى كۈتىدىكەن؟— دېدى مەززەم زات ھېكىم.

— بۈگۈن بىر يەرگە دەرقەمدە بولۇشىمىز ئۇلۇغلىرىمىزنىڭ سالىمىنى ھەر بىرىڭلارغا يەتكۈزۈش، بىزلەر بىجا كەلتۈرۈشكە تېگىشلىك بولغان خىزمەتلەر توغرىسىدا ئاز-تولا كېڭىشىپ ئېلىش ئۈچۈن ئىدى،— دېدى شەنگەن ئۆزىگە مۇنايىم كۆرۈنۈش بېرىپ.

— قېنى ئىلتىپات قىلسىلا ئۇ خىزمەتلەرنى، ئىجرا قىلىشقا بىزلەر بېشىمىز بىلەن تەييار، شۇنداق ئەمەسمۇ شاغىبەگ جاناپلىرى،— دەپ مەززەم زات ھېكىم ئابدۇروسۇل شاغىبەككە قارىدى.

— ئەلۋەتتە،— ئابدۇروسۇل بەگ سۇسلا جاۋاپ بەردى.

— ھازىر ئۇرۇمچى، قۇمۇل، ماناسلاردا چېرىكلەرنىڭ سانى كۆپەيدى. جياڭجۇن جاناپلىرى كۆرە سىلىڭغا يەنە چېرىك ئەۋەتىشنى ئەمىر قىپتۇ. بۇنىڭدىن مەقسەت پۇقرالارنىڭ خاتىرجەم-ئەمىنلىگىنى قوغداش، چېرىككە ئاش كېرەك. ئاش تېخى پۇقرانىڭ قولىدا، توكۇلمىگەن ھوسۇلنى قانداق يىغىۋېلىش ھەققىدە پېقىر جانابىڭلارنىڭ



ئەقىل-مەسلىھەتلىرىڭلارغا بەكمۇ مۇھتاج.

ئارىنى جىمجىتلىق ۋە كوڭۇلسىزلىك باستى. خېلىدىن كېيىن بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ مەززەم زات ھېكىم بۇزدى ۋە سۆزگە كىرىشتى.

— پۇقرانىڭ ھوسۇلنى توكمىگەنلىگى ئاشلىق ئەمدىلەتىن ئۇرۇلىۋاتىدۇ، قوشۇلغان ھوسۇلنى بالدۇرراق ئۇقتۇرمىغانلىق يەنە بىر ۋەجى بولماقتا. دەرھەقىقەت، بويۇن تاۋلىق قىلىۋاتقان پۇقرالارمۇ يوق ئەمەس. ئاشلىق يىغىلىپ بولسىلا قولىمىزدا ھوكۇم بولغاندىن كېيىن ھەرنىمە قىلىپ بولسىمۇ ھوسۇلنى تولۇغى بىلەن يىغىۋېلىپ ئۇلۇغلىرىمىزنى خاتىرجەم قىلىشقا جېنىمىز پىدا.

شەنگەن شاغىبەككە تىكىلدى. ئەمىر ئابدۇروسۇل شاغىبەگ ئۆزىدىكى غەزەپنى چىدام بىلەن بېسىپ ئولتۇراتتى. ئۇ، شەنگەننىڭ مۇددىئاسىنى، دېخاننىڭ گوشىنى ئوز ئىچىدىن چىققان مۇناپىقلارنىڭ پىچىغى بىلەن شىلىۋېلىش مەقسىدىگە يەتمەكچى بولۇۋاتقانلىغىنى ھېس قىلغان ئىدى. ئۇ چىرايىغا زور بىلەن كۈلكە يۈگۈرتۈپ گەپكە كىرىشتى:

— ھوسۇلنىڭ توكۇلمىگەنلىگى ئاشلىقنىڭ يىغىلىپ بولمىغانلىغى مۇھىم سەۋەپ ئىكەنلىگىنى ھېكىم جاناپلىرى ئۇچۇر قىلدى،— دېدى شاغىبەگ،— لېكىن بىچارە خەلقنىڭ تۈمەن مىڭ خىل ئالۋاڭ-ياساقتىن ھالسىزلانغانلىغى يەنە بىر سەۋەپ دەپ ئېيتىمەن. پېقىر سەھرالارغا چىقىپ يۇرتنى ئارىلاپ كوردى. خېلى ھاللىق دېخانلىرىمىز ياز بويى ئوزۇق-تۈلۈكتىن قىسىلىپ قاخشىماقتا. ئاشلىق تېخى ئېتىزدا، دېخاننىڭ ئىشىگىگە ھوسۇل سۆيلەپ بېرىش سوگەتتىن ئاموت ئۈزىمەن دېگەن ئەخمەقنىڭ ئىشى بولۇپ قالارمىكىن دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئويلايمەن. ئاۋال ئاشلىق يىغىلسۇن، دېخان خاماندا چەش تەييار-
لىسۇن. شۇڭغىچە نىمە ئىش قىلىپ تۇرۇش توغرىسىدا شەنگەن
دارىنىنىڭ مەسلىھىتىنى ئاڭلاشقا مۇمكىنمىكىن.

شەنگەنگە ئەمىر ئابدۇروسۇل شاغىبەگنىڭ سوزى ياقمىدى، ئۇنىڭ چاپاق قايناپ تۇرغان كوزلىرى شاغىبەگنىڭ ئوتكۇر كوزلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

— شاغىبەگ جاناپلىرىنىڭ قوشۇمچە پىكرى مەن ئۇچۇن تولىمۇ يېڭىلىقتۇر، — شەنگەن مۇغەمبەرلىك بىلەن چىشلىرىنى كورسىتىپ ھىجايدى، — شاغىبەگ بەك سادىدا، تۈز كوڭۇل ئىنسان. ھاللىق دېخاننىڭ ئوزۇقلۇغى تۈگەپ قالدى، دېگەن قانداق گەپ. بىر ھال-لىق دېخان 16 خو ھوسۇلىنى توكەلمىسە، بۇ ئىلىخونى قانداقمۇ "خو"① دېگىلى بولسۇن؟!

سوھبەت تالاش-تارتىشلىق مۇزاكىرە تۈسىنى ئالدى. شەنگەن بىردىن جىددى كەيپىياتقا ئوتتى، يۇمشاقلىق، سىپاپ-سىلاپ ئىش قىلىش ئۇنىڭ نەزىرىدە بۇ يۇرتتا ئاقمايدىغاندەك ئىدى. ئۇ پۇقرا-لارغا قاتتىق قوللۇق بولۇپ ھوسۇلنى ۋاقتىدا يىغىۋېلىش دولەتنىڭ تەغدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش بولۇپ قالغانلىغىنى، شۇ كۈنلەردە ئىلە-دىمۇ خەلق ئىچىدە "بۇزاقى"②لارنىڭ پەيدا بولۇۋاتقانلىغىنى، جياڭ-جۇن جاناپلىرىدىن كەلگەن مەكتۇپتىن ئۇلارنىڭ ماناس، ساندىخوزا، ئۇرۇمچىدىكى "بۇزاقى"لار بىلەن ئالاقە باغلىغانلىغىنىڭ مەلۇم ئىكەن-لىگىنى ئېيتتى، ھوكۇمەتنىڭ بۇنداق "بۇزاقى"لارنى باستۇرىدىغان-

① خو — خەنزۇ تىلىدىكى "خاۋ" دېگەن سوز بولۇپ، ياخشى مەنىسىدە.
② بۇزاقى — بۇزۇق مەنىسىدە.



لىغى، شۇنىڭ ئۇچۇن پەن تامى، مىڭ تەيلەرنىڭ① بۇنىڭدىن تولۇق بەش كۈن ئىلگىرى دارغا ئېسىلغانلىغىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى.

— ئوتكەن پەيشەنبە كۈنى سادىق خىزمەتكارلاردىن بىرى ھوسۇلغا بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقان بۇزاقىلار توقۇپ چىقارغان بىر قوشاقنى پېقىرغا يەتكۈزدى:

ئالىۋاڭ ھوسۇلۇم تولا،
قۇياي دېسەم ئېشىم يوق.
بۇ ھوسۇلنى قويمىسام،
تىرىكلىكتە بېشىم يوق!

— قاراڭلار، نىمە دېگەن زەھەرلىك قوشاق بۇ، قوشاقنى ئاۋام خەلق كوچىدا ناخشا قىلىپ ئېيتىپ يۈرەرمىش. بۇ ئىغۋا جانابىڭلار-نىڭ سەمىگە چۈشمىگەندىمۇ؟!

— پېقىر تولۇق خەۋەردار ئىش، — دېدى مەززەم زات ھىكىم بىرئاز ئوڭۇپ-تاتىرىپ، — بۇ سوگو سادىرىنىڭ ئىچىدىن تامغان زەھەر. ھوسۇلنىڭ يىغىلماسلىغىدا، بەزى پۇقرالارنىڭ بويۇنتاۋلۇق قىلىشىدا بۇ بۇزاقىنىڭ ئارقا تىرەك ئىكەنلىگىگە ئەسلى گۇمانىم يوق.

شەنگەن ھىكىمنىڭ مولچەرىنى باش ئىشارىسى قىلىپ تەستىق-لىدى.

— سوگو سادىرىنىڭ خوتۇنى، ئىككى بالىسى بىلەن قوشۇپ چانە-لىدىغانلىغى جاكا بولدى، خەۋەردار بولغانسىلەر؟

① پەن تامى، مىڭ تەي — ئىلىدىكى توڭگان چوڭلىرى بولۇپ، قوزغىلاڭ كوتىرىشكە كىرىشكەندە پاش بولۇپ دارغا ئېسىلغان.

— بۇ ئىش ھازىر پۈتۈن يۇرت ئەھلىگە مەلۇم.

— سادىر ئۇچىغا چىققان بۇزاقى بولغانلىقى ئۈچۈن سىلەرنىڭ سەمىڭلارغا سالماي بۇ ھوكۇمنى كۇرە دارىنى بىلەن چىقارغان ئىدۇق، — دېدى شەنگەن ئاچچىقتىن چاچراپ تۇرۇپ، — ئۇنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ كەلگەنلەرگە بىر مىليون سوپيۇ① ئىنئام قىلىدىغانلىغىمىزنى ئېيتقان ئىدۇق. بۇگۇن ئۇنى تۇتۇپ كېلىش ئۈچۈن 200 باتۇر چېرىك يولغا سېلىندى. ئۇمۇ جازا مەيدانىغا كەلتۇرۇلۇپ، خوتۇن، بالا-چاقىسى بىلەن بىللە چانىلىدۇ.

سوھبەت سادىرنىڭ خوتۇن، بالا-چاقىسى چانىلىدىغان كۇنى ئىبرەت بولسۇن ئۈچۈن ھوسۇل توكۇشكە بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقانلار كوپرەك قاتناشسۇن دېگەن مەسلىھەتتىن كېيىن ئاخىرلاشتى. سوھبەتنى يەنە داۋام قىلدۇرۇشقا كوزلىرى پۇرۇلۇپ قىزارغان، ئەسەبىلىشىپ تىترەك ئۇلاشقان شەنگەن بەرداشلىق بېرەلمەيتتى، بۇنىڭدىن ئەپيۇن خۇمارىنىڭ قىستىغانلىقى مەلۇم ئىدى، جوزا ئەتراپىدىكىلەر ئۆزىنى بىلىپ ئاستا ئورنىدىن قوزغالدى. شەنگەن مېھمانلىرىنى ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ھوجرىغا كىرىپ تەييار تەھگە جەينەكلەپ، شولانغان ئەپيۇننى ئاچكوزلۇك بىلەن شوراشقا باشلىدى.

3

سۇبھى كوتىرىلىپ، تاڭ ئەندىلا غۇۋا يورۇشقا باشلىغان ئىدى. سەھەرنىڭ سەلكىن شاملى شەبنەم باسقان ئوتلار ئۇستىدىن غۇر-

① سوپيۇ — شۇ چاغدىكى ھوكۇمەت تارقاتقان پۇل.



غۇر ئۇچماقتا. ئەتراپ جىمجىت، پەقەت سەھەرچى تورغايلارنىڭ كوكۇل مەيدانلىق ئۇستىدىن غۇيۇلداپ ئۇچۇپ چوقچۇقلىغان ئاۋازى يېڭى بىر تاڭنىڭ باشلانغانلىغىدىن دېرەك بېرەتتى.

سادىر پالۋان 20 نەچچە ئاتلىق كىشىنى ئەگەشتۇرۇپ، تاڭ سەھەردە روزىمەتيۇزىنىڭ ئاق ئوستەڭ قۇيغىنى ئاستىدىكى چوڭ كورۇكتىن ئوتتى. شەھەر يولىنىڭ كۇن پېتىش تەرىپىدىكى قوناقلىقنىڭ يېنىغا كەلگەندىن كېيىن ئاتلارنى بىرئاز سوۋۇتۇپ، تاسما چۇلۋۇرلىرى بىلەن چۇشەپ ئوتقا قويۇشۇپ، ئوزلىرى يانپاشلاپ ئارام ئېلىپ يېتىشتى.

سادىر خەلق ئارزۇسىنى يۇرەككە تېڭىپ، مانجۇ زالىملىرىنى ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىسيان كوتەرگەندىن كېيىن ئۇچ قېتىم زىندانغا تاشلاندى، قۇمۇلغا پالاندى. ئاخىرى ئۇ تومۇر قەپەزدىن ئۇچۇپ چىققان قۇشتەك قۇتۇلۇپ چىقىپ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە زور غەزەپ ۋە نەپرەت، ئاجايىپ قەھرىمانلىق بىلەن كۇرەشكە ئاتلاندى. شەنگەن ئەسەبىلىشىپ سادىرنى تىرىك تۇتۇپ كەلگەنلەرگە بىر مىليون سوپيۇ مۇكاپات بېرىشنى جاكا قىلدى، ئىز قوغلاپ يېزا-قىرلارغا چىققان چېرىكلەر گوجەيلىرىنى سورەپ، ئاغزى-بۇرنى قان، ئاقساق-چولاق بولۇپ، دەلدەڭشىپ شەھەرگە ئارانلا كىرىۋالاتتى ياكى قازانچى غوللىرىدا يەر چىشلەپ، سوغ يەرنى قۇچاقلاپ يېتىپ قالاتتى.

شەنگەن ئۇسۇلىنى ئوزگەرتتى. يامۇل خىزمەتچىلىرىدىن "نىياز شۇمپەن" دېگەن سادىر بىلەن بۇرۇن كۇرەدىكى زىنداندا بىللە ياتقانلىغىنى نىقاب قىلىپ، "سادىرغا قوشۇلىمەن" دەپ ئۇچ ھەمرايىنى ئېلىپ سادىرنىڭ ئويىگە چىقتى. شەرۋانىخان بۇ ئىشتىن بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كۈن ئىلگىرى خەۋەر تېپىپ ئۆزىدىن يىراق تۇرۇۋاتقان سادىرغا يەتكۈزدى. سادىر شۇ كېچىسى يوشۇرۇنچە تۆت-بەش ھەمرا بىلەن كەلدى. نىياز شۇمپەنىنى يالىڭاچلاپ، يۈز-كۆزىنى قاپ-قارا بوياپ، مىنىپ كەلگەن ئېتىغا تەتۈر مىندۈرۈپ، چىرماپ باغلاپ شەھەرگە يولغا سالدى. ئۇنىڭ ھەمرالىرى سادىرغا قوشۇلۇپ قازانچى غولىغا چىقىپ كەتتى. بۇ ئەلەملىك ئىش شەنگەنگە ئۆلگەننىڭ ئۈستىگە تەپمەك بولدى. دەرھال ئون چېرىك چىقىرىپ شەرۋانىخاننى ئۇنىڭ ئىككى ئوغلى — ئىگەم قۇل، دەۋران قۇل بىلەن تۇتۇپ كېلىپ زىندانغا تاشلىدى. بۇلارنى ئۆلتۈرۈش جاكاسى زىنداندىكى سوراقتا سادىر ھەققىدە تېگىشلىك مەلۇمات ئالالمىغاندىن كېيىن چىقىرىلغان ئىدى. ئەمما بۇ ئىشتىن سادىر ۋاقتىدا خەۋەر تاپتى.

ئۇلار بىرئاز ئارام ئالغاندىن كېيىن بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى بېسىپ سۈپ-سۈزۈك ئاق ئۇستەڭنىڭ بويىغا كەلدى. قىردا چوقچىيىپ ئولتۇرۇپ يۈزىنى يۇيۇشتى. ئاندىن پۇتلىرىغا تۈگۈپ ئالغان قاتتىق نانلىرىنى سۇغا چىلاپ ئىۋىتىپ ئىشتىھا بىلەن يېيىشتى.

— ئوتنى مەن تۇتتۇم، شەنگەننىڭ بىگىسى بولسا مەن بىلەن ئېلىشسۇن، نېمە ئۈچۈن خوتۇنۇم، باللىرىمنى چانىماقچى بولىدىكەن؟ — سادىر ئۇستەڭ قىرىدا ئولتۇرۇپ غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى. — ياق، بېشىم ئامان بولىدىكەن، بۇ سۇيىقەستنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا يول قويمايمەن.

سادىر ئۆتكۈر كۆزلىرىنى يۈگۈرتۈپ، ھەممە ئەتراپقا بىر نەزەر سېلىپ چىقتى. سەل كەينىگە چۈشۈپ قالغان جىيەكلىك ئاق مالىخىيىنى قىرلاپ قويۇپ، سېپىغا سېرىق سىم ئورالغان قامچىنى ئالقىنىغا ئېلىپ سىقىمداپ چىڭ تۇتۇپ ئولتۇراتتى. ھەمرالىرى ئۇنىڭ سۆزىنى



دىققەت بىلەن تىڭشايتتى.

— بىزدە نىياز شۇمپەندەك مۇناپىقلارمۇ بار، ئەمما "ھوشىشەرە" دەپ ئىشىمىزغا يار-يۆلەك بولىدىغان ياخشىلار، مەسىلەن، ئەمىر ئابدۇرۇسۇل شاغبەگ، موللا ناسىر ئەلەم ئاخۇنۇمدەك ئادەملىرىمىز مۇناپىقلاردىن كۆپ. بىز بۇنداق ئادەملەر بىلەن بىرلەشسەك، ئۇلارنىڭ خەلقنى تەشكىللەش، باشقۇرۇش ماھىرلىقىنى ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرساق، شەنگەن-دارىنلارنى داغدا قالدۇرىدىغانلىقىمىزدا گەپ يوق.

— ھوي سادىركا، سەن دېگەن ئۇ زاتلار مانجۇ تەختىنىڭ بىر بۇرجىكىدىن بولسىمۇ ئورۇن تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، ئۆز بەختىنى قۇربان قىلىپ بىز بىلەن بىللە بولارمۇ؟ — دېدى ياش شىريازدان.

— بىز تۈنۈگۈن چىققان "باتۇر چېرىكلەر"نى تېرى-پىرەك قىلىپ، بۈگۈن بۇ يەردە خاتىرجەم ئولتۇرۇشىمىز نىمىدىن؟ — دەپ سادىر شىريازدانغا ئەھۋالنى چۈشەندۈردى. — شاغبەگ قاتارلىقلار بىزگە ئالدىن خەۋەر بەردى، بىزمۇ بۇ ئەبلەخلەرنى ئەپلەش يوللىرىنى ئالدىنالا تەييارلاپ قويدۇق. شەنگەن بىزنى نەچچە مىليون سوپيۇ خەجلەپ تۇتالمىغان ئىدى. بۈگۈن بىز قىلىچ ئوينىتىپ جازا مەيدانىغا ئۆزىمىز كىرمەكچى بولىۋاتىمىز. بىز قانداق قىلىپ بۇ ئىشلارنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرالىدۇق؟ زالىم مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ زۇلمى خەلقىمىزنى ئۇيۇلتاشتەك ئۇيۇشتۇردى ئۇكا، خەلقنىڭ قەلبى بىز بىلەن بىللە.

سادىر بۇ گەپلەرنى ئۈستۈن روھ بىلەن ئېيتتى. ھەمرالىرىمۇ ئۇنىڭ سۆزىدىن تەسىرلىنىپ روھلانغان ھالدا ئورۇنلىرىدىن قوزغىلىپ ئاتلارغا قاراپ ماڭدى. ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرى مۆلچەر قىلىنغان

ۋاقىتتا جازا مەيدانىغا يېتىپ بېرىپ باتۇرلۇق بىلەن پاراسەتنى ئىشلىتىپ، شەرۋانىخان ۋە ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئۆلۈم تەقدىرىدىن قۇتۇلدۇرماقچى ئىدى. شىريازدان تورۇق قاشقا ئاتنىڭ ئېغىزدۇرۇقلىرىنى سىلىپ، ئۇلاغلىرىنى چىڭىتىپ سادىرنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

سادىر كۈن چىقىشقا—خۇددى شىردەك سوزۇلۇپ ياتقان ئاۋرالغا، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى ئالتۇندەك يالتىراپ تۇرغان قۇياشقا، قۇياش نۇرىغا چۆمۈلۈپ تۇرغان گۈزەل ئىلى ۋادىسىغا ئۈن-تىنسىز، زوق بىلەن تىكىلىپ، ناماز قىيامدا تۇرغاندەك بەستلىك قامىتىنى تىك تۇتۇپ قاراپ تۇرماقتا ئىدى. ئۇنىڭ قوشۇملىرى تۈرۈلۈپ، سوزۇلغان قاشلىرى ھىمىرىلدى. ئۇ مۇنۇ قوشاقنى پىچىرلىدى:

ئىلى ئۆلكىسى دەيدۇ،
ئوتتۇرىسى ئاب-راۋان تاغ.①
تاغلىرىدىن ماي ئاقار،
ئەتراپلىرى شەرۋەت باغ.

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى، بۇرۇلۇپ شىريازدانغا قارىدى.

—كەچ قالمىدۇقمۇ سادىركا؟—دىدى شىريازدان سادىرغا خۇش چىراي بىلەن قاراپ.

—ياق،—دىدى سادىر، ھازىر جاۋاپ سوز قىلىپ،—كۈن تېخى ئەتىگەن، شەھەرگە كىرىپ، جۈمە نامىزىنى ئوقۇپ، ھەدەڭنى شەنگەنگە پەتە ئوقۇتۇپ، بازاردىن ئوتياش ئېلىپ كوچۇرۇپ چىقساق، ھەدەڭ بۇ يەرگە كېلىپ بىزگە لەگمەن ئېتىپ بېرىشكىمۇ ئۈلگۈرىدۇ ئۇكا،—دىدى سادىر چاقچاق قىلىپ.

① ئاب-راۋان—سۈيى راۋان دىگەن مەنىدە.



لېكىن ئۇنىڭ يەنە بىر ھەمرىيى ئازنىباقى سەل جىددىيلىشىپ قالدى بولغاي ئەتىمالىم، سادىرنىڭ گەپلىرىنى ماقۇل كورمىگەن ئاھاڭدا سوز قىلىپ:

—چاققانراق بول سادىر، ۋاخ قالدۇق ھوي،—دەپ ئۈنلۈك ئاۋازدا ئېيتتى.

—تولا قاينىماي ئاستىراق ۋاقىرا،—سادىر ئازنىباقى بىلەن چېقىشىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى،—توخۇ يۈرەك، قورقۇۋاتامسەن نىمە؟

ئازنىباقى كوزلىرىنى ھەيىيارلارچە ئويىنىتىپ سادىرغا مەنىلىك قارىدى. سادىر شۇ تاپتا ئۇنىڭ كوڭلىدە كېچىۋاتقان خىيالنى دەرھال سەزدى. ئۇنىڭ ھىلىلا قىلغان سوزىدىكى "قاينىما" دىگەن گەپ ئالدىراشلىقتا ئۇنىڭ ئېغىزىدىن چىقماي دىمىغىدىن چىققاندەك تەسىرات پەيدا قىلغانلىقىنى سېزىپ چاقچىقىنى داۋام قىلىپ دىدى:

—كۈلمە ھوي شەيتان،—دىدى ئۇ ئاتنىڭ بېشىنى شەھەر تەرەپكە قاراپ بۇراپ تۇرۇپ،—ئاكاڭنىڭ بۇنچىلىك ھۈنىرى بولمىسا سادىر ئېتىمغا شوھرەت قوشۇپ "خاگرۇق"① دەپ داڭ چىقارمايدۇ! جۇرۇڭلار ئاغىنىلەر، كەتتۇق...

ھەممە تەڭ كۈلۈشتى، يولدىن چاڭ-توزاڭ ئۇچۇرۇپ، شەھەرگە قاراپ ئاتلارنى بولۇشچە چېپىپ كېتىشتى.

## 4

غۇلجا شەھىرى ئىگىز سېپىل ئىچىگە ئورۇنلاشقان، شەھەر خەلقى

① خاگرۇق—سادىرنىڭ لەقىمى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خەنزۇچە پەشتەقلىق قىلىپ يېپىلغان ئاركىلىق چوڭ قوش دەرۋازىدىن قانناپ سىرت بىلەن ئالاقە قىلىدۇ. شەھەرنى ئوراپ سوققان سېپىل ئۈچۈن توپا ئېلىنغان خەندەكلەر ناھايىتى كەڭ ۋە چوڭقۇر بولۇپ، بۇ يەر توختام سۇ ۋە شەھەر ئىچىدىن ئېلىپ چىقىپ توككەن ئەخلەت-چاۋالار بىلەن چىرىپ سېسىپ پاسكىنىلىشىپ تۇرىدۇ.

ئۆلۈم جازاسى ھوكۇم قىلىنىدىغان جىنايەتچىلەرنىڭ تولىسىنى شەنگەن ئۆز داتىڭدا سوراق قىلىپ، شۇ يەردە ھوكۇم ئېلان قىلىدۇ. ھوكۇم كۆرە دەرۋازىدىن چىققاندىن كېيىن سېپىل ياقىسىدىكى خەندەك بويىدا ئىجرا قىلىنىدۇ. "قىلمىش-گۇنالىرى چوڭ، پۈتۈن يۇرت ئىبرەت ئالمىسا بولمايدىغان گۇناكار"لارنى سېپىلنىڭ سىرتىدا سەھنە ياساپ، "ئىبرەت ئالسۇن" ئۈچۈن پۈتۈن خەلقنى قاتناشتۇرۇپ شەنگەن ياكى چوڭ ئەمەلدارلاردىن بىرسى سوراق قىلىپ، ھوكۇم ئېلان قىلىدۇ، ئاتىدۇ ياكى چاپىدۇ.

شەرۋانىخان سوراق قىلىنىدىغان جازا سەھنىسى دەڭ دەرۋازىدىن چىقىپ ئازراق ماڭسىلا يەتكىلى بولىدىغان تېرەكلىك ئارىسىدىكى ئۇچۇق مەيدانغا قۇرۇلغان ئىدى. سەھنە سەككىز تال لەرنى تىكلەپ ئاددىيغىنا ياسالغان، ئەتراپلىرى بورا بىلەن تورالغان، سوراقچى ئۈچۈن سەھنىنىڭ ئالدى تەرىپىگە قارا سىرلانغان توت چاس جوزا، جوزا ئۈستىگە بىرنەچچە پالاق قويۇلغان ئىدى. شەرۋانىخان جازا مەيدانىغا ئىلگىرىكى مەھبۇسلارغا ئوخشاش كوچىدا يالاپ، تاماشىچى توپىنى ئولاشتۇرۇپ ئاشكارا ئېلىپ كېلىنمەي، ئالدى يېپىق سايۋانلىق مەپىدە خۇپىيانە كەلتۈرۈلدى.

بىگۇنا ئايال ئۈچۈن يۈرەكلىرى ئۆرتەنگەن خەلق ئۇنىڭ ئەتراپىغا دۈكۈرۈشۈپ كېلىشكە باشلىدى. بويۇنلىرىغا قىلىچ، قارا



مىلتىق ئاسقان چېرىكلەر تەۋرەپ كېلىۋاتقان خەلقنى چەتتە تۇرۇشقا بۇيرۇپ، ۋاقىراپ-جاقىراشماقتا ئىدى.

ئادەتتە ئادەم ئاتقاندا تاماشىچى ناھايىتى ئاز چىقاتتى، ئادەم چاپقاندا بولسا كوپ چىقاتتى، بۇنىڭ سەۋەبى، ئادەم چاپقۇچى جاللاتلار بۇ يەردە ئۆز ماھىرلىقىنى كورستىشەتتى. ئۇلار ئالدى بىلەن گۇناكارلارنى تىزلاندۇرۇپ ئولتۇرغۇزىدۇ، ئاندىن جاللات بىر پۇتىنى كوتىرىپ، بىر تۇرلۇك ماھىرلىق بىلەن ئۇزۇن غىلاۋىدىن قىزىل پوپۇكلىك، ئوتكۇر قىلىچىنى "شارت" قىلىپ سۇغۇرۇپ ئالىدۇ، قىلىچنى ئايلاندۇرۇپ، كۇن نۇرىدا يالتىرىتىپ چامباش ئارىلاش قىلىچ ئويۇنى كورستىدۇ. ئويۇن ئارىسىدا خەلق توپى ئىچىدىكىلەرنىڭ بىر-ئىككىسىنىڭ بېشى ئۈستىدىن قىلىچنى يالغاندىن چاپقاندەك قىلىپ ئوتكۇزىدۇ. موللاق ئېتىپ يەنە قىلىچ ئويۇنى كورستىدۇ. گۇناكارمۇ تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ. جاللات تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا قىلىچ ئۇرىدۇ، ئۈزۈلگەن باش پوكزەكتەك قاڭقىپ يەرگە چۈشىدۇ. جاللاتلارنىڭ يەنە بىرسىنىڭ قولىدا يوغان، ئاق جىڭموما بولۇپ، باش كەسكەن جاللات قانلىق قىلىچنى جىڭمومىغا سۈركەپ ئۇنىڭدىن بىر چىشلەم يەيدۇ، قالغان جاللاتلارمۇ يېيىشىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار قانغا تويۇپ، يۈرىگى توختاپ، باتۇرلۇغىنى ئاشۇرغان بولىدۇ.

لېكىن بۈگۈن تېرەكلىكتىكى خەلق توپى ئادەتتىكىدىن كوپ ئىدى. كوپلىگەن خەلق "كاللا كېسىش تاماشىسىنى" كورۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۆزلىرى سويگەن پالۋاننىڭ بىگۇنا ئايالى بىلەن ۋىدالىشىش ئۈچۈن كەلگەن ئىدى.

شەرۋانىخان سەھنە ئالدىغا كەلتۈرۈلدى. ئوغۇللىرى بېشىغا كېلە-

ۋاتقان بالايى-ئاپەتتىن گاڭگىراپ، قوي كوزلىرىنى مولدۇرلىتىپ
ئانىسىنىڭ ئىككى يېنىدا تۇراتتى. شەرۋانىخانىنىڭ بىلەكتەك ئىككى
قارا ئورۇمە چېچى چۇگۇلغان، ئۇنىڭ بىرسى ئالدى تەرەپكە، يەنە
بىرسى ئارقىسىغا تاشلانغان، چولپان كوزلىرىنىڭ ئاقلىرى بىرئاز
قىزارغان، قاڭشارلىق بۇرنى ئۇچىدا بولسا تەر تامچىلىرى دانە-
دانە يالتىراپ تۇراتتى. بىر پەستە سەھنە ئۈستىگە ئۇزۇن كوك
تاۋاردا چاكىزا، بېشىغا بىر ئوقغاتلىق قالپاق جۇگىزا كىيگەن ئۇزۇن
ئورۇمە چاچلىق ۋاڭ دارېن چىقتى. تۇگچىغا ئىشارەت قىلىپ شەرۋا-
نىخانىنى سوراق قىلىشقا باشلىدى:

— ئېتىڭ نىمە سېنىڭ؟!

— ...

— ھەي، پاكمۇ سەن، ئېتىڭ نىمە دەۋاتىمەن؟!

— ئىككى ئايدىن بېرى مېنىڭ ئېتىمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى
بىلۋالالمىدىڭمۇ؟ — دىدى شەرۋانىخان ھىچ ئەيمەنمەي تەمكىنلىك
بىلەن.

شەرۋانىخانىنىڭ جاۋابىنى ئاڭلىغان خەلق بىر بىرىگە كوز يۈگۈر-
تۈپ خۇپپىيانە كۈلۈۋېلىشتى.

ئەمما ۋاڭ دارېن قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتكەن ئىدى. شۇنداق-
تىمۇ ئۇ، ئۆزىنى بېسىپ، سىپايى ئاھاڭدا:

— ھەي ياڭگاڭزا، بۇ سوراق رەسمىيىتى، ئالدى بىلەن ئېتىڭنى
ئېيت، — دىدى.

شەرۋانىخان غەزەپ بىلەن، ھەممە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، ئۇنلۇك
ئاۋازدا "شەرۋانىخان!" دىدى.

— داداڭنىڭ ئېتى نىمە؟



— موللا توختى.

— سەن قايسى يۇرتتىن؟

— موللا توختى يۇزىدىن.

— سادىرغا تەككىلى نەچچە يىل بولدى؟

— 15 يىل.

— ھازىر سادىر نەدە؟

— مەن ئىككى ئايدىن بېرى زىنداندا، سادىرنى سەن بىلمىسەڭ
مەن نەدىن بىلەي.

ۋاڭ دارېننىڭ جۇدۇنى قورىدى، شەرۋانىخانىنىڭ شۇ تۇرقىدىن
سادىرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلىش، نىياز شۇمپەنىنىڭ ئويىگە
بارغانلىغىنى سادىرغا خەۋەر قىلغانلىغىنى ئىقرار قىلدۇرۇش، سادىر-
نىڭ قانداقچە يوشۇرۇن كېلىپ كەتكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ھازىر يۇرت
ئىچىدە ھوسۇل توكۇشكە بويۇنتاۋلۇق قىلىۋاتقان، ماناس، ساندۇخو-
زىدىكى چېرىكلەرگە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىشكە پۇتلىكاشاڭ بولۇۋات-
قان "بۇزۇقى"لار بىلەن قانداق ئالاقە قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىدىن
مەلۇمات ئېلىش مەقسىدىگە ئېرىشەلمەيدىغانلىغىنى ھىس قىلىپ،
دۇرداي كالپۇكلىرىنى لىپىلدىتىپ جىنىنىڭ بېرىچە "دا، دا" دەپ
ۋاقىرىدى.

چېرىكلەر چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، غولاچلىرىنى كېرىپ، ئادەم
ئۇرىدىغان پالاقلىرىنى ھاۋاغا كوتەردى. بالىلار "ئاپا" دەپ ئوزىنى
ئاتتى. خەلق غەزەپتىن داۋالغۇپ، خۇددى قىرغاقتا ئۇرغان دېڭىز
ئۇركىشىدەك سەھنە تەرەپكە قاراپ سىلجىشقا باشلىدى.

— ھەي ياڭگاڭزا، جازا يېنىكلىتىلىدۇ، سەن بىلگەننى يوشۇرماي
ئېيت، — دىدى دارېن يەنە.

— مەن زىنداندا، ھېچنېمە بىلمەيمەن!

— ھەي دارىن، راست گەپ، بۇ خوتۇن ھېچنېمە بىلمەيدۇ، — دېگەن سالماقلىق، يوغان ئاۋاز بىردىن كوپچىلىكنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. ھەممە ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا ئاۋاز چىققان تەرەپكە قارىدى. ئاق سەللە يوگىگەن، قامەتلىك، ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي ئاستىدىكى ئاتنى كۆچلۈك قامچىلاپ، توپنى يېرىپ ئۆتۈپ شەرۋا-نىخانىنىڭ ئارقىسىغا كېلىپ توختىدى.

— سەن، س...ەن كىم سەن، بۇ ئىشقا ئارىلىشىدىغان، — دېدى دارىن بۇ ھادىسىدىن ئىسەنكىرەپ.

— مېنى تونىمايسەن دارىن، بۇ ئايالنىڭ يۇرتلۇغى بولىمەن، — دېدى ئاپپاق ساقاللىق بوۋاي، — بۇ خوتۇن ھەقىقەتەن ھېچنېمىنى بىلمەيدۇ. مەسىلەن، نىياز شۇمپەن ئۆيگە كەلدى دەپ بۇ خوتۇن سادىرغا خەۋەر قىلغان ئەمەس. سادىر ئۆزى كەلگەن، بۇگۈن سادىرغا كىم خەۋەر قىلدى، باغلاقلىق تۇرغان مۇشۇ خوتۇنما؟ سادىر يەنە ئۆزى كەلدىغۇ!

— ھە،...سادىر كەلدى؟ — دارىن ئالاقىزادىلىك ئىچىدە قاتتىق ۋاقىرىۋەتتى.

— ئەكە بىر ملىيون سوپيۇنى، سادىرنى مەن تۇتۇپ ئەكەلدىم. بۇگۈن بۇ جازا مەيدانىدا كاللىسنى ئېلىپ، شەنگەننى خوش قىلىپ نۇرغۇن ئىنئاملار ئالىسەن!

— سا؟

— مەن سا ئەمەس، بۇركۇت! سەن سا بولساڭ يەيدىغىنىڭ چۈجە، بىكارلا بۇ يوغان مىكىيانغا ئېسىلىپسەن، مەرىسقىڭنى، چۈجىنى قولۇڭغا ئال.



بوۋاي قولىنى ساقىلىغا ئاپىرىپ، ئاپپاق ساقىلىنى يۇلۇپ ئېلىپ سەھنىدىكى دارىنغا ئاتتى. بۇ ھالدىن ھەيران بولغان خەلق ئات ئۈستىدىكى ئادەمنى تونۇپ، خوشاللىق بىلەن ئىختىيارسىز "سادىر" دەپ ۋاقىراشتى.

— ھەي دارىن، رەھىمسىز ئەبلەخ، — سادىر دىۋەيلەپ سەھنىنىڭ ئالدىغا ئېتىنى دىۋىتىپ كەلدى. ۋاڭ دارىن ئىسەنكىرەپ غال-غال تىترەپ كەتكەن ئىدى، سادىر غەزەپ بىلەن سوزىنى داۋام قىلىپ، ئاندىن مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

مولىلىغا بەردىم ئۇقى، دەپ،
بورچىغا بەردىم توقى، دەپ.
كىم سېنى خوراز قىلدى،
مىكىيانىنى چوقى، دەپ.

سادىر قوشاقنى ئاخىرلاشتۇرۇپ، "شارت" قىلىپ قويىنىدىن قىسقا، مۇشتۇمدەك بېشى باز تىۋىلغا چوماقنى چىقاردى. شەرۋانىخانىنى يالاپ ئىككى چېتىدە تۇرغان چېرىكنىڭ باشلىرىغا كۈچ بىلەن ئۇر-دى. بۇنى كورگەن دارىن "ئەييا" دەپ قوللىرىنى كوتىرىپ ئارقى-سىغا شوخشىدى. خەلق توپى دەريادەك داۋالغۇپ ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. سادىر پالۋان قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ "كەل شەرۋان" دەپ، باغلاقلىق شەرۋانىخانىنى يەردىن يۇلۇپ ئېلىپ، ئىگەنىڭ ئالدىغا يېنىچە ئولتارغۇزۇپ، توپنى يېرىپ چىقىپ كەتتى. ياش شىريازدان بىلەن ئازنىباقى ئۇنىڭ ئىككى بالىسىنى ئىگەنىڭ ئالدىغا ئېلىپ، ئاتلىرىغا قامچا سالدى...

1863-يىلىنىڭ ياز پەسلى. كوز باغلىنىپ قاش قارايغان چاغ. ئىگىز تاغ غارلىرىدا، تاشتىن ياسالغان ئوچاقلارغا ئېسىلغان مىس قازانلاردا

كېيىك گوشى ئىشتىھانى غىدىقلىغۇدەك پۇراق چىقىرىپ قايناپ تۇراتتى، مايلىق ئارچا خۇش پۇراق چىقىرىپ لاۋۇلداپ ياناتتى. گۈلخان ئەتراپىدا توپ-توپ بولۇپ، بەستلىك كىشىلەر ئولتۇرۇشماقتا. ئۇلار بىر كۈنلۈك جەڭ ئۈستىدىن ھەۋەس بىلەن گەپ ئېچىپ، دۇنيادىن بىغەم ھالدا گوڭۇر-مۇڭۇر سۆزلەشمەكتە. يىراقتىن ناخشا ئاۋازى كەلدى. ئاي كۆتىرىلىپ تاغ ئىچى يورۇپ قالغان، ئىگىز خادا تاشلار، قويۇق ئورمانلار يېشىل چۆپلەر ئۈستىگە ئالابۇلماش سايە چۈشۈرۈپ تۇراتتى...

..............................

..............................

كىم سېنى خوراز قىلدى،
مىكىياننى چوقى، دەپ.

ھەممە بىر پەس شۈك بولۇپ، قۇلاقنى قازانچى غولى تەرەپكە تىكتى. جىمجىت كېچىدە شاقىراپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىنىڭ ئۈستىدىن بېسىپ سادىرنىڭ ئاۋازى كېلەتتى. ئىسيانكارلار جانلىنىپ، خوشاللىق تەنتەنىلىرى قىلىشتى. ناخشا سادىرنىڭ غەلبىسىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇلار ئىختىيارسىز ئالدىغا قاراپ مېڭىشتى. بارغانسېرى تىكلىشىپ ئىگىزلەپ كېتىۋاتقان قاپتالدىكى چىغىر يولدا سادىر، شەرۋانىخان ۋە ئۇلارنىڭ ھەمراھلىرى كۆرۈندى. يەرگە گۈگۈم چۈشۈش بىلەن جىمىپ قالغان تاغ قاينام-تاشقىنلىققا چۆمدى...

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 3-سانىدىن)



# گۈلزارلىق ھويلىدىكى كىشىلەر

قەييۇم تۇردى

## 1. سەيلىگاھ

شەھەر مەركىزىگە يېقىن تۈپ-تۈز كەتكەن يان كوچىدا شەھەرلىك ئۆي-جاي ئىدارىسىگە تەۋە چاققانغىنا بىر قورا بولۇپ، بۇ يەردە جەمى ئون ئىككى ئائىلىلىك ئوقۇتقۇچى، دوختۇر، ماگازىن خادىمى ۋە ئىشچى-كاسىپلار كۆپ يىللاردىن بۇيان خولۇم-خوشنا بولۇپ بىللە ئولتۇرۇپ كەلمەكتە.

كىشىلەر بۇ قورانى "گۈلزارلىق ھويلا" دەپ ئاتىشاتتى. ئېيتقاندەك، قورانىڭ دەرۋازىسىدىن ھويلا ئىچىگە قارىغاندا، چىنىدەك تاپ-تازا ھويلا سەيناسىنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاقارتىلغان ئاپپاق ئۆيلەر، ئۆيلەرنىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرى ئالدىدا ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا-رەڭ گۈللەر پۈتۈن قورانى قاپلىغان ھالدا 5-ئايدىن تاكى 10-ئاينىڭ ئاخىرىغىچە ئوتقاشتەك تاۋلىنىپ جۇلالىنىپ كۆزگە چۈشەتتى ۋە ئۇ يەردىن خۇش بۇي گۈل پۇراقلىرى ئەتراپقا تارىلىپ تۇراتتى.

يولدىن ئۆتكەن-كەچكەن كىشىلەر گۈلزارلىق ھويلىغا ھەۋەس قىلىپ قارىشىپ:

—قانداق ياخشى تەبەتلىك كىشىلەر-ھە! نىمە دىگەن چىرايلىق، تەكشى ئېچىلغان گۈللەر... بۇ يەردە تازىمۇ كېلىشىملىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوشنىلار ئولتۇرسا كېرەك، — دەپ سەممى ماختىشاتتى...

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى باشلىنىپ، ئاز ۋاقىتتىن كېيىن گۈلزارلىق ھويلىدىكىلەرنىڭ گۈلگە بولغان ئىشتىياقىغا دەز كەتتىمۇ ياكى گۈل سەيلىسى قىلىشقا ھەپىلىسى بولماي قالدىمۇ، ئىشقىلىپ، ئىشىك-دەرىزىلىرى ئالدىدىكى گۈللۈكلەرنى بىردىن، ئىككىدىن بۇزۇپ-تۈزلەپ، ئورنىغا تام چورۇپ، چايخانا، ئىگىز-پەس كىچىك يان ئۆيلەرنى سېلىشىۋالدى. ئىككى يىلغا قالماي گۈلزارلىق ھويلىنىڭ ئەسلىدىكى ئىسكەتى ئۆزگىرىپ-قاغجىراپ، گۈلزارلىقتىن ئەسەرمۇ قالمىدى...

"گۈلزارلىق ھويلا"نىڭ ئاخىرقى بۇرجىكى—شەرقىي تام تەرەپتە باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى مۇتەللىپ ئولتۇرىدۇ. پەقەت مۇشۇ ئادەملا نىمە ئۈچۈندۇ ئۆز گۈللۈكىنى بۇزمىدى، تام قوپۇرۇپ چايخانا، يان ئۆيمۇ سالمىدى. ئەمما، ئۇمۇ ئۆز گۈللۈكىنى خېلى يىللارغىچە پەرۋىش قىلىشقا مۇۋەپپەق بولالمىدى. شۇنداق بولسىمۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ ئىشىك-دەرىزىسى ئالدىدا ياز كېلىشى بىلەنلا بىرنەچچە تال گۈلنىڭ چىرايلىق ئېچىلىپ تۇرغانلىقىنى كورەتتى...

گەپنى مۇتەللىپتىن باشلايمىز:

مۇتەللىپ ئۆزگىچە مىجەز-خۇلۇقلىق، ئىخلاس-ئەقىدىگە ئىگە ئادەم. مۇتەللىپ توغرىسىدا گەپ-سۆز بولۇپ قالسا، گۈلزارلىق ھويلىدىكى بەزى ياشانغان كىشىلەر:

— ئوھۇ... مۇتەللىپ ئەپەندىمنى دەمسىلەر؟ ئاجايىپ ئېسىل ئادەم ئۇ، بۇ ئىقلىمدا ھېچكىم ئۆز كەسپىگە مۇتەللىپتەك پىششىق بولمىسا كېرەك. ئۇ ئوقۇتقان بالا ئىككى-ئۈچ ئايدىلا ساۋاتلىق بولىدۇ. ئاتا-ئانىسىنى جېنىدىن جاق تويغۇزغان بىۋاش-كەپسىز



بالىمۇ ئۇنىڭ قولىدا يىكتەك تۈزۈلۈپ، ئەقىللىق، ئەدەپلىك بولۇپ ئۆزگىرىدۇ. بىز ئاڭلىدۇق، ئۇنىڭ سىنىپىدا توقسان بەشتىن توۋەن نومۇر ئېلىپ ئوقۇيدىغان بىرمۇ بالا يوقكەن، — دەپ تەرىپىنى قىلىشاتتى. يەنە بەزىلەر بولسا:

— ئەقىدە — ئويۇن گەپ ئەمەس. مۇتەللىپ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا مۇئەللىم بولۇشقا ئەھدە قىلغان ئىكەن. كېيىن ئۇ دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇپتۇ. دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقاندىن تارتىپ، ئۇنىڭ قاق سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپ يۈگۈرىدىغان، تورنىك ئويناپ، توپ تېپىپ بەدەن چىنىقتۇرىدىغان ئادىتى بار ئىكەن. قورايىمىزغا كوچۇپ كەلگىلى يىگىرمە يىلچە بولدى، يېشى قىرىققا بارغاندۇ. شۇندىن بېرى قانچە-قانچە ئۆزگىرىشلەر، كوكۇللۇك-كوكۇلسىز ۋەقەلەر بولۇپ ئوتتى. ئۆيلەندى. لېكىن، ئۇنىڭ سەھەر تۇرۇپ چېنىقىش ئادىتى بىر كۈنمۇ ئۆزگىرىپ باقمىدى. سەۋەپ، بۇ بىر خىل ئەقىدە، ئادەت-دە! — دېيىتتى.

بۇ، راست ئىدى.

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ قالايمىقانچىلىقى راسا ئەۋجىگە چىققاندىمۇ، ئۇ ئۆز ئادىتىنى تاشلىمىدى. ئەكسىچە، مەيدانغا بېرىپ چېنىقىش مۇمكىن بولمىغاندا، ئىشىگى ئالدىدىكى گۈللۈك ئورنىنىڭ بىر قىسمىنى ئەتىگەنلىك چېنىقىش مەيدانى قىلىپ راسلىۋالدى-دە، ئەتىگەنلىك چېنىقىشنى بىر ئىسكەتتە داۋام قىلدۇردى.

شۇنداق بولغاچقا، "گۈلزارلىق ھويلا"دا مۇتەللىپتىنمۇ سەھەر تۇرۇپ كېتىدىغان ھېچكىم يوق ئىدى.

بىراق، كېيىنكى ئۈچ-توت يىل مابەينىدە، ئۆيلىرىنىڭ ئىشىك-دەرىزىسى بىر بىرىگە قارىشىپ تۇرىدىغان ئۇدۇل خوشنىسى ئەمەت

ئۇستا، گويا مۇتەللىپ بىلەن مۇسابىقىگە چۈشكەندەك، كۈتۈلمىگەندە، ئورنىدىن بارغانچە سەھەر تۇرۇپ كېتىدىغان بولدى. دەسلەپكى يىلى بىر مەزگىل بۇ ئادەم سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا قولىغا سۇپۇرگە ئېلىپ، ھويلا-ئارامنى چىنىدەك تازىلاپ، سۇ سېپىپ كۆك مۇزدەك قاتۇرۇپ يۈردى. كېيىنرەك ئىشىك-دەرىزىسى ئالدىغا گۈللۈكنى بۇزۇپ چورۇۋالغان مايماق تام بىلەن قىيسىق ئۆينى بىر ئەتىگەندىلا تۈيۈقسىز بۇزۇپ تاشلىدى-دە، بىرمۇنچە ۋاقىت ئەجرى قىلىپ، كىچىكرەك ئىككى ئېغىز ئۆي ئورنى كېلىدىغان بوش يەردە رەڭمۇ-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللۈك بىنا قىلدى.

ئەمەت ئۇستا كېيىنكى ئىككى يىلدا گۈلگە شۇنچىلىك ئىشقىۋازلىق بىلەن بېرىلدىكى، ئۆيىگە كىرىپ-چىقىدىغان يېرىم مېتىرچە كەڭلىكتىكى يولدىن باشقا، ئىشىك-دەرىزە ئالدىنىڭ ھەممە يېرى گۈلزارلىق سەيلىگاھ بولۇپ چىراي ئاچتى. تاملارغا يېپىشىپ، يېپىلارغا يامىشىپ ئۆسىدىغان قۇلماق، ھەشقىپىچەك گۈللىرى سوسۇنە، قىزغۇچ ۋە كۆپ-كۆك رەڭلىنىپ ئەتراپنى قاپلىدى. ئۇ، يەنە ئەللىك-ئاتمىشچە تەشتەك، سوغا ۋە كونا چىلەكلەرنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قىش-ياز ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللەرنى كۆچۈرۈپ، گۈلزارلىقنىڭ ئالدىغا قاتار قىلىپ تىزىۋەتتى...

خولۇم-خوشنىلار ئەمەت ئۇستىغا ھەيران ئىدى. دەسلەپتە، بەزىلەر، ئۇنىڭ ئەسلىگە كەلگەن گۈلزارلىقىغا قىزىقسىنغان ھالدا يىراقتىن نەزەر سېلىشىپ:

—ئەمەت ئۇستا قالتىسقۇ. خۇددى كىرپە تىكىنىدىن گۈل ئۈندۈرگەندەك، تۈيۈقسىز ئۇنى يەنە گۈل خۇمارى تۇتتىغۇ...—دېيىشسە، بەزىلەر:



—نىمە دېگۈلۈك، ئادەم ئۆزگىرىمەن دېسە، ئۆزگىرىدىكەنغۇ... ئەسلىدە قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان تۈزۈكلا ئادەم ئىكەن... تۇۋا...—دەپ يۈرۈشتى.

كېيىن بېرىپ، ئەمەت ئۇستىنىڭ گۈلزارلىقى كىشىلەرنى مەپتۇن قىلىپ، ئۆزىگە ئوبدانلا تارتىۋالدى. خوشنا ئىشچى-خىزمەتچىلەر كەچتە ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن، كىچىك ئورۇندۇقلىرىنى كۆتىرىشىپ، بىردىن-ئىككىدىن گۈلزارلىق ئالدىغا كېلىشەتتى-دە، ئۇنى "بىزنىڭ سەيلىگاھ، خۇش پۇراقلىق باغچىمىز" دەپ ئاتىشىپ، چوغدەك تەكشى ئېچىلىپ، خۇش پۇراق تارقىتىپ تۇرغان گۈللەرنىڭ پەيزىنى سۈرگەچ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كېتەتتى. بەزىلەر بولسا، چاي جوزىلىرىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشۇپ، ھەۋەس بىلەن شاخمات، دامكا ئوينايتتى...

ئەمەت ئۇستا بۇنىڭدىن ناھايىتى خوشال ئىدى ھەمدە خولۇم-خوشنىلىرىنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ، سەيلىگاھ ئالدىغا كەلگەن ھەر بىر خوشنىنى ئىززەت-ئىكرام بىلەن قارشى ئالاتتى، ئورۇندۇق قويۇپ بېرەتتى ۋە ئۇلارنى ئاچچىق دەملەنگەن قارا چاي، بەزىدە ھەتتا كوفى، پىۋىلار بىلەن مېھمان قىلاتتى...

سەيلىگاھ ئالدىغا پۈتۈن قورا بويىچە پەقەت بىرلا كىشى — دەرۋازىنىڭ سول تەرىپىدىكى بىرىنچى ئۆيدە ئولتۇرىدىغان ساتتارلا كەلمەيتتى، خوشنىلىرىغىمۇ ئارىلاشمايتتى. ساتتار مۇتەللىپنىڭ دارىلمۇئەللىمىندىكى ساۋاقدىشى ئىدى. ئۇ، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىغىچە مەھەللە ئىش باشقارمىسىنىڭ كاتىۋى بولۇپ ئىشلىگەن، مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا قايسىبىر "تەرەپ"كە باشلىق بولغان. ھازىر بولسا، گۈلزارلىق ھويلىغا يېقىنلا بىر ئىدارىدە ئادەتتىكى خىزمەتچى ئىدى.

ساتتارنىڭ سەيلىگاھ ئالدىغا كەلگەن-كەلمىگەنلىكى ھېچكىمنىڭ خىيالىغا كىرىپ-چىقمىسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا مۇتەللىپ دىققەت قىلاتتى. بىراق، بىز ھازىر بۇ گەپنى قويۇپ تۇرۇپ يەنە ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى:

شۇنداق قىلىپ خوشنىلار بارا-بارا ئەمەت ئۇستىنىڭ ئىشىك-دەرىزىسى ئالدىدىكى مۇھىت ئۆزگىرىشىدىنمۇ كورە، ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى، غايە-ئىستەكلىرىدىكى ئۆزگىرىشكە ھەۋەس قىلىپ قالدى. بۇ ئۆزگىرىشنىڭ سەۋەپلىرىنى ھەر خىل تەھلىل قىلىشاتتى، لېكىن بۇ ھەقتە ئۇنىڭ ئالدىدا يۈز تۇرانە سوز ئېچىشتىن ھەركىم ئېھتىيات بىلەن ئۆزىنى تارتاتتى.

چۈنكى، بۇنىڭدىن توت-بەش يىل ئىلگىرىلا ئەمەت ئۇستا بۇ قورادا "چىقىشىپ ئوتمەك قىيىن بولغان ئالاھىدە ئائىلە"، "مىجەزى بۇزۇلغان سەپرا"، "جېدەل-ماجرانى پۇلغا سېتىۋالىدىغان كوكەمە" ھېساپلىنىپ، كىشىلەر ھەزەر ئەيلىگەن ھالدا ئۇنىڭدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا مەجبۇر ئىدى.

بىراق، مۇنداق "ئۆزىنى قاچۇرۇش" كېيىنچە، خوشنىلارنىڭ ئەمەت ئۇستىغا بولغان ئىشەنچ-ھورمىتىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىشىغا توسقۇن بولمىدى. چۈنكى، بۇ كەملەردە ئۇنىڭ گەپ-سوزلىرىدىكى ئەدەپ-قائىدە، مۇئامىلىسىدىكى ئىززەت-ھورمەت ۋە ئۇنىڭدىكى بۇرۇن بايقالمىغان بىرمۇنچە ئېسىل خىسلەت-پەزىلەتلەر بارغانچە گەۋدىلىنىپ، خۇددى سەيلىگاھتىكى خۇش پۇراق گۈلزارلىقتەك، خوشنىلارنىڭ زوق-ئىشتىۋارىنى قوزغىماقتا ئىدى...

مۇتەللىپ بولسا بۇ ئۇدۇل خوشنىسىدىكى ئۆزگىرىشلەرگە قايىللىق بىلەن نەزەر سېلىپ، ئۇنىڭغا چوڭقۇر رازىمەنلىك بىلەن قاراپ



كېلەتتى.

بىر كۈنى مۇتەللىپ ئەتىگەنلىك چېنىقىشتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، دەرۋازا ئالدىدا، ئالدىراپ ئىشقا ماڭغان ئەمەت ئۇستا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

ئەمەت ئۇستا ئۇستىگە نىل رەڭ سارجىدىن كاستيۇم-بۇرۇلكا، بېشىغا قىزىل مانچېستىر دوپپا، پۇتىغا پاقىراپ تۇرغان بەتىنكە كىيگەن بولۇپ، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز ئالدۇرغان ئىدى. قولىدىكى تور سومكىدا دەزماللانغان ئاپپاق خالات بىلەن ئاق خەسە بوك كوزگە چوشۇپ تۇراتتى.

—سالام، ئۇستام، ئوبدان قوپۇپسىزمۇ؟—دېدى مۇتەللىپ ئۇنىڭ بىلەن سالاملىشىپ،—ئۇستام، بۈگۈن باشقىچىغۇ... يېڭى كىيىملەرگە مۇبارەك بولسۇن...

—رەھمەت، ئەپەندىم، ئۆزلىرىدىن بولسۇن،—دېدى ئەمەت ئۇستا مۇتەللىپكە ھورمەت بىلەن قاراپ،—ئاخشام سىلىگە كىرىپ مۇكدىشىپ چىقاي دېۋىدىم، ئاۋارە قىلىشنى خالىمىدىم. يېڭى گەپ، مېنىڭ خىزمەت ئورنۇمدا ئاز-تولا ئۆزگىرىش بولدى، چەتئەل مېھمانخانىسىغا يوتكىدى. ئۇ يەردە ماڭا كەڭ، ئېسىل ئويلەرنى تەييارلاپ قويۇپتۇ... لېكىن، مەن بۇ "گۈلزارلىق ھويلا"دىن زادىلا يوتكەلمەسلىكنى قارار قىلدىم، ئويدىكىلەرنىڭ خىيالىمۇ شۇ...

—شۇنداقمۇ؟! تولا ياخشى، ئۇستام،— دېدى مۇتەللىپ خوشاللىق بىلەن ئەمەت ئۇستىغا قاراپ،—يېڭى خىزمەت ئورۇنلىرىنى تەبرىكلەيمەن. بۇ بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزغا خەلقارا دوستلار كوپلەپ كېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇيغۇرلار ئەزەلدىن مېھماندوست خەق. مېھمانلارنى مەزىلىك مىللى تائاملار بىلەن

كۈتۈۋېلىش بىزنىڭ ئۇبدان ئەنئەنىمىز. سىلى بۇ ئىشقا تازىمۇ باپ-تە!...

— رەھمەت، ئەپەندىم، — دېدى ئەمەت ئۇستا مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئېگىپ ۋە كېيىن تۇيۇقسىز بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۈلۈمسىرىدى، — ئەپەندىم، ئەمدىغۇ "ئەجنەبىلەرگە ياخشىچاق بولغان" دېگەن گەپنىڭ گورىگە ئوت كەتكەندۇ...؟

بۇ گەپكە مۇتەللىپنىڭ جاۋاۋى قاقاقلاپ كۈلۈشلا بولدى. ئۇ كۈلگەندە بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى نۇرلىنىپ، قويۇق قوشۇما قاشلىرى سەكرەپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

ئەمەت ئۇستا بولسا:

— ئەپەندىم، ئويلىسام خىجىل بولىمەن، ئۆزەمنى قورقۇنچلۇق، يامان چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك سېزىمەن... ھەي... مەن باسقان ئاشۇ قىڭغىر يوللار-ھە؟... — دېدى-دە، مۇتەللىپ بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ خوشلىشىپ، ئالدىراپ ئۆز يولىغا كەتتى.

مۇتەللىپ ئەمەت ئۇستىغا كەينىدىن زوقلىنىپ قارىدى ۋە ئىختىيارسىز ئۇنىڭ "قىڭغىر يوللار" دېگەن سۆزى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى...

## 2. قىڭغىر يوللار

ئەمەت ئۇستا شەھەرلىك يېمەك-ئىچمەك شىركىتى مەركىزىي ئاشخانىسىنىڭ ئاشپىزى بولۇپ، مۇتەللىپنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىر ھويلىدا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتقىنىغا يىگىرمە يىلچە بولدى. ئاتمىشىنچى



يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىلا ئەمەت ئۇستا مەركىزىي ئاشخانىدا مەزىلىك-لەززەتلىك غىزا-تائاملىرى بىلەن خېرىدارلارنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولغان داڭلىق ئۇستىلاردىن ئىدى. ئۇ يەنە ناھايىتى خۇش پېئىل، چاقچاق خۇمار، دىلكەش ئادەم ئىدى. ھاراق، تاماكا ۋە يامان سۆزنى ئېغىزىغا ئالمايتتى. ياز پەسلى يېتىپ كەلگەندە، كوپىنچە ئۇنى بوغدا كولى، نەنسەن يايلىقىنى زىيارەت قىلىشقا قىزىققان چەتئەللىك مېھمانلارغا ھەر خىل كاۋاپ، پەرمۇدە ۋە ئېسىل مىللى غىزا-تائاملارنى ئېتىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىپ، ئېلىپ كېتىشەتتى...

ئەمەت ئۇستا "گۈلزارلىق ھويلا"دىكى خۇلۇم-خوشنىلىرى بىلەنمۇ ئەپ-ئىناق ئۆتەتتى. ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن بىر دەم گۈللۈكنى پەرۋىش قىلىش بىلەن بەنت بولاتتى. ئاندىن گۈللۈك ئالدىدا كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېلىپ، ھەۋەس بىلەن دۇتار چالاتتى. ئۇنى ئۇستا دۇتارچى دېگىلى بولمايتتى، لېكىن سازغا قەۋەت ئىشقى بار ئىدى. دۇتار چېلىشتىن زېرىكسە، كىچىككىنە ئوغلى ئادىلنى تىزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، قىيناپ-كۈلدۈرۈپ ئۇزاق ئەركىلىتەتتى.

بەزىدە كىچىككىنە ئادىلنى ئەركىلەتكەچ، مۇتەللىپ بىلەن پاراڭلىشاتتى:

— ئەپەندىم، — دەيتتى ئۇ سەممىي ساددىلىق بىلەن مۇتەللىپكە قاراپ، — كوڭلۈمدە بىر گەپ بار، سىلىگە ئېيتاي. ئادىل يېشىغا توشسا، ئۆزلىرىدە ئوقۇتاي دەيمەن، بولارمۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دەيتتى مۇتەللىپ. مۇتەللىپ مۇنداق چاغلاردا كوپىنچە ئىشىك ئالدىدا كۆرسىدا ئولتۇرۇپ، يا كىتاب

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كورۇۋاتقان، يا بولمىسا، ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈۋاتقان بولاتتى، — ئادىلنى ھازىردىن باشلاپ ئوقۇشقا، مەكتەپكە ھەۋەسلەندۈرۈش كېرەك...

— دادام رەھمەتلىك، — دەيتتى ئەمەت ئۇستا قانداقتۇ ئۈمىتسىزلىك بىلەن بېشىنى سىلىپ، — مېنى ئوقۇتماقچى بوپتىكەن، بىراق، مەندىن ھېچنىمە چىقمىدى. ئوقۇيالمىدىم-دە...

— ئۇ دېگەن، ئۇستام، كونا جەمئىيەت-دە، — دەيتتى مۇتەللىپ قەغەزلەرگە قانداقتۇ نومۇرلارنى سىزىپ-چىزىپ تۇرۇپ، — كۆرۈپ تۇرۇپلا، ھازىرقى دۇنيا ئىلىم-پەن بىلەن ئۆرە تۇرۇۋاتىدۇ. زامان يەنە تەرەققى قىلىشى كېرەك. ياش-ئۆسمۈرلەر بىزنىڭ كېلىچىكىمىز، باللىرىمىز ئەلۋەتتە ئوقۇپ، بىلىم ئېلىشى كېرەك.

— ماقۇل، ئەپەندىم، — دەيتتى ئەمەت ئۇستا ئاتىلىق مېھرى بىلەن ئادىلغا قاراپ، مەڭزىدىن سۆيۈپ، — بوپتۇ، ئوقۇسۇن. ئەپەندىم، مېنىڭ يەنە بىر ئويلىغىنىم بار. ئادىل ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، مۇئەللىم، ياكى دوختۇر بولسا، سېلىچە قانداق بولار، بولالارمۇ؟...

— بولىدۇ، ھەر ئىككىسى ھاجەتلىك كەسىپ، — دەيتتى مۇتەللىپ قەغەزدىن بېشىنى كۆتەرمەي، — ئارزۇ ياخشى. ئاۋال ئوقۇسۇن. كېيىن ئۆزىنىڭ نىمىگە، قايسى كەسىپكە ئىختىدارلىق ئىكەنلىكىنى ئۆزى سېزىدۇ، ئۆزى دەڭسەپ تاللىۋالىدۇ...

شۇ پاراڭ بولۇپ بىرەر يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئەمەت ئۇستا ئادىلغا ئىككى ئالقانچىلىك بىر تاختا ياساپ بەردى. ئادىل بۇ تاختىسىنى كۆتىرىپ، كەچلەردە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىگە كىرەتتى. مۇتەللىپ ئۇنىڭغا ئاددى ھەرپ ۋە سېفىرلارنى ئۆگىتىپ قوياتتى. مۇتەللىپتە ئۆسمۈرلەرنىڭ باللىق تىلى ۋە ھەۋەسلىرىنى بىلىدىغان، ئاسان



چىقىشىپ-كېلىشەلەيدىغان ماھارەت بولغاچقا، ئاز كۈندىلا ئادىل بىلەن خېلى ئىناق دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئادىل زېرەك، ئەقىللىق ئىدى. ئارىدىن بىر-ئىككى يىل ئۆتۈپ، ئۇ بىردىن يۈزگىچە سېفىرلارنى يازىدىغان، ئوتتۇز ئۈچ ھەرپنى تونۇيدىغان، ھەرپلەرنى بىر بىرىگە قوشۇپ ئاددى جۈملىلەرنى تۈزىيەلەيدىغان، باللار كىتابلىرىنى ئوقۇپ، ئۇنىڭدىن بەھرىمەن بولىدىغان بولۇپ قالدى.

ئەمەت ئۇستا بۇنىڭدىن تولىمۇ خوشال ۋە رازى ئىدى.

ئادىلنىڭ مەكتەپكە كىرىش يېشى تولغان يىلى مەدەنىيەت ئىنقىلابى باشلىنىپ كەتتى. ئەمەت ئۇستا بۇ ھەركەتكە دەسلەپ خېلىلا قىزىقسىندى:

— ئەپەندىم، قالتىس ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، جۇمۇ، — دەيتتى ئۇ مۇتەللىپ بىلەن كەچتە ئىشىك ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغانلىرىدا، — خەقلەر بىزنى زېرىكىپ قالمىسۇن دېگەن چېغى. مەن مەركىزىي ئاشخانىغا بېرىپ-قايتقىچە يولدا كۈندە مىڭ خىل يېڭىلىقنى كۆرىدىغان بولدۇم...ئادەملەر نىمە دېگەن جانلىنىپ كەتكەن-ھە؟...

ئارىدىن بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئەتىگەندە ساتتار بىر تۈركۈم ئىسيانچى كوچا ياشلىرىنى "گۈلزارلىق ھويلا"غا باشلاپ كىردى-دە، "پرولېتارىياتنىڭ پولات سۈپۈرگىسى" بىلەن گۈلزارلىقلارنى دەسسەپ-چەيلەپ، سىرىپ-سۈپۈرۈۋەتتى. غەزەپلەنگەن مۇتەللىپ ساتتارغا:

— ساتتار، توختا. بۇ نىمە قىلغىنىڭ! — دەپ ئۇنىڭ ئالدىنى توسقان ئىدى، ساتتار:

— مۇتەللىپ، سەن كۆزۈڭنى ئېچىپ يۈر. شىۋجېڭجۈيىنىڭ

سېسىق گۈللىرىنى يۇراپ ئولتۇرۇشقا ئەمدى بەس! يا سەن بۇ قورانى بۇرژۇئازىيىنىڭ هوزۇر-هالاۋەتخانىسىغا ئايلاندۇرماقچىمۇ؟ — دەپ گولەيدى.

ئەمەت ئۇستا ساتتارغا شۇ يەردىلا نىمىنىدۇ دېمەكچى بولۇۋىدى، لېكىن ئەلپازى بۇزۇلغان ساتتار:

— ئۇستا، سىز دىگەن ئىشچى ئادەم. سېسىق زىيالىلارنىڭ دېيىغا ئازراق ئۇسۇل ئويناڭ-هە؟ — دەپ دوق قىلغىنىچە كەينىگە ياندى.

ئارىدىن خېلى بىر مەزگىل ئۆتۈپ، بىر كۈنى ئەمەت ئۇستا ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە تولىمۇ خاپا قايتتى. ئۇ ئۆيىگە كىرە-كىرمەيلا ئىشكنى جالاق-جۇلۇق ئېچىپ-يېپىپ، ئائىلىغا ئورۇنسىز بىرمۇنچە قوپال گەپلەرنى قىلىۋەتتى-دە، ئۆزىچە تېرىكىپ-چېچىلىپ يەنە بېسىقىپ قالدى. شۇ كۈنى قاش قارايغان مەزگىل بىلەن مۆتەللىپ ئىشىكى ئالدىدا ئەمەت ئۇستىنىڭ خىيالغا چۆككەن هالدا بىر تال تاماكىغا ئوت تۇتاشتۇرۇۋاتقانلىقىنى بايقىدى. ئەتىسى كەچتە ئەمەت ئۇستا قوراغا كوزى قىزارغان، چىرايى تاتارغان هالدا مەس كىرىپ كەلدى..

ئۇلار چەيلەنگەن گۈلزارلىق ئالدىدىلا ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئۇستام، — دېدى مۆتەللىپ هەيران بولغان هالدا ئەمەت ئۇستىغا قاراپ، — سىلىگە نىمە بولدى؟ هاراق، تاماكا دىگەننى ئېغىزلىرىغا ئالمايدىغانغۇ...

— نىمە بولدى؟! مەن ئۆزەم شۇنداق قىپتىمەنمۇ؟! — ئەمەت ئۇستا بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، زەردە بىلەن ئېغىر تىنىدى ۋە مۆتەللىپكە قاراپ، قايناپ سۆزلەپ كەتتى، — شۇمۇ گەپمىكەن! چوكـ



نىڭ ئۇچىدىمۇ سىنىپىي كۈرەش بار دىگىنى نىمىسى؟ چوكىنىڭ ئۇچىدا سىنىپىي كۈرەش بولسا، چومۇچتە بالا-قازالىق ئېلىشىش، ئالا-توپىلاڭ بولىدىكەن-دە! مەن سىلىگە ئېيتسام، بىز چومۇچ تۇتىدىغان ئاشپەزلەر قانداق قىلساق خېرىدارنى ئوبدان رازى قىلىمىزكىن، رەھمىتىگە ئېرىشىمىزكىن، دەپ ئويلايدىغان خەق. مانا بىرنەچچە كۈن بولدى، ئاشخانىدا ئىش توختىتىپ ماڭا يېپىشىۋېلىشتى. هە دىسىلا: "سەن چومۇچ تۇتقاندا، قايسى سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇردۇڭ، چومۇچنى قايسى سىنىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇردۇڭ؟..." دەپلاۋاتىدۇ. سىلى ئېيتسىلا، مەن قايسى سىنىپنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپتىمەن؟ كىم ئاشخانىغا كىرگەن خېرىدارنىڭ پىشانىسىگە قەغەز چاپلاپ، بۇ پالانى سىنىپنىڭ ئادىمى دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. يەنە پۇلمۇ بار. پۇلچۇ؟... پۇل دىگەن هەممە ئۈچۈن ئوخشاش ئەمەسمىكەن؟!

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، بىركۈنى ئېغىر ياتقۇ مەزگىلدە ئەمەت ئۇستا هېچبىر تەكەللۇپسىزلا مۆتەللىپنىڭ مېھمانخانا ئۆيىگە ئۇسۇپلا كىردى. ئۇ، يەنىلا ئېغىر-مەس ئىدى.

— ئەپەندىم، — دىدى ئۇ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ يان ياغاچلىرىنى ئىككى قولىنى كېرىپ تۇتقان ۋە بىر پۈتىنى بوسۇغىغا قويغان هالدا، — قېنى، سىلى بىر ئېيتىپ باقسىلا. بىز خەقتە، ئۆيىمىزگە مېھمان كەلسە، ئوچۇق چىراي بىلەن ئالدىغا چىقىپ، ئىززەت-هورمەت بىلەن كۈتۈۋالىدىغان ئادەت بارمۇ، يوق؟ نەق بىر ئېغىزلا گەپ، زادى بارمۇ، يوق؟...

— ئەلۋەتتە، — دىدى مۆتەللىپ تەمكىنلىك بىلەن، — خوش ئۇستام، يەنە نىمە گەپ. قېنى، ئۆيگە كىرسىلە، ئۇستەلگە... ئولتۇرۇپ پاراڭلاشمايمىزمۇ...

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

—ياق! —دىدى ئەمەت ئۇستا ئادەت بولمىغان بىر خىل قوپاللىق بىلەن رەت قىلىپ، —مەن سىلىگە ئېيتسام، —دىدى ئۇ غەزەپلىنىپ يەنە، —ئاڭلاپ قويسىلا، گەپنىڭ يوغىنى ئەمدى چىقتى. مەن چەتئەللىكلەرنىڭ ئالدىدا كۈچۈكلىنىپتىمەنمىش، ئەجنەبىلەرگە ياخشىچاق بولۇشقا ھەۋەس قىلىپ قاپتۇمەنمىش، ئۇلارنىڭ سوغىتىنى ئاپتۇمەنمىش!...كۈچۈكلىنىش دىگەن نىمە ئىكەن ئۇ؟ ياخشىچاقمىش!... قۇرۇپ كەتسۇن. ھەممىسى قۇرۇق گەپ. قايسى ئەخمەق ئۆيىگە مېھمان قوبۇل قىلىدىكەنۇ—تېگىشلىك ئىززەت-ھورمىتىنى قىلمايدىكەن؟!

ئەمەت ئۇستا گويا شۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپنىلا ئېيتىپ قوسىغىنى بوشىتىۋالغىلى كىرگەندەك، گېپى تۈگەش بىلەن كەينىگە "شارت" قىلىپ بۇرۇلدى-دە، دەلدەڭشىگەن پېتى ئۆيىدىن چىقىپ كەتتى...

كەچكۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، مۇتەللىپمۇ بىرنەچچە ئوقۇتقۇچىلار بىلەن بىللە سازايى قىلىندى. قايتىشتا، يول بويى ئۇزىنى ئۇزى سازايى قىلىپ مېڭىش بۇيرۇلدى. مۇتەللىپ "گۈلزارلىق ھويلا"نىڭ ئالدىغا كەلگەندە، ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئون-يىگىرمىچە ئۇششاق بالىلار ئولاشتى. ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن كوزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، مۇتەللىپنىڭ يۈز-كوزلىرىدىكى قارا-قۇرۇغا، بېشىدىكى ئۇزۇن كۇلاغا قارىشاتتى. بەزىبىر ئۇششاقلار بولسا، ئۇنى بىرەر قىزىقچىلىق كورسىتىدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، خوشال بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى...

مۇتەللىپ بالىلارغا غەمكىنلىك بىلەن قاراپ قويۇپ، ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ دالان ئۆيدە يۈز-كوزىنى يۇيۇۋاتقاندا، كىمدۇر بىرسىنىڭ بىركىمنىڭ يۈزىگە "چاك" قىلىپ بىر تەستەك سالغانلىغى،



ئارقىدىنلا كىچىككىنە ئادىلنىڭ "چىر" قىلىپ يىغلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. مۇتەللىپ يۈز-كوزىنى چالا-بۇلا سۈرتۈپ، ئالدىراپ ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ئەمەت ئۇستا كىچىككىنە ئادىلنىڭ قۇلىغىدىن تارتىپ تۇرۇپ:

—ھوۋ... يۈزسىز! —دەپ تىللاۋاتاتتى.

مۇتەللىپ تىترىگەن ھالدا ئەمەت ئۇستىغا قاراپ:

—ئۇستام، بۇ قانداق گەپ؟ —دىدى ئۇزىنى بېسىۋېلىپ، —بۇ نىمە قىلغانلىرى؟... سىلىزە...

ئەمەت ئۇستا قولىنى سىلكىدى-دە، كىچىككىنە ئادىلنىڭ قۇلىغىدىن تارتقىنىچە ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇستىنىڭ ئايىلى مۇتەللىپكە قاراپ خىجىللىق بىلەن:

—ئەپەندىم، سىلى خاپا بولمىسىلا. بۇ نادان ئەخمەق سىلىنى خارلاپتۇ، —دىدى.

—نىمە؟ كىمنى خارلاپتۇ، مېنى؟...

—ئۇ سىلىنى خارلاپ چاۋاك چاپتۇ...

—ھەي...شۇمۇ گەپمۇ؟ —مۇتەللىپنىڭ بولۇق قوشۇما قاشلىرى ئىگىز كوتىرىلىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك كوزلىرى ئەلەم بىلەن يالتىراپ كەتتى، —مەن ئادىلنى كورمىدىم. كورگەن تەقدىردىمۇ، ئۇ نىمىنى بىلىدۇ. ئۇ تېخى كىچىككىنە بالا ئەمەسمۇ...

—بالا ئەمەسمۇ؟! —ئەمەت ئۇستا ئىشكتىن بېشىنى چىقىرىپ بوغۇلۇپ سوزلىدى، —قانداق كىچىك بالا ئىكەن. يەتتىگە كىردى، يەتتىگە...! ئېغىزىغا ئىلىم سالغان موللىسىنى خارلىغان بالىدىن ئاتا-ئانىسىغا نىمە ياخشىلىق كەلسۇن؟!...قىپ-قىزىل ئەخمەق-دە، ئەخمەق!...مەن ئوز پۇشتۇمدىن تامغان بالىنىڭ خۇي-پەيلىنى

بۇگۇن بىلىۋالدىم، يۈزسىز!...دادىسىنىڭ ساقلىنى، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىدىغان يۈزسىز!...

ئەمەت ئۇستا، بۇ گەپنىڭ تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك ھېچبىر ئەپلەشمىگەنلىكىنى، تولىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى...

شۇ ئىشتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، مۇتەللىپ ئەمەت ئۇستىنىڭ "چومۇچ تۇتۇش ھوقۇقى"نىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى، ئوچاققا ئوت قالاش، يۇندا توكۇشكە قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمەت ئۇستا بارغانچە جاھىل، تېرىككەك، غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەر كۈنى بىر يېڭى خاپىلىق، "نېمە ئۈچۈن؟" دېگەن سوئال بىلەن ئۆيىگە قايتاتتى ۋە ئاچچىقىنى ھاراقتىن، موخۇركىدىن، بەزىدە خوتۇنىغا ئازار بېرىشتىن چىقىرىدىغان بولۇۋالدى. جەمئىيەتتە "تەرەپ" شامىلى كۆتۈرۈلگەندە، بۇ شامال بىردىنلا "گۈلزارلىق ھويلا"غا بېسىپ كىردى-دە، خوشنىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇشقا باشلىدى. ئوزئارا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇغى ھەممە يەرگە سىركىدەك تېرىلىپ كەتتى. ئەمەت ئۇستا گۇمانخور بولۇپ قالدى ۋە دائىم مەس يۈرەتتى. كىچىككىنە ئەرزىمىگەن بىر ئىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنى ھاقارەت قىلىپ تىللايدىغان، ھە دېسىلا چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، كوكەملىك بىلەن ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىدىغان بولۇۋالدى... ئۇنى بىرەر ئىشتا ماختاشمۇ، ئەيىپلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن گۇمانلىناتتى. ئارىلاشتىڭمۇ — بولدى، جەزمەن ئۆزەڭگە بىرمۇنچە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىۋالاتتىڭ...

خوشنىلار ئەمەت ئۇستىنىڭ "داۋاسى يوق كېسەل"گە گىرىپتار



بولغانلىقىنى سېزىپ، چوچۇگەن ھالدا ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولدى. بۇ كەمدە ئەمەت ئۇستا پەقەت ساتتار بىلەنلا ئانچە-مۇنچە ئالاقە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقاتتى. ساتتارنىڭ ئۆيىنى كىشىلەر ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى بىر "تەرەپ"نىڭ "ئالاقە مەركىزى" دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇ ئۆيدىن كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەمەت ئۇستا ساتتارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقىدىغان بولغاندىن كېيىن، مۇتەللىپكە ئۇشتۇمتۇت باشقىچە كۆزدە قارايدىغان، ئۇنىڭغا بىر خىل نەپرەت بىلەن تىكىلىدىغان بولۇپ قالدى. باشقا بەزى خوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ بىراقلا ئۈزدى...

ئەمما، مۇتەللىپ بىلەن كىچىككىنە ئادىلنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى.

ھىلىقى ۋەقەدىن كېيىن ئادىل بىر مەزگىل نېمىدىنىدۇر خىجىل بولغاندەك، مۇتەللىپنى كورسىلا تىرنىغىنى تاتىلاپ ئوڭايسىزلىنىپ يۈردى. كېيىنرەك، پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ مۇتەللىپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۆزىنىڭ ھېچقانداق "چاۋاك چېلىش"قا قاتناشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئاۋارە بولدى. مۇتەللىپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ، ھېچبىر سۈرۈشتۈرگۈچىلىكى يوق ئىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە مۇتەللىپ تېخى ئۇنىڭ سىنىپتىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، مۇتەللىپ ئادىلنىڭ يۇمران كۆڭلىنى خىرە قىلغان تۇماننى ئاسانلا كۆتۈرىۋەتتى-دە، يەنە ئوبدان دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئادىل يەنە كەچلىرى مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدە ساۋاق ئېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى...

ئادىلنىڭ مەكتەپكە كىرىش يېشى تولغان يىلى ئەلۋەتتە مەكتەپ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن بىلىۋالدىم، يۈزسىز!...دادىسىنىڭ ساقىلىنى، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى كېسىدىغان يۈزسىز!...

ئەمەت ئۇستا، بۇ گەپنىڭ تاشنى تاياقتا تاڭغاندەك ھېچبىر ئەپلەشمىگەنلىكىنى، تولىمۇ چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى...

شۇ ئىشتىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ، مۇتەللىپ ئەمەت ئۇستىنىڭ "چومۇچ تۇتۇش ھوقۇقى"نىڭ ئېلىپ تاشلانغانلىقىنى، ئوچاققا ئوت قالاش، يۇندا توكۇشكە قويۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى. ئەمەت ئۇستا بارغانچە جاھىل، تېرىككەك، غەرەز ئۇقمايدىغان بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمەيدىغان نەرسىلەر ناھايىتى كۆپ ئىدى. ھەر كۈنى بىر يېڭى خاپىلىق، "نىمە ئۈچۈن؟" دىگەن سوئال بىلەن ئۆيىگە قايتاتتى ۋە ئاچچىغىنى ھاراقتىن، موخۇركىدىن، بەزىدە خوتۇنىغا ئازار بېرىشتىن چىقىرىدىغان بولۇۋالدى. جەمىيەتتە "تەرەپ" شامىلى كۆتۈرۈلگەندە، بۇ شامال بىردىنلا "گۈلزارلىق ھويلا"غا بېسىپ كىردى-دە، خوشنىلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاستىن-ئۈستۈن بولۇشقا باشلىدى. ئۇزئارا ئىشەنمەسلىك ئۇرۇغى ھەممە يەرگە سىركىدەك تېرىلىپ كەتتى. ئەمەت ئۇستا گۇمانخور بولۇپ قالدى ۋە دائىم مەس يۈرەتتى. كىچىككىنە ئەرزىمىگەن بىر ئىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمنى ھاقارەت قىلىپ تىللايدىغان، ھە دىسىلا چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، كوكەملىك بىلەن ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىدىغان بولۇۋالدى... ئۇنى بىرەر ئىشتا ماختاشمۇ، ئەيىپلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھەممىدىن گۇمانلىناتتى. ئارىلاشتىڭمۇ — بولدى، جەزمەن ئۇزەڭگە بىرمۇنچە كوڭۇلسىزلىكلەرنى تېپىۋالاتتىڭ...

خوشنىلار ئەمەت ئۇستىنىڭ "داۋاسى يوق كېسەل"گە گىرىپتار



بولغانلىقىنى سېزىپ، چوچۇگەن ھالدا ئۇنىڭدىن قاچىدىغان بولدى. بۇ كەمدە ئەمەت ئۇستا پەقەت ساتتار بىلەنلا ئانچە-مۇنچە ئالاقە قىلاتتى ۋە ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقاتتى. ساتتارنىڭ ئۆيىنى كىشىلەر ئىش باشقارمىسى تەۋەسىدىكى بىر "تەرەپ"نىڭ "ئالاقە مەركىزى" دەپ ئاتىشاتتى ۋە ئۇ ئۆيدىن كىرىپ-چىقىپ يۈرگەن ناتونۇش كىشىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى. ئەمەت ئۇستا ساتتارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ-چىقىدىغان بولغاندىن كېيىن، مۇتەللىپكە ئۈشتۈمتۇت باشقىچە كوزدە قارايدىغان، ئۇنىڭغا بىر خىل نەپرەت بىلەن تىكىلىدىغان بولۇپ قالدى. باشقا بەزى خوشنىلار بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىمۇ بىراقلا ئۈزدى...

ئەمما، مۇتەللىپ بىلەن كىچىككىنە ئادىلنىڭ مۇناسىۋىتى يەنىلا ساقلىنىپ قالدى.

ھىلىقى ۋەقەدىن كېيىن ئادىل بىر مەزگىل نىمىدىنىدۇر خىجىل بولغاندەك، مۇتەللىپنى كورسىلا تىرنىغىنى تاتىلاپ ئوڭايسىزلىنىپ يۈردى. كېيىنرەك، پۈتىنىڭ ئۈچىدا دەسسەپ مۇتەللىپنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ئۇزىنىڭ ھېچقانداق "چاۋاك چېلىش"قا قاتناشمىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ ئاۋارە بولدى. مۇتەللىپكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ، ھېچبىر سۈرۈشتۈرگۈچىلىكى يوق ئىش، ئۇنىڭ ئۇستىگە مۇتەللىپ تېخى ئۇنىڭ سىنىپتىكى رەسمىي ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئەمەس. شۇنداق بولغاچقا، مۇتەللىپ ئادىلنىڭ يۇمران كوڭلىنى خىرە قىلغان تۇماننى ئاسانلا كوتىرىۋەتتى-دە، يەنە ئوبدان دوستلاردىن بولۇپ قالدى. ئادىل يەنە كەچلىرىدە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدە ساۋاق ئېلىپ ئۆگىنىشكە كىرىشتى...

ئادىلنىڭ مەكتەپكە كىرىش يېشى تولغان يىلى ئەلۋەتتە مەكتەپ-

نىڭ ئۆزىدە ئۇقۇش بولمىدى. كېيىنكى يىلى ئۇسمۇرلەرنى مەكتەپكە ئانچە ـ مۇنچە تىزىملىغان چاغدا، ئەمەت ئۇستا ئۈمىتسىزلىك بىلەن غەزەپلىنىپ:

ـــ ئۇقۇش! قانداق ئۇقۇش ئىكەن ئۇ؟ ئۇقۇغاننىڭ سازايىنى ئاز كورمىدىم. داموللا ئۇلىماسىمۇ، دوختۇر ـ ئەپەندىسىمۇ ـــ ھەممىسى خار بولدى، بىر تيىن! پىشانەمنىڭ ئاستىدىكى تامنىڭ توشۇگى ئەمەس، كوز! ھەممىنى كورۇۋاتىمەن. يەنە تېخى ئۇقۇشمىش!... جاھاننىڭ نىمە بولارىنى كىم بىلسۇن. ئۇقۇپ ـ بىلىپ خارلانغاندىن، ئۇقۇماي ـ بىلمەي ئوتكەن تۈزۈك. ھەممىدىن نوچىسى ئىككى بىلەك. ئادىل ئاشپەز بولىدۇ. ئۇستا بولالمىسا، نىمكارغۇ بولار! ـــ دىدى دە، ئادىلنىڭ مەكتەپكە كىرىش يولىنى توستى.

ئەلۋەتتە، ئۇ كەمدە ئەمەت ئۇستىغا نەسىھەت قىلىپ كوندۇرۇشتىن ھىچقانداق ئۈمىت يوق ئىدى. ئادىل ئامالسىز مەكتەپنىڭ سىرتىدا قالدى ۋە مۇتەللىپنىڭ ئويىگە كىرىپ ئۇگىنىشىنىمۇ چەكلەندى.

ئەمەت ئۇستا، ئوزى ئېيتقاندەك، ئادىلنى كەينىگە سېلىپ ئانچە ـ مۇنچە كوزى پىشسۇن، دەپ ئاشخانىغا ئېلىپ بېرىپ يۇرگەن يىلى مۇتەللىپ ئۇشتۇمتۇت چەت بىر ناھىيىگە ـــ "7 ـ ماي كادىرلار مەكتىۋى"گە ئىدىيە ئوزگەرتىشكە ئەۋەتىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن مۇتەللىپ قايتىپ كەلگەندە، ئادىل باشقىچە بىر بالا بولۇپ، پۇتۇنلەي ئوزگىرىپ كەتكەن ئىدى.

مۇتەللىپ شۇ كۇنى دەرۋازىدىن كىرىپلا ئادىلنى كىيىم ـ كېچەكلىرى يىرتىلغان، چاچلىرى ئۇسۇپ پاخپىيىپ كەتكەن، يۇز ـ كوزلىرى تاتىلانغان ۋە قورادىكى بەزى تەڭ ـ تۇشلىرى ئالدىدا چۇجە خورازدەك ھۇرپىيىپ، مۇشتۇملىرىنى تۇگۇپ تۇرۇپ:



ـــ ھە، قېنى، قايسىڭ دو چىقىسەن، مانا، دەتتىكام دەيمەن. تەلەيدە بوڭ ـ بوڭ. يا بۇرنۇڭنىڭ بېزىنى ئېلىپ قويايمۇ؟ ـــ دەپ، جىدەل تېرىشقا تەييار تۇرغان ھالدا كوردى.

بىراق، ئادىل ئۇشتۇمتۇت پەيدا بولغان مۇتەللىپنى كورۇپلا، دەررۇ ئوزىنى چەتكە ئالدى.

ئەتىسى مۇتەللىپ چوڭ يولدىن ئوتۇپ كېتىۋېتىپ، ئادىلنىڭ يول بويىدىكى يەتتە ـ سەككىز مېتىر ئىگىزلىكتىكى بىر دەرەخنىڭ ئۇستىگە چىقىۋېلىپ، سۇنۇپ كېتەيلا دەپ قالغان بىر تال ئاجىز شاخنى قەستەن لىڭشىتىپ دەسسىگەن ھالدا، يەردە ئوزىگە تەلمۇرۇپ تۇرغان ئانىسىنى ئالاقزادە قىلىپ:

ـــ ئانا، نەقلا بىر كوي چىقار. بىر كوي چىقارساڭ سەكرىمەيمەن. بولمىسا، سەكرەيمەن دىدىممۇ سەكرەيمەن! ـــ دەپ قورقىتىۋاتقانلىقىغا كوزى چۇشتى.

مۇتەللىپ توختىدى. ئادىل مۇتەللىپنى كورۇپ ئاجىز شاختىن چېكىندى ۋە مۇتەللىپتىن كوزىنى قاچۇرۇپ، كەينىنى قىلىۋالدى. مۇتەللىپمۇ ئۇنى كورمەسكە سېلىپ، ئادىلنىڭ ئانىسىنى ئوزى بىلەن بىللە قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلدى.

ـــ ئادىل بالا ئەمەس. بېشىمغا بالا بولدى، ـــ دىدى ئانا مۇتەللىپ بىلەن قايتىپ كېتىۋېتىپ ھەسرەتلەنگەن ھالدا، ـــ ئالدىنقى يىللىرى ئۇ دادىسىغا ئەگىشىپ ئاشخانىغا بېرىپ يۇرگەن. كېيىن ئۇ يەرگىمۇ بارماس بولدى، زېرىكتى. دادىسىنىڭمۇ كارى بولمىدى. دادىسى ئىشتىن كېلىپلا ساتتارنى تاپىدۇ، كەچكىچە ئۇنىڭ ئويىدە ھاراق ئىچكىنى ئىچكەن. ساتتار بىر مەزگىل ئادىلنىمۇ كەينىگە سېلىپ يۇردى. ئۇنىڭ تېخى "كىچىك ئالاقىچى" دىگەن نامىمۇ بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

كېيىنچە، ئادىل ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكتى. مانا بىر ـ ئىككى يىل بولدى، قولىغا زادى گەپ كىرمەس بولدى. كۆندە نەچچە ئادەمنىڭ دەۋا، تاپا ـ تەنىلىرىنى ئاڭلايمەن. دادىسى سەپرا دەسلەپ نەدىكى بىر خەقلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ، ئادىلنى ئوقۇشقا بەرمىدى، چىلك تۇتـمىدى. مانا ئەمدى كىچىككىنە بىر ئىش بولسىلا، قالايمىقان ئۇرۇپ، دەشنەم بېرىپ بالىنى يۈرىگالدى قىلىۋەتتى. ئاتا بولىماي كەتكىن ئىلايىم. بالا ئۆيدىن تېزىدى، قاچىدۇ. كىنوخانىنىڭ بوتكىسىدا، كوچىدا قونۇپ قالغان چاغلىرىمۇ بار. يامان يولغا كىرىپ قالامدىكىن، دەپ يۈرىكىم سۇ. كەچكىچە كەيىندە يۈرگىنىم يۈرگەن. دادىسىنىڭ بولسا مىجەزى بۇزۇلغان، خاپىلىقى بەكمۇ كۆپ، ھەممە نىمىدىن خاپا. ئۇنىڭ ئىچىدىكىنى زادى بىلەلمىدىم. كىچىككىنە ئادىلدىنمۇ ئالەمچە خاپا، زادى كارى يوق... ئەپەندىم، ئويلاپ باقسىلا، ئوبدانلا بىر بالا ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا شۇنچىۋالا ئاينىپ بىۋاشلىشىپ كەتكەن بارمۇ؟...

ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندە، مۇئەللىپ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئادىلنىڭ ئازراق سەيناسى بار بىر بۇلۇڭ كوچىدا بىرنەچچە تەڭ ـ تۇش دوستلىرى بىلەن قىزغىن توپ تېپىپ ئويناۋاتقانلىقىغا كوزى چۈشتى. شۇ تاپتا ئادىل توپ تېپىشكە شۇنچىلىك بېرىلگەن ئىدىكى، كوزىگە ھېچنىمە كورۈنمەيتتى.

مۇئەللىپ توختىدى. ئادىل توپنى ئىككى پۇتى ئارىسىدا ئويۇنتىپ باشقىلارغا ئالدۇرماي، قى ـ چۇلار ئىچىدە تويۇقسىز مۇئەللىپنىڭ قېشىغا يېقىنلاپ كەلدى ۋە تامغا قارىتىپ قاتتىق تەپتى. توپ ئۇچۇپ بېرىپ، مۇئەللىپنىڭ بېلىگىدىكى سائەتكە "پاق" قىلىپ تەگدى ـ دە، سائەتنىڭ ئەينىكىنى چۇل ـ چۇل قىلىپ سۇندۇرۇۋەتتى.



ئادىل توپنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ بارغاندا، توپ مۇئەللىپنىڭ پۇتلىرى ئارىسىدا "قولغا چۈشكەن" ئىدى.

ئادىل مۇئەللىپنى كورۇپ ھودۇقۇپ كەتتى.

ـ ئادىل، ـ دېدى مۇئەللىپ ئۇنىڭ بىلىگىدىن ئاستا تۇتۇپ، ـ سەن توپ تېپىشنى ياخشى كورەمسەن؟...

ئادىل بېشىنى تۆۋەن سېلىپ گەپ قىلمىدى. لېكىن، ئادىلنىڭ تىكىرقاپ قالغان تەڭ ـ تۇشلىرى:

ـ ئادىل، قاچ! قارىغىنا، سائەتنى سۇندۇردۇڭ، تولىتىدۇ، داداڭغا ئاپىرىدۇ، تولەيسەن، چاتاق! ـ دەپ چۇقۇراشتى.

ئادىل شۇ چاغدىلا چۇل ـ چۇل بولغان سائەتنى كوردى ۋە نىمە قىلىشنى بىلمەي تەمتىرەپ قالدى.

ـ ھېچ گەپ يوق، قورقما، ـ دېدى مۇئەللىپ ۋە ئادىلنىڭ پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ ئېيتتى، ـ سائەت ئەينەنكىنى تۈزەش ئاسانغۇ، كەچتە ئۆزىمىزلا تۈزەۋالىمىز. ناھايىتى ئەينىكىنى ئالماشتۇرساق بولدى ئەمەسمۇ...

ئادىل كوزىنىڭ قۇيرۇقىدا ئىشەنمەسلىك بىلەن سائەتكە قاراپ قويدى ۋە ئوڭايسىزلىنىپ بېشىنى تۆۋەن سالدى. مۇئەللىپ بولسا قىزغىن بىر كەيپىياتتا:

ـ ئادىل، مەن سېنى توپ تېپىشتە مۇنچىلىك ماھارىتى بار دەپ زادى ئويلىمىغان ئىكەنمەن. ياخشى، ناھايىتى ياخشى. مىنىڭ بىر تەكلىۋىم بار، سەن بىزنىڭ مەكتەپنىڭ پۇتبول كوماندىسىغا كىرەمسەن؟...

ئادىل ئىتتىك بېشىنى كوتەردى ۋە تىرنىقىنى تاتىلىدى:

ـ مەن مەكتەپتە بولمىسام...

— سەن رازى بولساڭ، بىز ئالىمىز...

— دادام ئۇنىمايدۇ، ئوقۇما دىگەن...

— ئۇنايدۇ، ئۇنىتىمىز، ھازىر ئۇنىمىسا، ئاستا-ئاستا ئۇنىتىۋالىمىز، — دىدى مۇتەللىپ ئۇنىڭ كىيىملىرىدىكى توپا-چاڭنى قېقىپ تۇرۇپ، — قانداق، سەن رازىمۇ؟ سەن مەكتەپ كوماندىسىغا كىرسەڭ، ئاز كۈندىلا ئالغا بېسىپ كېتىسەن. ئويلاپ باق، مۇنداق كىچىككىنە قىڭغىر يولدا سەن قانداقمۇ ئۆز ماھارىتىڭنى ئۇستۇرەلەيسەن...

"قۇتقۇزۇۋېلىش" شۇنىڭدىن باشلاندى. ئادىل ئاستا-ئاستا، لېكىن خېلى قىيىنلىق بىلەن يەنە مۇتەللىپكە ئۈگىنىشكە باشلىدى.

ئەمما، ئەمەت ئۇستا ئاشۇ تەرساللىقىدىن تېخى يانمىغان ئىدى، مۇتەللىپ بىلەن سۆزلىشىشنى زادى خالىمايتتى. بىراق، ياخشى يېرى، بۇ قېتىم مۇتەللىپنىڭ ئادىل بىلەن مەشغۇل بولۇشىغا باشقىچە ئىپادىدە بولمىدى.

ئادىل زېھنى ئۆتكۈر، جىگەرلىك بالا ئىدى. دەسلەپكى يىلى ئۇ مۇتەللىپنىڭ سىنىپىدا "ئىشتاتتىن سىرت" ئوقۇغۇچى بولۇپ ئوقۇدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلمايتتى، ئەتىگەندە مۇتەللىپ بىلەن بىللە توپ تېپەتتى، مەكتەپ كوماندىسىدا ئوينايتتى، كەچتە مۇتەللىپنىڭ ئۆيىدە ئۈگىنەتتى. ئۇ گەرچە مەكتەپكە ئۈچ يىل كېچىكىپ كىرگەن بولسىمۇ، ئاستا-ئاستا، لېكىن ئىجتىھات بىلەن بېرىلىپ، قەيسەرلىك بىلەن تىرىشىپ، ئاخىر تەڭ-تۇشلىرىغا يېتىشىۋالدى.

ئادىل باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان يىلى ئەمەت ئۇستا كۆپ يىللاردىن تۇنجى قېتىم مۇتەللىپ بىلەن يۈزتۇرانە سۆزلىشىشكە جۈرئەت قىلدى:



— ئەپەندىم، — دىدى ئۇ بىر كۈنى ئىشىك ئالدىدا ئاندا-ساندا ئېچىلىۋاتقان گۈللەرنى پەرۋىش قىلىۋاتقان مۇتەللىپكە يېنىچە قاراپ، — سىلىزە ئاز بولسىمۇ، گۈل ئۆستۈرۈشنى تاشلىمىدىلا-دە...

— ئەلۋەتتە، — دىدى مۇتەللىپ، — گۈل، بۇ ياخشى نەرسە...

ئەمەت ئۇستا تۇيۇقسىز گەپنى باشقا تەرەپكە يۆتكىدى:

— ئەپەندىم، — دىدى ئۇ، — ئادىل مۇشۇ كۈنلەردە توم-توم كىتاپلارنى ئوقۇپ يۈرىدۇ، ئۇنىڭدىن نىمىنىدۇ كۆچۈرۈپ يېزىۋالىدۇ. ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى، كۆچۈرۈۋاتقىنى نىمە؟ بۇ كىتاپلارنى سىلى بەردىلىمۇ؟...

— ئەلۋەتتە، — دىدى مۇتەللىپ يۇمشاق ۋە سەممىي ئاھاڭ بىلەن، — ئۇنىڭ ئوقۇۋاتقىنى بەلەن كىتاپلار. ئۈمىتۋارلىققا، ئۆزىگە ئىشىنىشكە، ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتكە ئۈندەيدىغان كىتاپلار. كۆچۈرۈۋاتقىنى بولسا — شىرنە. ھەسەل ھەرىسى گۈللەردىن شىرنە يىغىدىغۇ... ھە، شۇ. ئوقۇغان كىتاپتىن خاتىرە يېزىش — ھەر خىل گۈللەردىن شىرنە يىغقاندەك ئىش...

بۇ گەپ ئەمەت ئۇستىغا ياقمىدىمۇ، ياكى ياقتىمۇ، بىرەر نەرسىدىن ئوڭايسىزلاندىمۇ، نىمە ئۈچۈندۇ ھېچنىمە دىمەي تۇيۇقسىزلا كېتىپ قالدى...

شۇ يىلى ئادىل ئوتتۇرا مەكتەپكە چىقتى. ئاز ئۆتمەي "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ چاۋىسى چىتقا يېيىلدى... ئەمەت ئۇستا يامان چۈش كۆرۈپ ئويغانغان ئادەمدەك، تېڭىرقاپ ئەجەپسىنىپ، ئەتراپقا خىيالچان قارايدىغان بولۇپ قالدى... كېيىنرەك، نىمە ئۈچۈندۇ بىردىنلا پۈتۈن ئىشقىنى گۈلگە ۋە گۈل ئۆستۈرۈشكە ئاتىۋەتكەندەك بولدى...

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

## 3. چىراق ئۆزىنى يورۇتمايدۇ...

مۇتەللىپ بۈگۈنمۇ كۈندىكى ئادىتى بويىچە ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، لوڭگىنى مۈرىسىگە تاشلاپ، مايكىچانلا ئىشىك ئالدىغا چىقتى. گۈللۈك ئىچىدە گۈل تېرىش، كوچۇرۇش، تەشتەكلەرگە گۈل يۆتكەش بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرگەن ئەمەت ئۇستا مۇتەللىپنىڭ چوڭ دەرۋازىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورۇپ، مۇھىم بىر ئىشنى ئەسكە ئالغاندەك، ئىتتىك ئۆي تەرەپكە قاراپ:

— ئادىل، ئوغلۇم، تۇردىڭمۇ؟ قارىغىنا، بۈگۈنمۇ يەنە ئەپەندىمدىن كېيىن قالدىڭغۇ، — دەپ توۋلىدى.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئادىل لوڭگىنى بويىنغا سېلىپ، مۇتەللىپنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ چىقتى. كېيىنكى بەش يىل ئىچىدە ئادىل بوي تارتىپ، يوغىناپ، يۈزلىرى يۇپ-يۇمۇلاق، خېلى كېلىشكەن چوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان ئىدى.

ئۇ، مۇتەللىپ بىلەن بىللە، مەيدانغا بېرىپ بىر دەم يۈگۈرگەن، تورنىڭ ئوينىغان ۋە گارغا توپ تاشلاپ "چىنىقىش ھەركىتى" قىلغاندىن كېيىن، مۇزدەك سۇدا يۈز-كوزلىرىنى يۇيۇپ، بەدەنلىرىنى سۈرتۈپ، تېتىكلىشىپ گۈلزارلىق ھويلىغا قايتتى.

مۇتەللىپ ھويلىغا كىرىپلا بۇلۇڭ مەھەللىنىڭ بىر دەمدىلا ئۆزگىرىپ، ھوسنىگە تولغان رەڭدار باغچىدەك گۈزەللىشىپ كەتكەنلىكىنى كوردى. ئەمەت ئۇستا ئۆزىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يان خوشنىلىرى ۋە مۇتەللىپنىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرى ئەتراپىغا قىشچە ئۆيىدە ئۆستۈرگەن ھەر خىل گۈللەردىن ئوتتۇز-قىرىق تەشتەك گۈلنى يۆتكەپ،



قاتار تىزىۋەتكەن ئىدى.

مۇتەللىپ بۇ ئىشتىن بىرئاز بىقىملىق تەئەججۇپلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئادەت بويىچە ئاۋال:

— سالام، ئۇستام، كەيپىلىرى خۇش... — دەپ ھال سورىدى.

— سالام، ئەپەندىم، رەھمەت، — گۈللەرگە چاچما چوگۈندىن سۇ قۇيۇۋاتقان ئەمەت ئۇستا بېشىنى كوتەردى، — قانداق، بەلەن چۈش كورۈپلىمۇ؟ خۇشۋاق قوپۇپلىمۇ؟...

— رەھمەت، ئۇستام. ناھايىتى ياخشى، — دىدى مۇتەللىپ ۋە ئەتراپقا تىزىلىپ كەتكەن تەشتەك گۈللىرىگە قاراپ، — بۇ ئىش... بىزنى خىجىل قىلىپ...

— ياق، ياق، ئەپەندىم، — دىدى ئەمەت ئۇستا خوشاللىق بىلەن، — ھېچگەپ ئەمەس. سىلىمۇ، دوختۇرمۇ، باشقا خوشنىلارمۇ ساپلا مېڭىسى بىلەن ئىشلەيدىغان كىشىلەر ئەمەسمۇ. گۈل خاپىغاننى ئالىدۇ، زىننەت. مەن يەنە ئەللىك-ئاتمىش تەشتەك تېپىپ قويدۇم. قورايىمىزنىڭ ھەممە يېرىنى گۈلزارلىق قىلىۋېتەي دەيمەن... ھەممىشەم ئېچىلىپ تۇرسۇن...

مۇتەللىپ ئەمەت ئۇستىنىڭ قىزغىنلىقىغا رەھمەت ئېيتتى ۋە خوشاللىق بىلەن مۇنداق دىدى:

— ھازىر جاھان تۈزەلدى، گۈلزارلىق ھويلا ئۆز ئىسمىغا لايىق بولۇشى كېرەك. بۇ بىر-ئىككى يىلدىن بۇيان خېلى بىر قىسىم خوشنىلار گۈللىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، قورايىمىزدا قالايمىقانچىلىق بىلەن ئۆتكەن يىللارنىڭ داغلىرى خېلى بار. تۈنۈگۈن ئاخشام سىلى كىنوغا كېتىپلا، قورايىمىزدىكى خۇلۇم-خوشنىلار يىغىلىپ مەسلىھەتلەشتۇق. ھازىر تازا گۈل تېرىيدىغان

پەيت، ئەتىدىن باشلاپ ئىشىك-دەرىزىلەر ئالدىدىكى مايماق تامتوساقلارنى چېقىپ تاشلاپ، پۈتۈن قورايىمىزنى تۈتاش گۈلزارلىققا ئايلاندۇرۇشنى قارار قىلدۇق...

—ناھايىتى ياخشى، ناھايىتى ياخشى، ئەپەندىم، —دىدى ئەمەت ئۇستا، —تۈزىگەن ئىكەنمىز، ھەقدادىغا يەتكۈزۈپ تۈزىشىمىز كېرەك. بەلەن ئىش... ھەي، ئاخشام خوشنىلار جەم بولغاندا، مەن بولماي قاپتىمەن-دە. ساتتار نىمە دىدى، قاتناشتىمۇ؟...

مۇتەللىپ ساتتارنىڭ تۈنۈگۈن ئاخشام، چاقىرتىسىمۇ ئۆيىدە تۇرۇپ كەلمىگەنلىكىنى ئەسلەپ بېشىنى چايقىدى:

—مەيلى، ھىچقىسى يوق، ساتتار قاتناشمىغان تەقدىردىمۇ، بىز ئۇنىڭ ئىشىك-دەرىزىلىرى ئالدىغا جەزمەن گۈل ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. بولمىسا، سەت كۆرۈنمەمدۇ؟ بۇ ئىشنى بىز قىلايلى.

—شۇنداق، ساتتار يۈز كېلەلمەيۋاتقان چېغى، —ئەمەت ئۇستا نىمىنىدۇ ئەسكە ئېلىپ، تۇيۇقسىز غەزەپلىنىپ قالدى، —خوپ بوپتۇ. ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلىگەن، سانىماي سەككىز دىگەنىدىكىن خوپ بوپتۇ. ھارام نىيەتنىڭ قازىنى توشۇك دىگەن شۇ!... ھە، راست، ساتتار تېخى بۇ قورادىن كوچۇپ كېتىمەن، دەپ يۈرگىدەك.

—شۇنداقمۇ؟ —مۇتەللىپ جىددى بىر قىياپەتتە ئېيتتى، —بۇ گەپنى سىلىگە كىم ئېيتتى؟

—مەن ئاڭلىدىم، ئۆي ئىزلەپ يۈرگىنىنىمۇ ئاڭلىدىم.

مۇتەللىپ نىمىنىدۇ ئويلاپ، ئەمەت ئۇستىغا قارىدى:

—ئۇستام، —دىدى ئۇ، —بۇ بولماپتۇ. ساتتار نىمىشقا كوچىدىكەن؟ ھاجەتسىز. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدا قايمۇققان، كاللىسى قىزىپ كەتكەن ئادەملەر ئازمۇ؟ يەنە كېلىپ كىم بۇ سەۋەنلىكىنى ئاشۇلارغا



ئارتىپ قويۇپتۇ... كەچتە ئىككىمىز ساتتار بىلەن سوزلىشەيلى، گۈلزارلىق ھويلىدىن ھەرگىز كوچمىسۇن.

ئەمەت ئۇستا ئىپادە بىلدۈرمىدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، مۇتەللىپ پوپكىسىنى قولتۇغىغا قىسىپ، مەكتەپكە قاراپ يول ئالدى. چوڭ دەرۋازا ئالدىغا چىققاندا، كەينىدىن ئەمەت ئۇستا يېتىشىپ چىقتى:

—ئەپەندىم، —دىدى ئۇ مۇتەللىپكە ياندىشىپ كەڭ سىمونت يولدا كېتىۋېتىپ، —مەن بۇ ئىككى-ئۈچ كۈندىن بۇيان قەۋەت خوشال. ئادىل بۇ يىل ئالى مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى بولۇۋاتىدۇ.

—مەن بۇنى بىلىمەن، ئۇستام، —دىدى مۇتەللىپ تەمكىن، سالماقلىق بىلەن، —ئادىل ئۆز سىنىپىدا ئەلاچى ئوقۇغۇچى. ئىنتىپاق ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى. ئۇنىڭ نۇقتىلىق ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇيالايدىغانلىغىدا گەپ يوق.

—رەھمەت، ئەپەندىم، —دىدى ئەمەت ئۇستا ۋە سەل تارتىنغان ھالدا ئېيتتى، —مەن بۇ دورەم يەنە سىلىنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم.

—ئۇنداق دىمىسىلە، ئۇستام، —دىدى مۇتەللىپ كۈلۈمسىرەپ، —سىلى خاتىرجەم بولسىلا، ئالى مەكتەپكە رەسمىي ئىمتىھان بېرىشكە يەنە ئىككى-ئۈچ ئاي ۋاقىت بار. مەن ئادىل بىلەن كېلىشتىم، بىللە مۇزاكىرە قىلىمىز، جەزمەن ياردەم بېرىمەن...

ئەمەت ئۇستا ھاياجانلىنىپ، لەۋلىرى تىترىدى:

—شۇنداق، ئەپەندىم، رەھمەت، —دىدى ئۇ، —بالا مېنىڭ بولغان بىلەن، ئادەم قىلىش سىلىدىن بولدى. تىكەندىن گۈل

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئۇنگەندەك، ئاسمانغا پىچاق ئاتىدىغان ئويۇن قىپىدىن خېلىلا
ئۇمتىلىك ئوقۇغۇچى يېتىلىپ كېلىۋاتىدۇ، بۇنىڭ ھەممىسى سىلىنىڭ
ئەجرىلىرى...

—ياق، ياق، ئۇستام، ئۇنداق دىمىسىلە، —دىدى مۇتەللىپ
ئورنىدا توختاپ ئەستايىدىللىق بىلەن، —بۇنىڭدا كوپ تەرەپلىمە
سەۋەپ بار، مۇھىمى، جاھان تۈزەلدى. ئۇنىدىن باشقا، ياش-
ئوسمۇرلەرنى يارامىلىق ئادەم قىلىپ تەربىيىلەش—خەلق ئوقۇتقۇچە-
سىنىڭ بۇرچى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بىز يىگىرمە يىللىق خوشنا-دە.
مىنىڭ ئادىلغا ياردەم بېرىشىم تېخى كوپ يېتەرسىز.

ئەمەت ئۇستىنىڭ قەلبىدە شادىيانە بىر ھاياجان دولقۇنلىنىپ،
خېلىغىچە نىمە دىيىشنى بىلمەي جىمجىت تۇرۇپ قالدى ۋە سەل
ھودۇقۇپ:

—ئەپەندىم، كەچۇرىلا، مىنىڭ سىلىنى يەنە ئاۋارە قىلىدىغان
بولدۇم، دىگىنىم باشقا بىر ئىش ئىدى، —دىدى.

—شۇنداقمۇ؟ —دىدى مۇتەللىپ قىزىقسىنىپ، —ناھايىتى ياخشى.
ئېيتسىلا، ئىمىشقا تارتىنىلا، نىمە ئىش ئىدى؟...

ئەمەت ئۇستا كوزلىرى نۇرلانغان ھالدا خوشاللىق بىلەن مۇنداق
دىدى:

—چىراق ئوزىنى يورۇتمايدۇ، ئەتراپىنى يورىتىدۇ، دىگىنى
راست ئىكەن. ئاتا-بوۋىلار: "بىلىم—ئەقىلنىڭ چىرىغى. بىلىملىكنىڭ
كوزىدە ئالەم بار، بىلىمسىزنىڭ كوزىدە مالەم" دىيىشەتتى. ھەم-
مىسى راست چىقتى. بىز بىلىمىز، سىلى ئادىلنىڭ كوڭلىنى يورۇت-
تىلا، ئادىل بولسا مىنىڭ كوڭلۇمنى نۇرلاندۇردى... ئېيتىپ كەلسەم
گەپ تولا. مانا ئىككى ھەپتە بولدى، «ئىنگلىزچە-خەنزۇچە



لۇغەت» ئىستەپ كەزمىگەن يېرىم قالمىدى...
مۇتەللىپ قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، ئىنتىك ئەمەت ئۇستىغا
قارىدى:

—نىمە دىدىلە ئۇستام، «ئىنگلىزچە-خەنزۇچە لۇغەت»
دەملا؟

—شۇنداق، ئەپەندىم...

—ئۇنى كىم؟... ... لۇغەتنى...

—بىزنىڭ ئادىل ئۇگىنىۋاتىدۇ...

—ئادىل! بىزنىڭ ئادىلمۇ؟ —مۇتەللىپ بۇ خەۋەردىن ھەقىقەتەن
ھەيران قالدى.

—شۇنداق، ئەپەندىم، —دىدى ئەمەت ئۇستا ئەستايىدىللىق
بىلەن جاۋاپ بېرىپ، —سىلىگە مەلۇم، ئادىل خەنزۇچىدا يامان
ئەمەس، ئىنگلىزچىنى بولسا، بىرەر يىلدىن بۇيان ئۇگىنىپ كېلى-
ۋاتىدۇ. بۇنىدىن كېيىن بۇ ھەقتىكى ئۇگىنىشىنى تېخىمۇ كۇچەيت-
مەكچى. شۇڭا، ئۇنىڭ غېمى يەنىلا ئاشۇ لۇغەتتە قالدى.

—قالتىس گەپ بوپتۇ بۇ! —دىدى مۇتەللىپ چوڭقۇر رازىمەنلىك
بىلەن، —بۇرۇن چىققان قۇلاقتىن كېيىن چىققان مۇڭگۇز ئېشىپ
كېتىدۇ، دىگىنى مۇشۇ-دە! ھازىرقى ياشلارنىڭ بىزنىڭ ياش چاغ-
لىرىمىزغا قارىغاندا ئويلايدىغان، ئارزۇ قىلىدىغانلىرى كوپ، ئىنتى-
لىشى كۇچلۇك. ئىلىم-پەن ئىشتىياقىدا ئوت بولۇپ يانىدىغان
چاغلىرى... ياخشى، مەن ئىزلەپ كورەي، مەن جەزمەن بۇ لۇغەتنى
تېپىپ بېرىمەن.

مۇتەللىپ شۇ كۇنى ئىزلەپ-سۇرۇشتۇرۇپ، كەچتە «ئىنگ-
لىزچە-خەنزۇچە لۇغەت»نى ئىنگلىز تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ

ئىشلەيدىغان بىر دوستىنىڭ ئۆيىدىن تېپىپ كەلدى. ئۇ كىشى يەنە، بەزى قوشۇمچە پايدىلىنىش ماتېرىياللىرىنىمۇ تەقدىم قىپتۇ. ئادىل لۇغەتنى تاپشۇرۇپ ئېلىپ، قەۋەت خوشال بولۇپ كەتتى. مۇتەللىپ ئادىلغا قاراپ:

—ئادىل، مېنى—باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇتقۇچىڭنى ئايىدىڭمۇ، سەن ئىنگلىزچە ئۆگىنىۋاتقىنىڭنى ماڭا نىمىشقا ئېيتمىدىڭ؟ —دەپ سوراپ قالدى.

—ئېيتقان، مۇئەللىم، —دېدى ئادىل، —سىز ئۇ چاغدا، قوشۇمچە ئۆگىنىۋاتقان نەرسىلىرىڭ كوپ، خەنزۇچە ئاساسىڭنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن كوپ كۈچ سەرپ قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، دىگەن ئىدىڭىز. ئالدىنقى يېرىم يىلدا سىناپ كوردۇم. ئانچە تەسىر يەتمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرنەچچە ساۋاقداش بىرلىكتە ۋاقىت جەدۋىلى بويىچە ئۆگىنىۋاتقانلىغىمىز ئۈچۈن، ئۈنۈمى بەك ياخشى بولىۋاتىدۇ...

## 4. تەڭ ئېچىلغان گۈللەر

سەككىزىنچى ئاينىڭ بىرى، گۈلزارلىق ھويلا ھوسنىگە تولغان چاغ، يەكشەنبە.

بۈگۈن ئەمەت ئۇستا سەھەردىلا ئورنىدىن ئالدىراپ تۇردى-دە، باشقىلار قول تەۋرىتىپ ياردەمگە كەلگىچە، ئۆزىلا پۈتۈن قورانى چىنىدەك تازىلاپ سۈپۈردى، كوك مۈزدەك قاتۇرۇپ سۇ سەپتى، ئۇ ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگا-رەڭ گۈللەرگە چاچما چوگۈندە سۇ سېپىپ كېلىۋېتىپ، ساتتارنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلدى. ساتتار



بۇ چاغدا، ئىگىز بەندىڭنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، چوڭ دەرۋازىنى سۇ بىلەن يۇيۇۋاتاتتى.

ئەمەت ئۇستا ساتتارغا نىمىدۇ بىر نەرسىنى تاپىلاپ ئېيتتى-دە، بۇرۇلۇپ دوختۇرنىڭ ئۆيى تەرەپكە كەتتى. ئۇ، دوختۇر بىلەنمۇ قىزغىن، لېكىن قىسقىلا سوزلەشتى-دە، بۇرۇلۇپ شەرقىي تامدىكى ئىشچى خوشنىسىنىڭ ئىشىگىگە كەلدى. ئۇنىڭ بىلەنمۇ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، نىمىنىدۇ دېيىشتى-دە، قايتىپ مۇتەللىپنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلدى.

—سالام، ئەپەندىم، خۇشۋاق قوپۇپسىلەمۇ؟ —دېدى ئۇ ساقال، بۇرۇتلىرىنى قىرىۋاتقان مۇتەللىپكە.

—رەھمەت، ئۇستام، سالام، —مۇتەللىپ شۇ گەپنى ئېيتىپ تۇرۇپ نىمىنىدۇ ئەسكە ئالدى-دە، ئالدىراپ لوڭگە بىلەن يۈز-كوزىنى سۈرتتى، —ئۇستام، —دېدى ئۇ قىزغىن بىر كەيپىياتتا خوشاللىق بىلەن، —مۇبارەك بولسۇن. تۈنۈگۈن ئاڭلىدىم، ئۆزلىرىگە "ئالاھىدە دەرىجىلىك ئاشپەز" دىگەن ئىلمىي ئاتاق بېرىلىپتۇ... تەبرىكلەيمەن!

—ھەي... رەھمەت، ئەپەندىم، —دېدى ئەمەت ئۇستا يۈز-كوزىدىن مىننەتدارلىق ھىسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان ھالدا، —ئويلىمىغان ئىش. تولۇق بىر ھەپتە ئىمتىھان ئېلىشتى، بىلگىنىمىز شۇنچىلىك. مەن بۇ ھۈنەرنىڭ شۇنچىۋالا قەدرى-قىممىتى بارلىغىنى مۇشۇ بىر-ئىككى يىلنىڭزىلا تولۇق چۈشەندىم، ئۇنىڭدىن قالسا، يېنىمىزدا ئۆزلىرىدەك "مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچى"، "ئالاھىدە دەرىجىلىك مۇئەللىم" دىگەن شەرەپلىك نام-ئاتىغى بار خوشنىمىز تۇرۇپتۇ. چىراق ئۆزىنى يورۇتمايدۇ-دە!...

ئەمەت ئۇستا بىلەن مۇتەللىپ قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ، بىر بىرىنى تەبرىكلەشتى. ئاندىن ئەمەت ئۇستا بايىقى خوشاللىق ھىسسىياتى بىلەن:

—ئەپەندىم، بايا خوشنىلارغىمۇ خەۋەر قىلىپ قويدۇم. بۈگۈن پېقىرنىڭ خانىسىغا مېھمان كەلمەكچى، چەتئەللىك دوستلار،—دېدى.

—ياخشىغۇ، بەلەن گەپ،—دېدى مۇتەللىپ قىزىقىپ.

—تۈنۈگۈن،—دېدى ئەمەت ئۇستا،—شىمالىي ياۋروپادىن كەلگەن بىرنەچچە مۇتەخەسسىس كەچلىك غىزادىن كېيىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىپ: "ئۇستام، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئېسىل ئۇيغۇر غىزا-تائاملىرىنى ئېتىپ بەرگىنىڭىز ئۈچۈن رەھمەت. ئەتە يەكشەنبە، بىزمۇ دەم ئالماقچى. ۋاقتىڭىز يەتسە، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بېرىپ ئويناپ كېلىشنى خالايمىز، دەپ چاقچاق قىلىشتى. ياخشى گەپ ئەمەسمۇ، مەن خوشاللىق بىلەن ئۇلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويدۇم. بۈگۈن ئۇزلىرىنىڭ باشقا ئىش-كۈشى بولمىسا، بىللە ئوينىساق قانداق؟...

مۇتەللىپ بۇ تەكلىپكە خوشاللىق بىلەن رازى بولدى. ئۇ نىمىنىدۇ دىمەكچى بولۇپ تۇرۇۋىدى، دەل شۇ چاغدا، ئۇلارنىڭ قېشىغا تەمتىرەش بىلەن جۇرئەت ئارىلىشىپ كەتكەن بىر قىياپەتتە ساتتار يېتىپ كەلدى.

—ھە، ساتتار، كەل دوستۇم،—دېدى مۇتەللىپ ئۇچۇق چىراي بىلەن ئۇنى قارشى ئېلىپ،—بۈگۈن ئۇستامنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولىمىز. تەمبۇرنى بەكلا ياخشى چالاتتىڭ. قانداق، رايىڭ بارمۇ؟...

—بايا، ئۇستام تەكلىپ قىلدى،—دېدى ساتتار ۋە بىردىنلا



ئاپپاق بولۇپ تاتىرىپ كەتتى،—مۇتەللىپ، مەن بەكمۇ خىجىل. سىنىڭ ئۇستۇڭدىن بىرمۇنچە ئېغىر گەپلەرنى دەپ سالدىم، "تەرەپ" كېسەلى ئاشۇنداق قىلغۇزدى. مېنىڭ كاساپىتىمدىن دەرتىمۇ تارتىۋالدىڭ. ئۇستام بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنىمۇ بۇزدۇم. كۆڭلۈڭدىن چىقىرىۋەتسەڭ...

مۇتەللىپ ئۇنىڭ قولىنى ساتتارنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ، سەمىمىلىك بىلەن:

—ساتتار، "مېنىڭ كاساپىتىمدىن" دېگىنىڭ نىمىسى، توغرا ئەمەس،—دېدى ۋە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ ئېيتتى،—سىنىڭ ئەمەس، تولىمۇ سول لۇشيەنىنىڭ كاساپىتىدىن ھەممىمىز ئاز-تولا دەرت تارتتۇق. بۇ ھساپ تۈگىدى. قايتا تىلغا ئېلىپ يۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق...

ساتتار قولىغا ئىشەنمىگەندەك، ئىنتىك بېشىنى كوتىرىپ مۇتەللىپكە قارىدى، مۇتەللىپ ئۇنىڭ قولىنى قىزغىنلىق بىلەن قىستى...

چۈشكە يېقىن يالتىراپ تۇرغان "شاڭخەي" گۈلزارلىق ھويلىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختاپ، ئۈچ نەپەر چەتئەللىك دوست چۈشۈپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرسى قىزىل ساقاللىق بوۋاي، ئىككىسى ساقال بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ئىدى.

ئەمەت ئۇستا چەتئەللىك مېھمانلارنى دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ، ئىككى قوللاپ كورۇشۇپ، قىزغىن قارشى ئالدى. خولۇم-خوشنىلارمۇ دەرۋازا ئالدىغا چىقىشتى. ئەمەت ئۇستا چەتئەل مېھمانخانىسىدا چالا-پۇلا ئۆگىنىۋالغان ئىنگلىز تىلى بىلەن مېھمانلارنى قارشى ئالدىغانلىغىنى بىلدۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن، بىردىنلا مېھمانىنى تەكلىپ قىلىپ، تەرجىمان تەكلىپ قىلىشنى ئەستىن چىقىرىپ قويغانلىقىغا چىن كۆڭلىدىن ئەپسۇسلىنىپ كەتتى. "مۇنداق يېرىم-

ياتا سوز بىلەن قانداقمۇ ئازادە سوزلىشىپ ئولتۇرغىلى بولسۇن»
دەپ ئويلىدى ئۇ تىت-تىت بولۇپ.

دەل شۇ پەيتتە، ئوغلى ئادىل دادىسىنىڭ ھىسسىياتىنى، قىيىنىلىپ بىئارام بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى:

— دادا، بىئارام بولماڭ، — دېدى ئۇ چوڭ كوزلىرىنى خۇشاللىق بىلەن چاقنىتىپ، — مەن ياردەملىشەم بولامدۇ؟

ئەمەت ئۇستا كۈتۈلمىگەن بىر ئامەت ئاسماندىن كېلىپ قولىغا چۈشكەندەك چەكسىز خۇشال بولۇپ كەتتى:

— ئەھەي... توگە مىنىپ تۇرۇپ، توگىسىنى ئىزلەپتۇ، دىگەننىڭ ئوزى شۇدە! — دېدى ئۇ مېھمانلارغا خۇشاللىق بىلەن قاراپ، — تونۇشۇڭلار، بۇ مېنىڭ ئوغلۇم ئادىل. ئىنگلىز تىلىنى ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا ئۆگىنىۋالغان، يېقىندا بېيجىڭغا ماڭىدۇ، چىڭخۇا داشۆبىدە ئوقۇماقچى...

ئادىل چەتئەللىك دوستلارغا بېشىنى مۇلايىم ئېگىپ سالام قىلدى. ئاندىن ئىنگلىز تىلىدا ئالاھىدە دەرىجىلىك ئوقۇتقۇچى مۇتەللىپنى، يېقىندا باش ۋىراچ ئۇنۋانىنى ئالغان خوشنىسى كوزەيىنەكلىك دوختۇرنى، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ سايلانغان ئىشچىنى، ساتتارنى ۋە باشقىلارنى بىر-بىرلەپ تونۇشتۇردى.

چەتئەللىك دوستلار ئادىلنىڭ ئىنگلىز تىلىنى خېلىلا راۋان سوزلەيدىغانلىقىغا قايىل بولۇپ، ئۇنىڭ قولىنى قىستى، ئادىل دادىسىنىڭ مېھمانلارنى ئويگە تەكلىپ قىلىپ: «قېنى، مەرھەمەت، ئويگە، بىزدە مېھمان خۇشاللىق، ئىناقلىقنىڭ ئالامىتى» دىگەن سوزىنى ئىنگلىزچىغا تەرجىمە قىلىپ بەردى.

(«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 11-سانىدىن)



# ھازازۇل

جاپپار قاسىم

## 1

بامدات ۋاقتى، قىلۋىدىن ئۇرۇلۇۋاتقان ئاچچىق سوغ شامال قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرتۇپ كېلىپ، ئوچرەتتىكىلەرنىڭ يۈز-كوزلىرىگە نەشتەردەك ئۇراتتى. تومۇر دەرۋازا ئالدىدىكى چىراقلارنىڭ گاھ غۇۋالىشىپ، گاھ نۇرلىنىشىدىن يالتىرىغان قار ئۇچقۇنلىرى كوزلەرنى قاماشتۇراتتى. سۈت ئالغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى پۇتلىرىنى بىر بىرىگە ئۇرۇپ ئۇ ياق-بۇ ياققا يۈگرۈشەتتى، ئالقانلىرى بىلەن قۇلاقلىرىنى ئۇۋۇلىشاتتى؛ بەزىلىرى تاياقتەك قېتىپ قالغان قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، يەڭلىرىگە، قويۇنلىرىغا تىقىشاتتى....

سۈت ئالغۇچىلار لاۋتاگىنى ئەنە شۇنداق كۈتمەكتە. خىزمەت ۋاقتىغا 40—50 مىنۇتلا قالغان ئىدى، كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن غودۇڭشىشقا باشلىدى:

— نىمە دىگەن ئوزىنى سورىمايدىغان ئايال بۇ!

— «غوجامنىڭ قوسىغى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق» دىگەن شۇ-دە.

— بۇنداق قوپال گەپلەرنى ئىنقىلاۋىي رەھبىرىي كادىرلارغا ئىشلەتسەك بولمايدۇ، ئەلۋەتتە! — مەدىنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاراتۇپ قۇلاقچىسىنى رۇسلاپ قويۇپ، گەپكە قوشۇق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سالدى.

—ئۇ بۇرۇن كەلسىمۇ، كېيىن كەلسىمۇ، بەرىبىر ئوخشاش، يولداشلار. مىڭ ئالدىرىساقمۇ ئوچرەتنىڭ ئالدى، سۈتنىڭ يۈزى شۇنىڭ...

—باشلىق بولغاندىن كېيىن، شۇنداق بولۇشقا تېگىشلىك، ئەلۋەتتە!...

—سۈت دىگەن ئاددى گەپقۇ، ۋىلايىتىمىزدىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئالدى شۇنىڭ، ھەم نورمىسىز دىمەمسىز!

—مېنىڭچە مۇنداق قىلساق،—باياتىن بېرى يولداشلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇرغان نادىر گەپ ئاچتى،—لاۋتاڭنى غاجاۋەرگەندىن پايدا چىقمايدۇ، ئۇنىڭدىن كورە، ئۇنىڭ سۈتىنى باشقا قاچىغا ئېلىپ قويۇپ، باشقىلارنىڭ سۈتىنى بېرىۋەرسەك.

—سەن تولا ئاتىكاچىلىق قىلماي تۇرۇپ تۇر، بەش مىنۇتقا ئولمەيسەن، ئەلۋەتتە!—ئاراتۇپ دەرھاللا نادىرغا تەگدى.

—مەن ئولمىگەن بىلەن، چوڭلارغا، كىيىمى يېلىڭلارغا ئۇۋال بولۇۋاتىدۇ، خىزمەت ۋاقتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ،... سىزمۇ گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىكەنسىز!—نادىر ئاراتۇپنىڭ گېپىنى قېقىۋېتىپ، سۈتچىگە بۇرۇلدى.—سىزچە قانداق قىلساق بولار، سۈتچى؟!

لېكىن، قايسى بىر چاغدا شۇنداق قىلىپ قويۇپ، لاۋتاڭدىن تويغىچە دەشنەم يەپ، يۈرىگالدى بولۇپ كەتكەن سۈتچى بۇ گەپكە كونەر ئەمەس ئىدى. سۈت ئالغۇچىلار نادىرنىڭ گېپىنى بىردەك قوللىغان بولسىمۇ، ھېچقايسىسى پېتىنالمىدى. نىمىشقا دىسىڭىز، ئۇلار، يۈرت چوڭلىرى كەلمىگىچە داستىخان سېلىنمىغاندەك، لاۋتاڭ كەلمىگىچە ھەرقانداق ئادەمگە سۈت بېرىلمەيدىغانلىغىنى، ئەگەر بېرى-



لمىدىغان بولسا، دەككىسىنى يەيدىغانلىغىنى ياخشى بىلەتتى.

—ئۇنداق بولسا،—دىدى نادىر، سۈتچىنىڭ رايىچە بولۇپ،—بىز كۈتسەك كۈتەيلى. لېكىن مۇنۇ ئىككى ھەدىمىزنى يولغا سېلىۋەتسەك قانداق؟—ئۇ بۇرۇلۇپ ياشانغان ئايالنىڭ قولىدىكى سۈت قاچىسىنى ئېلىپ، سۈتچىگە ئۇزاتتى.

تالاش-تارتىش، غەيۋەت-شىكايەت ئۈستىگە لاۋتاڭ چاپىنىنى پېپىنچاقلاپ، غادىيىپ كېلىپ قالدى. ئۇ پەرۋاسىزلىق بىلەن كىشىلەر ئالدىغا ئوتتى-دە، نادىرنىڭ قولىدىكى سۈت ئېلىش ئۈچۈن ئەمدىلا سۇنۇلغان قاچىنى قېقىۋەتتى ۋە غودۇڭشىدى:

—كېلىۋاتقىنىمنى كوروپ تۇرۇپ، تەپ تارتماي قاچىسىنى سۇنۇۋاتقىنىنى قارا!—لاۋتاڭ چېلىگىنى سۈتچىگە سۇنۇپ، تۇڭلاردىكى سۈتنىڭ يۈزىنى ئېلىشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بۇ قىلىغى خېلىدىن بېرى ئۇنى تولا كۈتۈپ جىلى بولغان كىشىلەرنىڭ غەزەپ پىلتىسىگە ئوت ياقتى:

—شۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟

—ماۋۇ يولسىزلىقنى قاراڭلار!

—ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش ئەمەسمۇ؟!

—ئو...ش، ھەجەپ هايا دىگەننى بىلمەيدىغان ئايالكەنا، بۇ. شۇجى بولسا ئېرى شۇجى، بۇنىڭغا نىمە يوق؟!—يېشى قىرىقتىن هالقىغان بىر ئايال قاچىسىنى كوتىرىپ كېلىپ، لاۋتاڭنىڭ ئالدىغا ئوتتى-دە، سوزىنى داۋام قىلدى،—قاغا پوق يىمەستە كېلىپ، خانىشنى كۈتكەندەك كۈتۈپ تۇرغان گۈنايىمىزغا زورلۇق قىلامدىكىنە؟!

—هوي، هوي، بولدى، ئاغزىڭىزنى يۇمۇڭ، ئەدەپسىزلىك

بولىدۇ، چوڭ كىشىلەر ئەمەسمۇ، ئەلۋەتتە! — ئاراتۇپ ئالمان-تالمان قىستۇرۇلدى.

— ئو..ش، ماۋۇ ھەم پۇشپۇش، ھەم كۇشكۇش نىمە جىنىمنى چىقىرىدۇ؟ يالاقچىلىق قىلماي نېرى بېرىڭە! بىزمۇ ئۆزىمىزگە چۇشلۇق ئادەم.

لاۋتاڭ ئايالنىڭ سوزىنى ئۇقمىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالغانلىقىنى كورۇپ، ئەرۋايى قىرىق گەز ئۇچتى:

— ھوي، سېنىڭ بېشىڭ نەدە يوغىناپ كەتكەن، شۇنچە؟! — لاۋتاڭ كۇرۇك توخۇدەك ھورپىيىپ، بېگىز قولىنى ئايالغا جوڭدى، — يۇزۇڭنى داپتەك، يۇرىگىڭنى قاپتەك قىلىپ، ئالدىمغا ئوتىۋالىسەنا، تېخى! ئەدەپ-ھورمەت دىگەننى بىلمەمسەن؟!

— شۇنى دىمەمدىغان! بۇ ئايال تاڭ كېجاڭنى تونۇمامدۇ نىمە؟! يا ئاللا!...ھوي، ئايالۇي، بۇ ۋاڭ شۇجىنىڭ رەپىقىسى بولىدۇ، — ئاراتۇپ لاۋتاڭنىڭ كوزىنىڭ ئىچىگە قاراپ قويۇپ، ھىلىقى ئايالغا ئالايدى.

— ئو..ش، كىمنىڭ ئايالى بولسا بولمامدۇ!

— لاۋتاڭ سىز توغرا قىلمىدىڭىز!

— راست دەيدۇ، بۇ قىلغىنىڭىز قىپ-قىزىل يولسىزلىق!

— قالغانلىرىڭ بىلجىرلاشما! — لاۋتاڭ ئارىلاشقۇچىلارنى قاتتىق سىلكىۋەتتى. قانچىلىغان كوزلەر ئۇنىڭغا بېگىزدەك قادىلىپ، نەپرەت ياغدۇرماقتا ئىدى.

— توختاڭە، ئاۋال سىز گەپنى چۇشىنىڭ! — نادىر ئارىغا چۇشۇپ، لاۋتاڭغا چۇشەندۇرۇشكە باشلىدى، — دىمىسىمۇ سىزنى كوپ ساقلاپ كەتتۇق. ياخشىسى، ئەتىگەنرەك چىقىپ، چېلىكىڭىزنى تاشلاپ



قويۇپلا كەتسىڭىز، مۇشۇ كوڭۇل ئاغرىشمۇ بولمايتتى، دەڭە. ئۇنىڭ ئۇستىگە، خەقنىڭ قاچىسىنى چۇشۇرۇۋەتكەننى ئاز دەپ، ئەتتىردۋېتىپ ئالدىغا ئوتۇۋالغىنىڭىز ياخشى بولمىدى.

— نادىر، سەن ھوشۇڭنى يىغ! ياخشى بولغان-بولمىغانلىغى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئەلۋەتتە! — ئاراتۇپ قوشۇمىسى تۇرۇلگەن ھالدا نادىرغا گولەيدى.

— ياخشى بولمىدى؟ تېخى مەن ياخشى قىلمىدىمما؟! — لاۋتاڭ چىرايى قارىدىغان ھالدا ۋاقىراشقا باشلىدى، — ھوي، سەن تېخى جېنىڭغا چۇشلۇق ئىش قىلماي، مېنى ئەيىپلىگۇدەك بولدۇڭما؟

— شۇنى دەيمىنا، سىز كىچىك ئادەم بولمىسىڭىز،...ئەستەغپۇرۇللا... — ئاراتۇپ قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ قايناپ سوزلەپ كەتتى، — باشقا كىشى بولسىمۇ بىر نورى، بۇ — تاڭ كېجاڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاڭ شۇجىنىڭ ئايالى-دە!

— كىمنىڭ ئايالى بولسا بولسۇن! — دىدى نادىر كەسكىن ھالدا، — مەن باشلىقنىڭ ئايالى دەپ خالىغانچە يولسىزلىق قىلىشقا، باشلىقنىڭ نامىنى كالتەك قىلىۋېلىپ، ئورۇنسىز ئادەم دۇمبالاشقا يول قويۇلمايدۇ. رەھبىرىي كادىرنىڭ ئايالىدا رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئاياللىرىغا خاس پەزىلەت، ئەخلاق بولۇشى كېرەك، — ئەتراپتىكىلەر رازىمەنلىك بىلەن باش لىڭشىتىپ، نادىرنىڭ سوزىنى ماقۇللىدى. نادىرنىڭ ئوتكۇر سوزلىرى لاۋتاڭنىڭ زەردىسىگە تازا تەككەن بولسا كېرەك، ئەتىمالىم، ئۇ كوكۇيۇن چېقىۋالغان ئاتتەك چىچاڭشىپ كەتتى.

— ھە، ئۆزەڭ مۇشتەك تۇرۇپ، نوغۇچتەك گەپ قىلىسەنغۇ! — لاۋتاڭ كوكەملىك قىلىپ نادىرنىڭ كوزىگە كىرىۋالدى، — ئېيتە،

www.uyghurkitap.com

ھە، مېنىڭ ئەخلاقىم نىمە بوپتۇ؟ ئېيت!

—مانا، مانا، نادىر كەچۈرگۈسىز چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزدى،— ئاراتۇپ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، ئوت ئۇستىگە ماي سەپمەكچى بولدى-دە، كوپچىلىككە قاراپ ئۈنلۈك ۋاقىردى،—ئىنقىلاۋىي رەھبىرىي كادىرلارنى ئەخلاقسىز، دىدى، بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، يولداشلار، ئەلۋەتتە!

—توختاپ تۇر، سېنى!—لاۋتاڭ تېخىمۇ قىزىشىپ، بېگىز قولى بىلەن نادىرنىڭ پېشانىسىگە نوقۇپ قويۇپ داۋام قىلدى،—ئەخلاق-سىزلىقىمنى تاپقۇزۇپ، ئاناڭدىن ئەمگەن سۈتۈڭنى بۇرنۇڭدىن بۇلاق قىلمايدىغان بولسام، ۋاڭ چېڭنىڭ ئايالى بولماي كېتەي!

—قولىڭىزنى تارتىڭ! بىزدە ”يولدىن چىقما، خاندىن قورقما“ دىگەن گەپ بار. مەن خاتا قىلغان بولسام، ھەممە شارائىتىڭىز بولغاندىن كېيىن، قولىڭىزدىن كەلگىنىنى قىلمامسىز!

ئەھۋالنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كورگەن سۈت ئالغۇچىلار لاۋتاڭنىڭ چوقماقچىلىقىنى بىلگەچكىمۇ، نادىرنى جېمىلەپ يولغا سېلىپ جىدەلنى تۈگەتمەكچى بولۇشتى.

—بولدى، ئۇكام! سەن كەت! ”پوقىقا چالما ئاتساڭ ئۆزەڭگە چاچرايدۇ.“

—راست دەيدۇ، سىز كىچىك بولغاندىن كېيىن، گېپىمىزنى ئېلىپ، كېتىڭ ئۇكام.

—ھە، نادىر، ساۋاقلار يېتەرلىك،... ”ئوينىشاڭ ئەرباپ بىلەن، ئۇرىدۇ ھەر باپ بىلەن.“

نادىر ئەتراپتىكىلەرنىڭ گېپىنى ئىلىك ئېلىپ، سۈتنى ئالدي-دە، ئويىگە ماڭدى.



—نەگە باراتتىڭ، توختا! مەن قولۇمدىن نىمە كېلىدىغانلىقىنى بىر كورستىپ قوياي، —نادىر ئىش بىناسىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، لاۋتاڭ ئارقىدىن كېلىپ توختاتتى، —ماياقىقا ماڭ، لۈكچەك!—ئۇ كەلگەن پېتى نادىرنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىغا ئېسىلىپ بىر تارتىۋىدى، چاپاننىڭ ياقىسى سوكۇلۇپ، گەجگىسىگە بېرىپ توختىدى.

—لاۋتاڭ، سوز بولسا چىرايلىق قىلىڭ، كىيىمگە ئېسىلماڭ!

لېكىن، ئەسەبىلەشكەن لاۋتاڭ ئىگەر-توقۇمىنى قارنىغا ئالدى-دە، نادىرنىڭ گېپى تۈگە-تۈگمەي، ئۇنىڭ قولىدىكى سۈت قاچىسىنى بىر قويۇپ چۈشۈرۈۋەتتى.

—نىمىشقا ئۇنداق قىلىدىغاندۇ. ماۋۇ ھازازۇل، نېرىراق تۇرە جېنىمنى ئالىدىغان ئىش بولىسمۇ.

نادىر لاۋتاڭنى ئىتتىرىش بىلەن تەڭ، لاۋتاڭ ”ۋايجان، ئادەم ئۇردى!“دەپ قاتتىق بىر چىقىرىدى-دە، ئوزىنى يەرگە تاشلاپ، جاۋغىيىدىن كوۋۈك چىقىرىپ، خاقىراپ يېتىۋالدى.

—يائاللا، مۇنداقمۇ ئۇششۇق ئادەملەر بولىدىكەن-ھە!

—تووۋا قىلدىم، نىمىدىگەن ھازازۇل ئايال بۇ!

—”توھمىتىڭگە توھمەت قىلاي، توھمىتىڭ ھەيران قالسۇن“ دىگەن مۇشۇدە.

ئەتراپتىكىلەر تەئەججۇپلىنىپ، ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ تۇرۇپ قېلىشتى.

—ھەي، يامان بولدى، تاڭ كېچاڭ يامان بولدى، نادىر ئۇردى. دوختۇر كېرەك!—ئاراتۇپ يۈگۈرگەن پېتى چىقىپ كەتتى. ئۇزۇن ئوتمەي، لاۋتاڭ ئاراتۇپنىڭ ھەمرالىقىدا ”فىڭتيەن“ ماركىلىق كىچىك ماشىنا بىلەن دوختۇرخانىغا ئېلىپ كېتىلدى.

## 2

لاۋتاڭ ئۇكڭ تەرىپىگە بىر جۈپ سافا قويۇلغان تاختايلىق ئازادە ئىشخانىدا گىلىزىنى ئۈزۈلدۈرمەي چېكىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا تىنماي ماڭاتتى. بەزىدە ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ، چېكىسىنى تۇتۇپ ئولتۇرۇپ قالاتتى؛ تۇرۇپ-تۇرۇپ ئېلىشىپ قالغان كىشىلەردەك ئۆز ئۆزىگە سۆزلەپ كېتەتتى. ئۇنىڭ يۈزلىرى چىڭقىلىپ، گۆرەنلىرى كۆپۈپ، تومۇرلىرى تېشىغا تەپكەن، سېمىزلىكتىن قىسىلغان كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى كۆكىرىپ كەتكەن ئىدى.

ۋاڭ شۇجىنىڭ يىغىنغا كېتىشى، دوختۇرخانە ۋە ج خ ئىدار- سىدىكىلەرنىڭ لاۋتاڭنىڭ گېپىنى ئاڭلىماسلىغى ئۇنى تولىمۇ بىئارام قىلدى. بىرقانچە كۈنلەردىن بېرى ئۇنىڭ گېلىدىن تاماق ئۆتمىدى، قېنىپقىنا ئۇخلىيالمىدى.

ئۇ ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ كۆزىنى يۇمسىلا ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى كاڭ دەيفۇ كۆز ئالدىدا پەيدا بولاتتى ياكى ج خ ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭى ئىشكىنى ئېچىپ كىرىپ كەلگەندەك تۇيۇ- لاتتى-دە، لاۋتاڭ سەسكىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ئۇ ئويلى- ماسلىققا تىرىشسىمۇ بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەيتتى.

ئۇ ياڭ دەيفۇدىن نادىرنىڭ ئۆزىنى ئۆرۈپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەت- كەنلىگى توغرىسىدا ئىسپىراپكا ئېلىۋىدى، كاڭ دەيفۇ ئۇنى يىرتىپ تاشلاپ، "قان بېسىمى ئۆرلەپ كەتكەنلىكتىن ھوشىدىن كەتكەن" دېگەن ئىسپىراپكىنى تۇتقۇزۇپ قويدى. كاڭ دەيفۇ بىلەن ئۇرۇشە-



ۋىدى، ئۇ، دوختۇرخانە مەسئۇللىرىغا ئەيىنى ئەھۋالنى ئىنكاس قىلىپ، لاۋتاڭنىڭ چاۋىسىنى چىتقا يايدى. ئۇ، يەنە شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن ج خ ئىدارىسىنىڭ جۈيجاڭىنى چاقىرتىۋىدى، جۈيجاڭ ئۇ كۈنى كەلمەي، ماجرا ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئەتىسى بىراقلا كەلدى. يەنە كېلىپ، ماجرانى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگۈچىنى — مەدىنىيەت ئىدارىسىدىكى جاڭ جۈيجاڭىنىڭ ئوغلى، ئامانلىق ساقلاش بۆلۈمىنىڭ باشلىغىنى بىللە ئېلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ: "مەن ۋاڭ شۇجىنىڭ ئايالى"دەپ ھەممىگە تەڭ چېپىلىپ، قانۇن ئىشلىرىغا خالىغانچە ئارىلىشىپ، باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىشقا مۇتلەق يول قويۇلمايدىغانلىغىنى، "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئۆزى بىلگەنچە ئادەم تۇتىدىغان ۋاقتىنىڭ كەلمەسكە كەتكەنلىگىنى، لاۋتاڭنىڭ قىلىقلىرى — قىپ-قىزىل مۇتىھەملىك، يولسىزلىق ئىكەنلىگىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، لاۋتاڭنىڭ پىكرىنى رەت قىلدى.

لاۋتاڭ بۇ ئىككى ئورۇندا مىققا ئۇسكەندىن كېيىن، گاڭگىراپ قالغان ئىدى. ئۇ، بىرقانچە كۈندىن بېرى، قاتتىق باش قاتۇرۇپمۇ نادىرنىڭ ئەدەۋىنى بېرىشنىڭ تۈزۈك چارىسىنى قىلالمىدى. "قانداق قىلىش كېرەك؟ بولدى قىلىش كېرەكمۇ؟ ياق! بولدى قىلغان بىلەن مۇندىن كېيىن دەخلىسى بولىدۇ." لاۋتاڭ گىلىزىدىن يەنە بىرنى ئۇلاشتۇرۇپ قاتتىق شورىغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆزىگە پىچىرلىدى:

— "كىچىككىنە بىر نىمىلەر پۈتۈن سۇرۇك بىر ۋىلايەتنى پىقىرتى- ۋاتقان ۋاڭ شۇجىنىڭ ئايالىغا پۇت ئېتىپتۇ" دېسە، نىمە دېگەن سەتچىلىك ھە؟!...ھىم، مېنى ھازازۇل دىدىمۇ، ھازازۇللۇغۇمنى بىر كۆرسىتىپ قوياي....مۇتلەق ئابروي تىكلىمەي بولمايدۇ. شۇجى- نىڭ ئايالى ئىكەنمەن، كىشىلەر ماڭا شۇجىغا ئوخشاش مۇئامىلە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىشى، مەندىن مەسلىھەت-يولىيورۇق سورىشى كېرەك-تە! چۈنكى، ئۆزەم ئايال بولغىنىم بىلەن، كۆپ نەرسىلەردە لاۋۋاڭغا مەسلىھەت بېرەلەيمەن، بىرىنچى قول-ئەمىلىيەتتە مەن-دە!...ياق، ياق! بىراق، ھازىر لاۋۋاڭدىمۇ ئۆزگىرىش بار.... خېلىلا ئۆزگىرىش بار. يېقىنقى يىللاردىن بېرى، كېيىمگە ئانچە قوناق بەرمەيدىغان بوپقېلىۋاتىدۇ...مەن بىلەن ئۈزەڭگە سوقۇشتۇرغان لاۋلى دىگەن جۇۋاينىمەكنى باپلاشتا لاۋۋاڭ تازا قوللىغان-يۇ، ئەمما، 1979-يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىمۇ يەنە لاۋۋاڭ كۈچ چىقاردى.... شۇنىسى، ئۇ بايقۇشمۇ تەڭلىكتە قالدى. ئۇ ياققا تارتسا ئات ئۆلىدۇ، بۇ ياققا تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ،... ئاخىرى مەركەز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر يۈزلۈكرەك كەلدى. نىملا بولمىسۇن، بۇ ئىشتا شۇلارنى قوللىمايمۇ لاۋۋاڭ لاۋۋاڭ بولۇپ تۇرالمايدۇ-دە.

لاۋتاڭ ئىستاكاندىكى دەملەنگەن پۇراقلىق چاينى ئىككى-ئۈچ يۇتۇپ، پىچىرلاشنى داۋام قىلدى:

— ماقۇل، ئۇ چاغدىغۇ مەركەز خىزمەت گۇرۇپپىسىدىكىلەر بار، ئىلاجسىز شۇنداق قىلدى، دەيلى. ئەمدىچۇ؟! — لاۋتاڭ ئۆزىنى سافاغا تاشلاپ، تورۇسقا تىكىلگىنىچە بىر دەم ياتتى-دە، يەنە سۆزلەپ تۇرۇپ كەتتى. — ھەي لاۋۋاڭ، ھەي لاۋۋاڭ، مەن سىزنىڭ 30 يىللىق ھەمرىيىڭىز، بىز 30 يىل بىر ئورۇن، بىر قويۇندا بولدۇق...ئەمدى بۇ ئىشتىمۇ ئاشۇ نادىر لۈكچەكنىڭ گېپىنى راست قىلىسىڭىز،...ھىم، بۇ — نادىر، ئۇ — لاۋلى، ئىككىسى ئىككى گەپ. — لاۋتاڭ دەرىزىدىن بۇلۇت پارچىلىرى ئۈزۈپ يۈرگەن كۆپ-كۆك ئاسمانغا تىكىلدى. كۆز ئالدىدىكى بوشلۇقتا بىر سا بىر دەم ئۆرلەپ، بىر دەم پەسلەپ چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئايلانماقتا ئىدى. لاۋتاڭ سانى



تاماشا قىلىپ ئاچچىق كۈلدى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — لاۋۋاڭنىڭ ئۆزگىرىشىدىن قارىغاندا، ئۇ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، كىمنىڭ گېپىنى راست قىلىدىغانلىقى ھەققىدە بىر نىمە دېيىش ھازىرچە قىيىن،... مەيلى قانداق بولمىسۇن، لاۋۋاڭ كەلگىچە، ئۇ لۈكچەكنىڭ ئەدىۋىنى قاتتىق بېرىپ، چوڭ-كىچىك يېتىم ئاقساقاللارنى چوچۇتۇپ قويماي بولمايدۇ. ھېچ بولمىغاندا: "ۋاڭ شۇجى ئۇنداق دىدى، ۋاڭ شۇجى مۇنداق دىدى" دەپ يۈرۈپ بولسىمۇ بىر ئىش قىلغىلى بولىدۇ... — لاۋتاڭ بىر دەقىقە جىمىپ قالدى-يۇ، نىمىندۇر ئېسىگە ئېلىپ كۈلۈپ كەتتى. — ھى-ھى-ھى، توغرا، يەنە ھىلىقى ئاراتۇپقا ئوخشاشلاردىن پايدىلانغىلىمۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ؟! ھەي، مەن ئېسىم قۇرغۇر... ھى-ھى-ھى، — لاۋتاڭنىڭ قارا بۇلۇتنى ئەسلىتىدىغان چىرايى ئېچىلىپ، دادىسىدىن ھېيتلىق ئالغان باللاردەك تېلىقىپ كۈلدى. ئۇ، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئىشىكنى قاتتىق چېكىشىدىن كېيىن كۈلكىدىن توختاپ، ئىشىكنى ئاچتى.

— ۋاڭ شۇجىنىڭ خېتى، — بىرسى قىيا ئېچىلغان ئىشىكتىن خەتنى بېرىپ كېتىپ قالدى.

— ھى-ھى-ھى، بۇ خەت ئارقىلىقمۇ جىق ئىشلارنى پۈتتۈرۈش مۇمكىن، ھى-ھى-ھى،... — لاۋتاڭ ئېچىلمىغان سېرىق كونۋېرتقا قاراپ، مەنىلىك كۈلدى.

## 3

ئاراتۇپ لاۋتاڭغا يېقىپ قالغانلىقىدىن مەسخۇش بولۇپ، شېرىن ئارزۇلار بىلەن لاۋتاڭنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. قانداقتۇ بىر ئاچكۆز-

لۇك تاماسى ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئويناتماقتا ئىدى.

— قىلغان ئەجرىم بىكار كەتمىسە كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە پىچىرلاپ، — تاڭ كېچاكىنىڭ: ۋاڭ شۇجى "نادىرنى ئا جۇيجاڭ بىلەن بىرلىكتە قاتتىق بىر تەرەپ قىلىڭلار" دەپ خەت يېزىپتۇ، دىگىنىگە قارىغاندا، شۇجىنىڭ "ئىلتىپاتى" تېگىپ قالامدۇ، قانداق؟ نادىرنى تەكشۈرتۈش، سوراق قىلىش جەريانىدا كورسەتكەن خىزمىتىممۇ تاڭ كېچاكىغا ياراپ قالدى، ئەلۋەتتە. باشلىقنىڭ مەخسۇس مەن ئۈچۈن زىيابەت بېرىشىمۇ مۇشۇ ۋەجىدىن بولسا كېرەك، ئەلۋەتتە. نادىر ئۈستىدە تۈرغۈزۈلغان ماتىرىياللارنى كورسە، مېنى بېشىدا كوتىرىدۇ، تېخى. بېلىقچى قۇش بىلەن قۇلۇلە تۇتۇشۇپ قالسا، پايدا بېلىقچىغا بولىدۇ-دە، ئەلۋەتتە!

ئاراتۇپ ئۆزىمۇ نادىرنى سىرغىسىغا بىر تايغۇزۇشنى ئۆزۈندىن بېرى كوڭلىگە پۈكۈپ يۈرەتتى، ئاراتۇپنىڭ سۇئىقەست نەشتىرىنى ۋاقتىلىق مىكىر غىلاۋىغا سېلىپ قويغانلىغىنى نادىر بىلمەيتتى. نادىرنىڭ كۈتۈلمىگەندە "باشلىق"نىڭ ئوڭ يانپىشىغا چىققانلىغى ئاراتۇپ ئۈچۈن ھەم نادىرغا تېتىش ھەم "باشلىق"قا ئۆزىنى كورسىتىشنىڭ ياخشى — بىردىن-بىر پەيتى، يۇقۇرىغا يامىشىشنىڭ تازا ئوبدان بالدىغى بولغان ئىدى. بۇنىڭدا مۇنداق سەۋەپ بار ئىدى:

*1978*-يىلى، تەشكىلات بولۇمى ئوتتۇرا قاتلامدىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ خىزمەت قابىلىيىتى، ئىدىيىدە ئازات بولۇشى، 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشقا ماسلىشىپ كېتەلەيدىغان-كېتەلمەيدىغانلىغى قاتارلىق جەھەتلەردە پىكىر ئالغاندا، نادىر قاتارلىقلار ئاراتۇپنىڭ باشلىقلارنىڭ قولتۇغىغا سۇ پۈركۈش، سۇخەنچىلىق قىلىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان، پارتىيىلىك كوزقارىشى ئاجىز، ئۇزۇن يىللار مابەي-



نىدە "خوپ" بىلەن جان ساقلاپ كېلىۋاتقان، ئەتىدىن-كەچكىچە غەيۋەتخور خوتۇنلاردەك كوتۇلداپ يۈرىدىغان، مەنسەپپەرەس، ئىقتىدارسىز باشلىق ئىكەنلىكىنى، بۇنداق باشلىق بىلەن 4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بولمايدىغانلىغىنى ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى. بۇ گەپنى بەزىلەر شۇ كۈنىلا ئېقتىماي-تېمىتماي ئاراتۇپقا يەتكۈزگەن ئىدى.

ئاراتۇپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، ھاياجاندىن يۈرىكى سوقۇپ كەتتى. ئۇ لامپۇچكا يورۇغىدا بىر دەم تۇرۇپ، كىيىم-كېچىكىنى تۈزەشتۇرۇپ، قۇلاقچىسىنى رۇسلىدى-دە، ئەدەپ بىلەن ئىشىكنى چەكتى.

— ھى-ھى-ھى، ئا جۇيجاڭغۇ دەيمەن؟! — لاۋتاڭ چىقىپ ئاراتۇپنى قىزغىن كۈتۈۋالدى، — كېلىڭ ئا جۇيجاڭ، كېلىڭ. مۇبارەك قەدىمىڭىزگە قۇتلۇق بولسۇن، سوغاقتا ئاۋارە قىپ قويدۇمغۇ، دەيمەن؟! ھى-ھى-ھى...

لاۋتاڭنىڭ يۈزى لامپۇچكا يورۇغىدا، مايلاپ قويغاندەك پاقىراپ تۇراتتى.

— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنداق دىمەڭ تاڭ كېجاڭ، مەن سىزنى ئاۋارە قىپ قويدۇم، ئەلۋەتتە.

— قېنى مەرھەمەت قىلىڭ! — لاۋتاڭ ئاراتۇپنى سول تەرەپتىكى، تولدۇرۇپ خوتەن گىلىمى سېلىنغان، ئادەم ئەيمەنگۈدەك ياسىداق ئويگە باشلاپ كىرىپ، سافادىن ئورۇن ئېلىشقا تەكلىپ قىلدى، — ئولتۇرۇڭ! نەچچە كۈندىن بېرى ھىلىقى لۈكچەكنىڭ ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ بەك چارچاپ كەتتىڭىز.

لاۋتاڭنىڭ بۈگۈنكى قىزغىن مۇئامىلىسى، ئادەتتىن تاشقىرى خۇش

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

پېشللىغى، "لاۋئا" دىمەي، "ۋاي، ئا جۇيجاڭ" دەپ تۇرۇشى بۇ ئۇيگە خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى بىر-ئىككى ۋاق "سالام" بېرىپ، ساداقىتىنى بىلدۇرۇپ، هازىرغىچىلىك بۇنداق قىزغىن كۈتۈۋېلىشقا مۇيەسسەر بولالماي، "سالام" بېرىشنىڭ يېڭى هەم تۈرلۈك ئۇلگىلىرىنى كەشپ قىلىۋاتقان ئاراتۇپنىڭ يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرغان تاماگەرلىك ئۇچقۇنلىرىنى بىردىنلا يالقۇنجىتىۋەتتى. ئۇنى دىمىسىمۇ، ئاراتۇپ "باشلىق"نىڭ ئۇيىگە "سالام" بېرىپ تۇرغاندىن تاشقىرى، هېيتلاردا ئۇلارنى بىللە هېيتلاشقا تەكلىپ قىلىپ كېلەتتى. بەزىدە ۋاقىتنى ئەتەي باشقىلارنىڭ توپلىشىپ هېيتلىشىغا توغرا كەلتۈرۈپ، ۋىلايەت رەهبەرلىرى قاتارىدا بىللە هېيتلايتتى. هەممىدىن كۈلكىلىكى، ئۇ بىرنەچچە قېتىملىق هېيت، چاغانلاردا ۋاڭ شۈجىنى ئۇچرىتالمىدى. ئۇ، مۇشۇنداق چاغلاردا ئۇزىنىڭ ئالايتەن كېلىپ كەتكەنلىكىنى ئاقساقالغا ئۇقتۇرۇش ئۇچۇن، كوپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىرى مۇنداق چارىنى يەنى "مۇهتەرەم ۋاڭ شۈجى، پېقىر هوزۇرىڭىزغا كېلىپ كەتتى. ئېهتىرام ئىلە: ئاراتۇپ" دىگەن خەنزۇچە خەتلەرنى ئۇگىنىۋېلىشنى ئويلاپ تاپتى-دە، بىرنەچچە ئاي تىرىشىپ مەشق قىلىپ، ئاران دىگەندە يېزىشنى ئۇگىنىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋاڭ شۈجى بولمىسىمۇ، يۇقۇرقى خەتلەرنى ئارۋاڭ-سارۋاڭ يېزىپ، ئۇستەل ئۇستىگە باسۇرۇپ قويۇپ، خاتىرجەم چىقىپ كېتىدىغان بولدى. يەنە بىر قىزىق يېرى: بىچارە، هاماقەت ئاراتۇپ شۇنچىلىك قىلغانغا چۇشلۇق لاۋتاڭ تېخىچە ئۇنىڭ تولۇق ئىسمىنى بىلمەيتتى.

تاماق جوزىسىغا بىرقانچە خىل سەي، ئالى سورتلۇق هاراق، تاماكا كەلتۈرۈلگەندىن كېيىن، لاۋتاڭ كۈلۈپ تۇرۇپ گەپ ئاچتى:



—بۈگۈن كوڭلۇم سىزلى تارتىپ قالدى. بىر دەم-يېرىم دەم مۇڭدىشىپ، گۇڭۇر-مۇڭۇر ئولتۇرايلى، دەپ چاقىرتىۋىدىم، هى-هى-هى...

—رەهمەت، رەهمەت! بىكارلا جوۋاپسىز، تاڭ كېجاڭ، چاقىرمىسىڭىزمۇ تولا كىرىپ، قالايمقان قىلغىنىممۇ يېتىپ ئاشاتتى، ئەلۋەتتە،—ئاراتۇپنىڭ ئىنچىكە تىللىرى چىقىپ، قارغۇجىدەك سايراپ كەتتى،—مەندەك ئاددى بىر كىشىنى سىزگە ئوخشاش مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ كوڭۇل ساناپ چاقىرغانلىقىغا پېقىر كوپ رەهمەت ئېيتىدۇ، چەكسىز مىننەتدارلىق بىلدۇرىدۇ، ئەلۋەتتە!—ئاراتۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ، خوشامەتكويلۇق بىلەن هىجايدى.

—ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، ۋاڭ شۈجى بولغاندىغۇ ئوز قولى بىلەن هاراق قۇيۇپ بېرەتتى... قېنى، ئىچىۋېتىڭ!... ۋاڭ شۈجى كەلسە، بۇنداق پۇرسەتلەر كوپ... راست، بۈگۈن ئەتىگەن يىغىنغا ماڭغانلاردىن ۋاڭ شۈجىغا خەت ئەۋەتتىم. سىزنىڭ كورسىتىۋاتقان خىزمىتىڭىزدىن خەۋەر تېپىپ قالسۇن، بىزدە مۇشۇنداق ئىقتىدارلىق كادىرلار بار، دەپ ئولكە رەهبەرلىرىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويسۇن، دىدىم...—لاۋتاڭ ئاراتۇپقا يەر تېگىدىن سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ قويدى.

—رەهمەت، رەهمەت، تاڭ كېجاڭ، مەن تېخى هىچ ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم، ئەلۋەتتە. ئۇمىدىم بار،... مۇندىن كېيىن،... بېشىم ئامان بولسا،... ئەلۋەتتە...

لاۋتاڭنىڭ ياغلىما گەپلىرىدىن قىن-قىنىغا پاتماي قالغان ئاراتۇپنىڭ جىن چىراقتەك پىلدىرلاپ تۇرغان كوزلىرى تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ تاتلىق ئويلىرى بىردىنلا قاناتلىنىپ، ئۇ

ئۇزىنى ئاق بۇلۇتلار ئۈستىدە كوردى-دە، شىرىن ئارزۇلىرى كوز يۇمۇپ ئاچقىچە رىياللىققا ئايلانغاندەك بولدى:

"ئاراتوپ نادىرنى بىر ئامال قىلىپ كوزدىن نېرى قىلىپ، خىزمەت كورسەتكەنلىكى ئۈچۈن، لاۋتاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشى، ۋاڭ شۇجىنىڭ قوللىشى بىلەن ئىقتىدارلىق كادىر سۈپىتىدە ۋىلايەتلىك ئىنقىلاۋىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۇستۇرۇلدى. كىچىك ماشىنىدىن چۈشمەيدىغان، بېشى ئاپتاپ كورمەيدىغان بولدى. گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ئىچىدە سەھنىلەردە 'دوكلات' بەردى. نەگىلا بارسا، 'ئا جۇرېن'نىڭ شەرىپىگە كاتتا زىياپەتلەر بېرىلىپ، پۈتۈن-پۈتۈن قويلار، تۈگۈلاپ-تۈگۈلاپ ھەسەل-مايلار، يېڭى-يېڭى، تۈرلۈك-تۈرلۈك ئالاھىدە مەھسۇلاتلار تارتۇق قىلىندى. 'ۋاي، ئا جۇرېن'، 'ھوششەرە، ئا جۇرېن' دىگەنلەرنى يولىدى، سىڭايان قارىغانلارنى كولدى. ئايالى رەشىدىخان 'ۋاي، رەشىدە ئاپپاي' بولۇپ، كىچىك ماشىنىنى بوش قويمايدىغان، توي-توكۈن، ئولتۇرۇش-چايلاردىن قالمايدىغان، ئۇ كەلمىگىچە داستىخان سېلىنمايدىغان، 'ئا جۇرېننىڭ رەپىقىسى مەن' دەپ، تورنى بەرمەيدىغان بولدى..."

—خوش، ئا جۇيجاڭ، ئۇ، لۇكچەك ئاز-تولا يۇمشاي دەمدۇ؟—لاۋتاڭنىڭ سوئالى بايىدىن شىرىن خىياللارنىڭ قۇرۇق سوسكىسىنى ئىمىپ، تازا پەيزە قىلىۋاتقان ئاراتوپنىڭ خىيالىنى بولۇۋەتتى.

—نىمە؟!... ھە، نادىرنى دەمسىز؟... نىمە دىگەن جاھىل لۇكچەك ئۇ، يېقىن كېلەيمۇ دىمەيدۇ. بولمىسا، بۇگۈن سامىسىنىمۇ خېلى يىدى دىمەمسىز... ئەلۋەتتە...

—ھىم، ئىقرار بولمىغىنىنى مەن بىر كورەي!—لاۋتاڭ قولىدىكى



رومكىنى كوتىرىۋەتكەندىن كېيىن، چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، قېلىن كالپۇكلىرىنى يىمىرىپ قويۇپ، سوزگە كىرىشتى،—ج خ ئىدارىسىگە تاپشۇرۇپ بەرسەم، ئۇنى بىر دەمدىلا ئەيۋەشكە كەلتۈرىدۇ. بىراق، مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ، ئاۋال سىزنىڭ مەسلىھەتىڭىزنى ئالاي، دەۋاتىمەن-دە، بولمىسا... قانداقلا بولمىسۇن، سىز شۇ ئىدارىنىڭ مەسئۇلى-دە. يولداش لاۋئا... ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز بۇ ئىشقا ناھايىتى ئېتىۋار بىلەن قاراۋاتىسىز. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، مەن سىزنى كوزگە ئىلمىغاندەك قىلىپ، ج خ ئىدارىسىگە بۇيرۇق چۈشۈرسەم، سىزنىڭ كوڭلىڭىزگە كېلىدۇ: "مانا قاراڭلار، مەن تۇرسام، تاڭ كېجاڭ ماڭا ئىشەنمىگەندەك قىلىپ، مۇنداق قىپتۇ-ھە؟!" دەپ قالىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ۋاڭ شۇجىنىڭ "نادىرنى، ئا جۇيجاڭ بىلەن بىرلىكتە، قاتتىق بىر تەرەپ قىلىڭلار" دىگەن يولىيورۇغى بار-دە!

—شۇنداق، شۇنداق، شۇنداق بولمامدىغان، ئەلۋەتتە!

—يىغىپ ئېيتقاندا، بۇ، ۋاڭ شۇجى ئىككىمىزنىڭ سىزگە بولغان ئىشەنچىسى،—لاۋتاڭ قوشۇپ قويىدى.

—رەھمەت، تاڭ كېجاڭ، رەھمەت! مەن سىزدىن تولىمۇ مىننەتدارمەن. ماڭا شۇنچىلىك ئىشەنچ باغلىغىنىڭىزغا مىڭ رەھمەت!—ئاراتوپ دەرھاللا ھول خىشقا دەسسىدى،—بۇ تولىمۇ ئاقىلانە مەسلىھەت، ئەلۋەتتە. سىز بىزدىن مەسلىھەت ئالمايمۇ بىر تەرەپ قىلالايسىز، قولىڭىزنى نەگە سۇنسىڭىز، شۇ يەرگە يېتىدۇ، ئەلۋەتتە. مانا ئەمدى پېقىرغا ئىشەنچ باغلىغان ئىكەنسىز، پېقىرنىڭ بۇ ئىش ئۈچۈن بېشى بىلەن مېڭىشىدا گەپ يوق، ئەلۋەتتە. پېقىر سىز ئۈچۈن ئوتقا كىرىشكە تەييار! ھا-ھا-ھا...

—خوش، ئا جۇيجاڭ، گەپنىڭ توچكىسىغا كېلەيلى. سىزچە: بۇ

لۇكچەكنى قانداق بىر تەرەپ قىلساق بولار؟ قىممەتلىك پىكىر-مەسلىھەتىڭىزگە مۇھتاجمەن.

—ھە،... بولىدۇ، بولىدۇ، شۇنداق بولمامدىغان، ئەلۋەتتە.— ئاراتۇپ پالشوپكىسىنىڭ قويۇن يانچۇغىدىن قاتلانغان سېرىق قەغەز خالتىدىن ئىككىنى ئېلىپ، ئىككى قوللاپ تاڭ كېچاڭغا سۇندى— مەنچە، مۇشۇنداق قىلساق بولامدىكىن، كۆرۈپ باقسىڭىز.— ئۇ، لاۋتاڭنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ ھېجىيىپ تۇرۇپ قوشۇپ قويدى،— ئەمما بەزى ئىشلاردا، پارتكوم، ج خ ئىدارىسى، دەپ قاراپتۇرماي، توغرىلاۋېرىمىز... نادىردەك بىغەرەزلەرگە سىياسى جەھەتتىكى ئۇن چارىدىن، جىسمانى جەھەتتىكى بىر ئارا ياخشى،— ئاراتۇپ ئالقىنىنى ئېچىپ لاۋتاڭغا كۆرسەتتى.

—ياخشى، ياخشى. ماۋۇ سۆزلەر جايىدا بوپتۇ،— لاۋتاڭ ماتىرىيالنى ئوقۇپ، ئېغىز-ئېغىزىغا تەگمەي ماختاپ كەتتى،— بەك ئوبدان يېزىلىپتۇ،...ھە، بۇ ئۆز قولىڭىز بىلەن يازغان ئىسپات ماتىرىيال ئوخشىمامدۇ؟! "چوڭ خاتالىق"؟! "خاتالىق" ئەمەس، جىنايەت دەڭ!— لاۋتاڭ ئىسپات ماتىرىيالنىڭ تەرجىمىسىنى ئۆزگەرتتى،— "پېشقەدەم كادىرلارنى ئۆرۈپ ئولتۇرۇش قەستىدە بولغان" بۇ ئەمەلىيەت. ھە، ھىم،... ياخشى. تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك، بىلىملىك كادىر دېگەن باشقا گەپ-دە. ھە،...بۇ سىلەرنىڭ بىر تەرەپ قىلىش پىكىرىڭلار بولدى-دە؟!... ياخشى، دېمەك، بىر نۇسخىسى پارتكومغا، بىرى ج خ ئىدارىسىگە يوللىنىدۇ.... ھى-ھى-ھى، ئاقىلانە ئادەم دېگەن ئالايىتەن-دە. ئا جۇيجاڭ، سىز-زە، پەيغەمبەردەك ئادەم جۇمۇڭ! ھى-ھى-ھى،— لاۋتاڭ ئاراتۇپنىڭ دولىسىغا قېقىپ قويۇپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى،— ياخشى، مەن تامامەن قوشۇلىمەن، مۇشۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بويىچە يوللايلى، ئەمما، سىلەرنىڭ جاڭ جۇيجاڭ كەلگىچە بىر تەرەپ قىلىۋەتمىسەك بولمايدۇ.

—شۇنداق بولمامدىغان، تاڭ كېجاڭ. ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ. سىز مۇشۇنداق قوللاپ، تىرەك بولۇپ تۇرىدىغانلا بولسىڭىز، پېقىر ھەرقانداق ئىشنى تاپپاستۇرماي بىجا قىلىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇنداق ئەمەسمۇ، تاڭ كېجاڭ؟!... ھا-ھا-ھا!... "توقمىغى كۆچلۈك بولسا، كىگىز قوزۇقمۇ يەرگە كىرىۋېرىدۇ"-دە، ھا-ھا-ھا!

—ھى-ھى-ھى، شۇنداق بولمامدىغان، سىزگە ئوخشاش قابىل كادىرلارنىڭ قولىدىن ھېچنەرسە قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ...سىزدەك تالانت ئىگىلىرىنى يۇرەكلىك ھالدا دەرىجە ئاتلاپ ئۇستۇرۇش كېرەك. ھېچ بولمىغاندا، بىرىنچى قول قىلىش كېرەك-تە!— لاۋتاڭ كۆزىنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ قويۇپ، ئاراتۇپنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلىدى،— ھېچكىمگە ئېيتماڭ، مەن سىزنى يېقىن كۆرۈپ دەۋاتىمەن! جاڭ جۇيجاڭنى يوتكىۋېتىشنى خېلى بۇرۇنلا ۋاڭ شۇجىنىڭ سەمىگە سېلىپ قويغان دەڭا. بۇ قېتىم ۋاڭ شۇجى يىغىندىن كەلسە،...بۇ مەسىلىنى... ھە، ھى-ھى-ھى، ئۇ چاغدا،— لاۋتاڭ گېپىنى توختىتىپ، قولىدىكى رومكىنى ئاراتۇپنىڭ رومكىسىغا "جاڭ" قىلىپ بىرنى قويدى-دە، مۇغەمبەرلىك بىلەن ئاۋازىنى كوتىرىپ، سۆزىنى داۋام قىلدى،— ئۇ چاغدا سىزنى تەبرىكلەيمەن-دە، ھى-ھى-ھى...

—ھا-ھا-ھا!...

## 4

3-قەۋەتتىكى كىچىك يىغىن زالى يىغىن قاتناشقۇچىلىرى بىلەن

تولغان. ئالدىنقى ئىشكتىن كىرگەنلا يەرگە ئىككى ئۇستەل ئۇزۇنىغا جۇپلەپ قويۇلغان، ئۇستىدە ئىككى دانە چايدان، بىرقانچە قىرلىق ئىستاكان تۇراتتى. قىرو تۇتۇپ كەتكەن دەرىزە ئەينەكلىرىدىن چۈشكەن كۈن نۇرىنىڭ كۈچسىز شولىسى ئىستاكاندىكى قايناقسۇنىڭ داۋالغۇشىغا ئەگىشىپ، تام-تورۇسلاردا ئەلەڭلەيتتى. زال ئىچىنى قاپلىغان تاماكىنىڭ ئاچچىق ئىسى دىماقلارنى ئېچىشتۇراتتى، يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ئولتۇرۇشىمۇ رەتسىز، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن بىر خىل جىددىلىك چىقىپ تۇراتتى. توپ-توپ بولۇۋېلىپ، ئاللىنىمىلەرنىدۇ دېيىشىۋاتقانلار ئالىيىپ-ئالىيىپ ئۇستەل تەرەپكە قاراپ قويۇشاتتى. ئۇستەل تەرەپتە ئاراتۇپ بىلەن لاۋتاڭ ئارىلاپ نىمىلەرنىدۇ كۇسۇرلىشاتتى. لاۋتاڭ ئۆزىنى سالاپەتلىك، خاتىرجەم كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ ھازازۇللۇق تېمىپ تۇرغان تەلەتىدىن خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇراتتى. ئۇ، پات-پات "بۈگۈن لاۋۋاڭ كېلىدۇ، كىمنى قوللاش ھەققىدە بىر نىمە دېيىش تەس. ئۆتكەنكى خېتىدىن قارىغاندا، نادىرنىڭكىنى راست قىلىدىغانلىقى ئېنىق. ئەمما ئۇ، ئۆزىگە ئۆي-ماكان، خوتۇن-بالا كېرەكلىكىنى ئويلىسا، ئىش باشقىچە بولىدۇ. بۇ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئازراق ئۈمىت بار..." دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزەتتى.

—يولداشلار دىققەت قىلايلى!...ھازىر مەن مەدىنيەت ئىدارىسى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ نادىرغا چارە كورۇش توغرىسىدىكى قارارىنى يەتكۈزىمەن، —ئاراتۇپ قولاقچىسىنى رۇسلاپ، يېنىدا گېلىزە چېكىپ، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغان لاۋتاڭغا قاراپ گېلىنى قىرىپ قويدى-دە، كىبىرلىك بىلەن سوزىنى داۋاملاشتۇردى، —ھە،...نادىر داۋاملىق ھاراق ئىچىپ، ئىنچىل لۇكچەكلىك قىلىپ كەلگەن، قايتا-قايتا



تەربىيە بېرىلسىمۇ ئۆزگەرمىگەن، ئەلۋەتتە. ھىچ،...10-يانۋار كۈنى ھاراق ئىچىپ مەلۇم ئايال رەھبەرنى ئېغىزغا ئالغۇسىز تىللار بىلەن ھاقارەتلەپ، ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇرۇۋەتكەن، ھەتتا ئولتۇرۇۋەتمەكچى بولغان...دىققەت قىلايلى، يولداشلار! ئۇ بىر ئىنقىلاۋىي رەھبىرىي كادىرنى ئەخلاقسىز ئاياللارغا ئوخشاتقان...يىغىن تەرتىۋىنى ساقلايلى، ئاۋۇ تەرەپتىكىلەر كىچىك يىغىن ئاچمايلى. بۈگۈن رەھبىرىي ئورگاندىن—تەشكىلات بولۇمىدىن كەلگەن مەسئۇل يولداشلارمۇ بار، تەرتىپ ساقلىمساق، ھورمەتسىزلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە، —ئاراتۇپ ئۇستەلنى چېكىپ تۇرۇپ، ئاۋازىنى كوتىرىپ داۋام قىلدى، —ئۇنىڭدىن باشقا. نادىرنىڭ ئىستىل مەسىلىسى، دادىسىنىڭ مەسىلىسى قاتارلىقلار بار،...

—قۇرۇق گەپ!

—توھمەت!

—يالغان!

—زىيانكەشلىك!

—بۇ، پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قارارى ئەمەس! —تەرەپ-تەرەپتىن غۇلغۇلا كوتىرىلىپ، ئاراتۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئىلاجسىز قالدى.

—توختاڭلار، يەنە نىمە پاراڭ؟! دىققەت! نىمىدىگەن تەرتىپسىز نىمىلەر بۇ، —لاۋتاڭ گورەنلىرى كوپكەن ھالدا ئورنىدىن تۇردى، —مانا، بۇنى ۋاڭ شۇجى ئۆزى ئورۇنلاشتۇرغان، ۋاڭ شۇجى نادىرنى قاتتىق بىر تەرەپ قىلىشنى ئا جۇيجاڭغا تاپشۇرغان، —لاۋتاڭ سول قولى بىلەن سېرىق كونۋېرتنى ئىگىز كوتىرىپ، ئاستىنقى تەرەپتىكى ۋاڭ چېڭ دىگەن ئىككى خەتنى ئوڭ قولىنىڭ كورسەتكۈچ بارمىغى

بىلەن كورسەتتى، — ئا جۇيجاڭ يەنە پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن زۇجاڭى، شۇنداق تۇرۇقلۇق گۇرۇپپىغا ۋەكىللىك قىلالمامدىكەن؟!

— ئەلۋەتتە، ۋەكىللىك قىلالمايدۇ. يولداشلار توغرا ئېيتتى! — كۇتۇلمىگەندە جاڭ جۇيجاڭنىڭ يىغىن زالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن لوڭگىدە تۇرۇشى يىغىن ئەھلىنى هاڭ-تاڭ قالدۇردى. جاڭ جۇيجاڭنىڭ نادىر بىلەن ئارقا ئىشىكتىن كىرىپ، ھەممىسىنىڭ ئارقىسىدا ئولتۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېچكىم بايقىمىغان ئىدى.

ئاراتۇپنىڭ كوزلىرى مۇشۇكنىڭ چاڭگىلىغا چۈشكەن چاشقاننىڭ كوزىدەك ئالاق-جالاق بولۇپ، چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتتى. لاۋتاڭ بولسا، كونۋېرتنى تۇتقان پېتىچە، گويا گېلىنى بىرسى بوغۇۋالغاندەك، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، تۇنجۇقۇش ئىچىدە كوكۇرۇپ كەتتى. جاڭ جۇيجاڭ سوزىنى كەسكىن داۋام قىلىپ، لاۋتاڭغا قاراپ كەلمەكتە ئىدى:

— بۇ پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ قارارى ئەمەس، مەلۇم شەخسنىڭ ئوچ ئېلىشى، ياخشى يولداشقا زىيانكەشلىك قىلىشى. ۋاڭ شۇجىنىڭ ئۇنداق خەت يېزىشى مۇمكىن ئەمەس ھەم يازمايدۇ. ۋاڭ شۇجىنىڭ بۇ ئىشلاردىن — كىملەرنىڭ ئوز نامىنى سېتىپ، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىدىن تولۇق خەۋىرى بار، — جاڭ جۇيجاڭ بىرسىنىڭ كېلىشىنى كۇتكەندەك سائەتكە قاراپ قويۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — مەسىلە ۋاڭ شۇجىنىڭ خېتىنى ئوقۇپ باقساقلا ئايدىڭ بولىدۇ. مېنىڭچە، يولداشلار بىلەن بىرلىكتە ئوقۇپ كورەيلى! — جاڭ جۇيجاڭ ئەپچىللىك بىلەن لاۋتاڭنىڭ قولىدىكى خەتنى ئالدى، لاۋتاڭ ئەسەبىلىك بىلەن جاڭ جۇيجاڭنىڭ قولىغا ئېسىلدى. بايىدىن بېرى ئىشىك تۈۋىدە جاڭ جۇيجاڭنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ،



ھالقىلىق پەيتتە ئالدىنقى ئىشىكتىن ئۇشتۇمتۇت كىرىپ كەلگەن ۋاڭ شۇجىنىڭ ياڭراق ئاۋازى ۋاڭ-چۇڭنى بېسىپ چۈشۈپ، ھەممىنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

— جاڭ جۇيجاڭنىڭ پىكرى توغرا، خەتنى بىرلىكتە ئوقۇپ كورەيلى! — ۋاڭ شۇجى جاڭ جۇيجاڭدىن خەتنى ئېلىپ ئۇنلۇك ئوقۇدى.

"لاۋتاڭ، ئاڭلىسام، مەن كېتىش بىلەنلا دوختۇرخانىغا كىرىپسىز، يىغىنغا كەلگەنلەردىن ئەھۋالىنى ئۇقتۇم، سىزنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىز مۇتىھەملىك، يولسىزلىق! بىز كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ كادىرى، ئىلگىرىكى ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىشىمىز، دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. بولۇپمۇ سىز كوپرەك دىققەت قىلىڭ! بىز قاتنىشىۋاتقان يىغىنمۇ ئىدىيىنى ئازات قىلىپ، خاتا ئەنزە، يالغان ئەنزە، ناھەق ئەنزىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئۈستىدە بولۇۋاتىدۇ. بىزمۇ بەزى خاتا ئىشلارنى قىلغان، ئەمدى تۈزىتىشتە دادىل بولمىساق بولمايدۇ. شۇنى چۈشىنىش كېرەككى، نادىرغا ئوخشاش ياشلارنى تەربىيىلەش بىزنىڭ يېڭى ۋەزىپىمىز، ئومۇرلۇك مەسئۇلىيىتىمىز.

— ۋاڭ چېڭ"

ۋاڭ شۇجى خەتنى ئوقۇپ بولۇش بىلەنلا، يىغىن زالىدا گۇلدۇراس ئالقىش سادالىرى كوتىرىلدى. ئاراتۇپنىڭ شىرىن ئارزۇلىرى ماكاپ گۇلىدەك توزۇپ، رەزىل، پەسكەش نىيىتى تاشقا چۈشكەن ئەينەكتەك كۇكۇم-تالقان بولدى-دە، جاققىدە ئولتۇرۇپ قالدى. لاۋتاڭنىڭ بېشىدا قاراسلاپ چاقماق چېقىلغاندەك بولدى، ئۇنىڭ كوز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، چىرايى كوك لاتىدەك سەتلىشىپ كەتتى...

— مۇشۇنداق ھەققانى كوممۇنىستلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۇرگەن

ئادىل پارتىيىگە رەھمەت!

يىغىن زالىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن نادىرنىڭ ھاياجاندىن تىترىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ، بايىدىن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن قاتتىق تەسىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئىختىيارسىز ئورنىدىن تۇرۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ئۇدۇل كېلىپ ۋاڭ شۇجىنىڭ قولىنى قاتتىق قىستى.

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 3-سانىدىن)



# ئۇ، يولۋاستىن چۈشتى

## ئەخەت تۇردى

ئۇلار بەش يىللىق ئايرىلىشتىن كېيىن يەنە شۇ ئىشخانىدا تۇيۇقسىز ئۇچراشتى.

—ئۆزگىرىپتۇ، ھەممىسى ئۆزگىرىپتۇ...

ھەربىي كىيىمدىكى ئوتتۇرا بويلۇق، چاچلىرى ئاقارغان كىشى ھاياجانلانغىنىدىن بىر دەم قوللىرىنى ئىشقىلاپ گىلەم ئۈستىدە ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى، بىر دەم ئوچۇق دېرىزىدىن زاۋۇتنىڭ قايناق-تاشقىنلىق مەنزىرىسىگە كۆز تىكەتتى.

—سىلەر ئاچقان ماشىنىسازلىق كۆرگەزمىسىنىمۇ كۆردۈم، —دېدى ئۇ سۆھبەتدىشىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە توختاپ، —زامانىۋىلىشىش قەدىمىڭلار چوڭ ئىكەن، ۋاڭ چاڭجاڭ، بۇ مېڭىشىڭلاردا بەش يىللىق مۇساپىنى ئىككى-ئۈچ يىلدىلا بېسىپ قويغۇدەكسىلەر.

—رەھمەت، يولداش لاۋفاڭ. ئىشقىلىپ زامانىۋىلىشىش يولىدا پۇتىمىز چارچىسا، بېشىمىز بىلەن بولسىمۇ مېڭىپ كېتىۋاتىمىز...

ئۇلار ئەمدى بۇلغار تاشلىق سافاغا چوكۇپ ئولتۇرۇپ، ئىلتىپات بىلەن تاماكا چېكىشتى. باش تەرىپىدە ۋىژىلداپ تۇرغان شامالدۇرغۇچ لاۋفاڭنىڭ شالاڭ چاچلىرىنى يەلپۈسە، لاۋۋاڭنىڭ تاقىر بېشىنى يالاپ ئۆتەتتى. لاۋفاڭ تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم شوراپ كۈلدانغا مىجىۋەتتى-دە، سۆزىنى داۋام قىلدى:

—ۋاڭ چاڭجاڭ، سىلەرگە ھاجىتىمىز چۈشۈپ قالدى، مانا بۇ

سانائەت ئىدارىسىنىڭ ئالاقىسى، — ئۇ خۇرۇم تاشلىق سومكىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئېلىپ، لاۋۋاڭغا سۇندى.

لاۋۋاڭ خەتنى ئېلىۋېتىپ:

— قولىمىز كوكسىمىزدە، — دېدى ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، — بۇ زاۋۇتمۇ ئۆز ئىدارىڭىزغا ئوخشاشلا سىز ئۈچۈن قەدىناس جاي، ھېچ نەرسىنى ئايىمايدۇ.

لاۋۋاڭ خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. لېكىن ئۇنىڭ كوزلىرى خەت قۇرلىرىدا تۆۋەنلەشكەنسېرى ماڭلاي قورۇقلىرى تۈرۈلۈپ، كوپىيىپ باردى. ئۇنىڭ بايىقى سىپاگەرچىلىك بىلەن يۇمشاپ كەتكەن ئىللىق چىرايى بىردىنلا سۇغا چۈشكەن قار پارچىسىدەك ئىزسىز يوقاپ كەتتى.

— ئوكتەبىردە ئالاقىلىشىش ساھەسى بويىچە يېڭى بىر مانېۋىر ئوتكۈزمەكچىمىز، — دېدى لاۋفاڭ خەتتىكى مەزمۇنلارنى شەرھەلەپ، — بىز بۇنىڭدا ماشىنا بىلەن كېتىۋېتىپ، ئاپتوماتىك ھالدا ئالاقىلىشالايدىغان يېڭى بىر ئۈسكۈنىگە ھاجەتمەن بولۇپ قالدۇق، بۇ جەھەتتە ئەلۋەتتە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە تايىنىمىز.

لاۋۋاڭ خېلىغىچە ئۈنچىقمىدى. ئۇ كۈمۈش گەردىشلىك كوزەينەكنى ئېلىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئايلاندۇردى. ئۇنىڭ پىستىدەك كوزلىرى تېخىمۇ قىسىلىپ بىر نۇقتىغا تىكىلگەن ئىدى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، لېكىن پەۋاز قاپاقلىرىنىڭ ساڭگىلاپ، بۇرۇن كۈمۈچەكلىرىنىڭ بىر كېرىلىپ، بىر قىسىلىشىدىن بۇ ئىشقا زادىلا رايى يوقلۇقىنى پەرەز قىلىش تەس ئەمەس ئىدى. ئۇ بىر ھازادىن كېيىن:

— شۇنچە ئويلىساممۇ، بىزدە مۇنداق تېخنىكا تەلۋى يۇقۇرى،



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

مەشغۇلاتى قىيىن ئىشنى ھوددە قىلالىغۇدەك يارامىلىق تېخنىك يوقتەك قىلىندۇ، — دېدى زەئىپ ئاۋازدا.

لاۋفاڭ سوغاققىنا كۈلدى.

— توگە مىنىپ، توگە ئىزلىگەندەكلا گەپ قىلىدىكىزغۇ ۋاڭ چاڭجاڭ، — دېدى ئۇ چاقچاقىقا يولەپ، — بۇ گېپىڭىزنى تېخنىك، ئىنژېنېرلىرىڭىز ئاڭلاپ قالسا سىزگە قارىلىق تۈتۈپ يۈرمىسۇن يەنە!

لاۋۋاڭ ئالدىراپ ئىزاھات بەردى:

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، يارامىلىقلىرىنىڭ قولى بېسىق، قولى بوشلىرىغا بۇ ۋەزىپىنى ئىشىنىپ تاپشۇرغىلى بولمايدۇ.

لاۋفاڭ بىر نەرسىنى ئېسىگە ئالماقچىدەك قاشلىرىنى يىمىرىپ سورىدى:

— سىلەردە ياش بىر مىللى تېخنىك بولىدىغان، ئىسمى نىمىتى؟

— سادىرنى دەمسىز؟

— ھە، ھە، دەل شۇ يىگىت. مېنىڭچە، بۇ ۋەزىپىنى شۇنىڭغا تاپشۇرساق قانداق؟

لاۋۋاڭ مەسخىرە ئارىلاش قاتتىق كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىكى غەلىتىلىك لاۋفاڭنىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— ئۇنىڭ قولىدىن نىمە كېلىدۇ دەيسىز لاۋفاڭ؟ — دېدى ئۇ گەپلىرىنى چىشىنىڭ ئارىسىدىن چىقىرىپ، — ئالى مەكتەپتە ئوقۇدى دىگەن بىلەن زادى قانچىلىك ئوقۇدى؟! مېنىڭچە ئۇ بەش يىلىنى مەشرەپ ئويناپ، ھاراق ئىچىپ ئوتكۈزگەن بولامدۇ!..

لاۋفاڭنىڭ چىرايى جىددى تۇس ئالدى. ئۇ بېشىنى سەل چەتكە بۇراپ، قوللىرىدىن قاس چىقاردى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن لاۋۋاڭنىڭ سادىر ھەققىدىكى تونۇشتۇرۇشى دىتىغا ياقمىغانلىقى

چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ پىكرىم باشقىچە، — دېدى ئۇ بىردىنلا ئۇنىڭغا پۈتۈن گەۋدىسى بىلەن بۇرۇلۇپ، — مەن ئۇنى تونۇيمەن، لېكىن ئانچە بىلمەيمەن. مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، ئۇنىڭدا ئاجايىپ بىر ئىنتىلىش بار ئىدى.

دەرۋەقە، مەلۇم دىۋىزىيە ئالاقىلىشىش بولۇمىنىڭ مەسئۇلى لاۋفاڭ مۇشۇ زاۋۇتقا ھەربى ۋەكىل بولۇپ كەلگەن مەزگىلدە ئۇلار غىل-پاللا تونۇشۇپ قالغان ئىدى.

لاۋفاڭ بىر كۈنى زاۋۇتقا يېڭىدىن ئىشلەنگەن "شەرقىي دېڭىز" ماركىلىق موتوتسىكلىتنى مىنىپ كېلىپ، كەچتە ئىشتىن چۈشىدىغان چاغدا ھەيران قالدى. كىمدۇ بىرسى موتوتسىكلىتنىڭ زاپچاسلىرىنى چۇۋۇپ، يەنە ھە دەپ بېشىنى كوتەرمەي خاتىرىسىگە بىر نەرسىلەرنى سىزىپ، يېزىپ ئولتۇراتتى. لاۋفاڭنىڭ غۇزۇرىدە ئاچچىقى كەلدى، قوساق ئېچىپ ھېرىققاندا ئۇنىڭغا يولدىن قېلىش ئېغىر تەككەن ئىدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ سەن كىم؟! — لاۋفاڭ ئىككى قولىنى بېلىگە تىرەپ ئۇنىڭ بېشىدىنلا ۋاقىرىدى.

— مەن، مەن، — قاتتىق ۋاقىراشتىن چوچۇگەن بۇ ناتونۇش ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، لاۋفاڭنىڭ غەزەپلىك كوزلىرىدىن ئوزىنى قاچۇرۇپ يەرگە قارىۋالدى، — مەن تېخنىك بولۇمىدە. ئىسمىم سادىر...

لاۋفاڭ ئۇنىڭ ھودۇققان كوزلىرىدىكى خىجىللىق ئالامەتلىرىنى كورۇپ، سەل يۇمشاپ سورىدى:

— يىگىت، سىلەرنىڭ تېخنىك بولۇمدە مۇشۇنداق ساق نەرسىنى بۇزىدىغان ئىش بارمۇ؟



لاۋفاڭنىڭ چىرايىدا پەيدا بولغان مۇلايىملىق سادىرنىمۇ تىتىكلەشتۇردى:

— فاڭ دۇيجاڭ، مەن بۇنىڭ موتۇر قۇرۇلۇشىنى ئۇگىنىپ باقاي دېۋىدىم.

— سىزنى قىزىقتۇرغىدەك قانچىلىك يېڭىلىق بار ئىكەن؟!

— بۇرۇنقى موتوتسىكلىتلاردا رۇكايىتكىنى پۇت بىلەن تېپىپ ئوت ئالدۇراتتى، لېكىن بۇ ئاپتوماتىك ھالدا ئوت ئالىدىكەن...

— سىزنىڭ ئۇگىنىشىڭىز مېنى يولدىن قويدى-دە، يىگىت، — لاۋفاڭ بىرئاز خۇرسىنىپ قويدى. سادىر قولىدىكى دەپتەر-قەلەمنى دەرھال يانچۇغىغا سېلىپ، لاۋفاڭغا قارىدى:

— كەچۈرىڭ، فاڭ دۇيجاڭ. مەن ھازىرلا تۇزەيمەن.

لاۋفاڭ ئىشخانىغا كىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ كۈنكى گېزىتلەرنىمۇ ئوقۇپ تۈگەتتى. ۋاقىت ئوتكەنسېرى ئۇنىڭ ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى. بىر چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا ماڭاي دەپ تۇرۇشىغا سادىر يۇگۇرۇپ كىرىپ كەلدى.

— فاڭ دۇيجاڭ، موتوتسىكلىت پۈتتى، ئەمدى قايتامسىز؟

لاۋفاڭ سائىتىگە قاراپ، سادىرنىڭ مايلىشىپ كەتكەن ئاق كوينىكى بىلەن باللارچە مولدۇرلەپ تۇرغان كوزلىرىگە تىكىلگىنىچە، بېشىنى بىلىنەر-بىلىنمەس سىلكىپ قويدى-دە، موتوتسىكلىتنى مىنىپ ئالدىراپ يۇرۇپ كەتتى

ئۇ مانا شۇ كۈنكى سوغاق باشلىنىپ، ئىسسىق ئاخىرلاشقان ئۇچرىشىشنى ھېلىغىچە ئۇنتۇمىغان ئىدى...

لاۋۋاڭ سوھبەتدىشىنىڭ چوڭقۇر خىيالغا چومگەنلىكىگە ۋە سادىرنى خېلى ھورمەت بىلەن تىلغا ئالغانلىقىغا قاراپ ئىشنى باشقىچە ھەل

قىلىش قارارىغا كەلدى:

—يولداش لاۋفاڭ، مېنىڭچە بۇنداق بولسۇن، تېخنىك بولۇمنىڭ ۋاقىتلىق بىر مەسئۇلى بار. شۇنىڭ بىلەن سوزلىشىپ باقايلى،—دىدى-دە، تېلېفوننىڭ يېنىغا كەلدى.

ئارىدىن ئون مىنۇت ئوتمەي ئىشخانىغا 60 ياشلار چامىسىدىكى ھاسا تاياقلىق بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ، زاۋۇت تېخنىك بولۇمىنىڭ ۋاقىتلىق مەسئۇلى جارۇپ ئىنژېنېر ئىدى. ئۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن لاۋفاڭغا قاراپ:

—زامانىۋى دولەت مۇداپىئەسى قۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق نىشانىمىز،—دىدى سەمىمىلىك بىلەن،—قولىمىزدىن كەلگەن ياردەمگە بىز تەييار. لېكىن بۇ بىزگە نىسبەتەن يېڭى ئىش ئىكەن، بىزدە سادىر ئىسىملىك بىر تېخنىك بار. ئۇ كىچىك تىپتىكى ماشىنا بىلەن كىچىك موتور ئىشلىرىغا خېلى پىششىق، شۇنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقساق قانداق؟—ئۇ سوئال نەزىرىدە زاۋۇت باشلىقىغا قارىدى.

لاۋۋاڭنىڭ يۈزى خۇددى جىگدە كوتىگىدەك قارىداپ كەتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە جارۇپ ئىنژېنېرمۇ چوقۇم ئىشنىڭ كوپلۇگىگە باندىداپ، بۇ ۋەزىپىدىن باش تارتىشى كېرەك ئىدى. لېكىن قىرىشقاندەك ئۇنىڭ ئاغزىدىمۇ سادىر...

جارۇپ ئىنژېنېر لاۋۋاڭدىكى بۇ غەلىتى ئوزگىرىشنى ئاڭقىرالماي، بىر ئۇنىڭغا، بىر بۇنىڭغا قارىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. ئارىدىكى ئوڭايسىزلىقنى لاۋۋاڭنىڭ سوئالى كوتۇرىۋەتتى:

—سادىر بارمۇ؟—سورىدى ئۇ گەۋدىسىنى يېرىم كوتىرىپ،—ناھايىتى ياخشى، ئۇنىڭ بىلەن بىر كورۇشەي.



جارۇپ ئىنژېنېر تېلېفوننىڭ يېنىغا كەلدى. ھايال ئوتمەي سادىرمۇ ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

بەستى-بويى كېلىشكەن، زىلۋا بويلۇق، جۇدەڭگۇ بۇ يىگىت لاۋفاڭ بىلەن قىزغىن ۋە ئەدەپلىك كورۇشتى. ئۇ پاكىز ھەم رەتلىك ئۇستىۋاشلىرى بىلەن بۇ ئازادە ئىشخانىغا خېلى ياراشسىمۇ، لېكىن دادىسى دىمەتلىك بۇ رەھبەرلەر ئالدىدا يەنىلا قورۇنۇپ تۇراتتى. لاۋفاڭ ئۇنىڭ قولىدىن تۇتقىنىچە يېنىدا ئولتۇرغۇزۇپ ئەھۋاللاشتى ۋە ئاخىرىدا ئوز تەلىۋىنى تەپسىلى چۈشەندۈردى.

—نىمىگە ئوزگەرتمەكچىسلەر؟—سورىدى سادىر خىيالچان كوزلىرىنى لاۋفاڭغا تىكىپ.

—جىپ ماشىنىغا.

—سادىر، بۇ ئادەتتىكى ئېكىس، ئىگرىك بىلەنلا ھەل بولىدىغان ئىش ئەمەس،—زاۋۇت باشلىقىنىڭ قوپال ئاۋازى سادىرنىڭ خىيالىنى بولىۋەتتى،—بۇ ئىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى زاۋۇدىمىزنىڭ شان-شەرىپى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يەنە كېلىپ بۇ ئارمىيە بىلەن يەرلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگىمۇ تاقىلىدىغان ئىش!

لاۋۋاڭنىڭ ئىشىنىڭ بېشىدىلا سادىرغا قوقاق سېلىشى لاۋفاڭنى بىرئاز ئەجەپلەندۇردى. ئۇنىڭ لاۋۋاڭغا سىرلىق تىكىلگەن كوزلىرى بىر مىنۇتچە ھەركەتسىز قادالدى، لاۋۋاڭ شۇ چاقىچە ئۇنىڭ كوزىگە بۇنچىلىك يات ۋە سورۇن كورۇنمىگەن ئىدى. ئۇ تاقەتسىزلىك بىلەن لاۋۋاڭنىڭ سوزىنى بولىۋەتتى:

—سادىر، قېنى پىكرىڭىزنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىڭ، بۇ قانداقتۇر شان-شوھرەت مەسىلىسى ئەمەس، پەن-تېخنىكا مەسىلىسى.

سادىر ئورنىدىن تۇردى. ئۇ بىر قارارغا كېلىپ بولغان ئىدى:



www.uyghurkitap.com

—يولداش فاك دۈيجاك، مېنىڭچە، بۇنى قىلىشقا بولىدۇ!— دېدى ئۇ كېسىپلا.

—نېمە؟!— لاۋۋاك ئۇنىدەرىگەندەك سافادىن ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى، —سەن شۇنى ھۆددە قىلالامسەن؟! بۇ "پار ماشىنىسىنىڭ تەجرىبە مودېلى" ياكى "ھەركەتلىك خۇەنىدىك ئاپاراتى" ئەمەس جۇمۇ!— ئۇنىڭ رەڭگى ئۆڭۈپ، كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن ئىدى. سادىر تەمكىنلىكىنى قىلچە ئۆزگەرتمىدى. ئۇ شۇنچە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خېلى نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئويلىغان ئىدى.

—ۋاك چاكجاك، سىز ئېيتقان ئۇ نەرسىلەر 17 ياش ۋاقتىمدىكى پەنگە بولغان قىزىقىشىمنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئارىدىن شۇنچە يىللار ئۆتۈپتۇ. دەۋر خۇددى "پار ماشىنىسىنىڭ تەجرىبە مودېلى" بىلەن "ھەركەتلىك خۇەندىك ئاپاراتى"نىڭ ئىزىدا توختاپ قالمىغىنىدەك، بىزنىڭ ئەقىل-پاراستىمىزمۇ ئاللىقاچان ئۇنىڭدىن ھالقىپ كەتكەن. بۇ ئىشمۇ ئانچە سىرلىق ئەمەس، ئاۋال مەن كونكىرىتنى بىر لايىھەسىنى تۈزۈپ باقاي.

سادىر چىقىپ كەتتى. لاۋفاكمۇ كۆڭۈل كۆتىرىدىغان بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئېيتىپ خوشلاشتى. ئىشخانىدا زاۋۇت باشلىقى بىلەن جارۇپ ئىنژېنېر يالغۇز قالدى. لاۋۋاك قوللىرىنى ئارقىغا تۇتۇپ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى.

—سىز نېمە دەپ بۇ ئىشقا سادىرنى سايە قىلىپ يۈرىسىز؟!— دېدى ئۇ ئاخىر جارۇپ ئىنژېنېرغا دوق قىلىپ، —ئۇنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، مانا ئەمدى ئۇ يولۋاسقا مىنىدى، ئۆزى چۈشۈش تۈگۈل بىزنىمۇ چۈشۈرمەيدۇ!

—بۇنداق ئىشلارغا ئۇنىڭ خېلى ئېپى بار، ۋاك چاكجاك،—



دېدى جارۇپ ئىنژېنېر ۋەزمىن ئاھاڭدا.

—ئىشەنمەيمەن! مېنىڭچە، ئۇنىڭ چاچلىرىنى لازا-چەيزىدەك تۈگۈۋالغان قىزلارنى قولتۇقلاپ، شەھەر كوچىلىرىدا لاغايلاشقىلا ئېپى بارمىكىن، دەيمەن...

جارۇپ ئىنژېنېر ھەيران بولىدى. ئۇ سادىر بىلەن تونۇشقان شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنى بۇ ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغان ئىدى. زاۋۇت باشلىقىنىڭ بۇنداق باش-ئايىغى يوق ئەيىپلەشلىرى جارۇپ ئىنژېنېر ئۈچۈن بىر سىر بولۇپ قالدى.

* * *

سادىر كىچىكىدىنلا ئىجتىھاتلىق ئىدى. ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا "پار ماشىنىسىنىڭ تەجرىبە مودېلى"، "ھەركەتلىك خۇەندىك ئاپاراتى" دېگەن مودېللارنى ياساپ، ساۋاقداشلىرىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغىغان. كېيىن بۇنى فىزىكا مۇئەللىملىرى سىنىپتا تەجرىبە قورالى قىلىپ ئىشلەتكەن ئىدى. ئۇ كېيىن سانائەت ئىنستىتۇتىنىڭ ماشىنىسازلىق پاكۇلتېتىنىمۇ يەنە شۇنداق قىزىقىش ۋە ئىشتىياق بىلەن ئوقۇپ تۈگەتتى. ئۇنىڭ جەمئىيەتكە چىققان ۋاقتى "تارىختا مىسلى كۆرۈلمىگەن" چوڭ مالىمانىنىڭ تازا ئەۋجىگە چىققان مەزگىلگە توغرا كەلدى. سادىر بۇ مالىماندىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىككى چوڭ پايدىغا ئېرىشتى. بىرسى، پىشقەدەم ئىنژېنېر جارۇپ ئاكىنى ئۇستاز تۇتۇپ، رۇس تىلىنى ئۆگىنىۋالدى؛ يەنە بىرسى، ئۆز كەسپىگە ئائىت نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇۋالدى. شۇڭا ئۇ بۇ قېتىمقى قىيىن ۋەزىپىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغان ئىدى.

سادىر لايىھەنى ئىشلەشكە كىرىشكەن 2-كۈنى جارۇپ ئىنژېنېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ھەم كويۇنگەن، ھەم خاۋاتىرلەنگەن بىر كەيپىياتتا ئۇنىڭدىن سورىدى:

— قانداق، بۇ ئىشقا زادى كۆزۈڭ يېتىدىغاندەكمۇ؟

— راستىنى ئېيتقاندا، بۇ خېلىلا باش قاتۇرىدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى سادىر كۆڭلىدىكىنى ئېيتىپ، — لېكىن، مېنىڭ ئۇنى ئۇستۇمگە ئېلىشىم، قۇرۇق خىيالمۇ ئەمەس، ئاز-تولا ئىلمىي ئاساسىم بار.

جاروپ ئىنژېنېر يەنىلا ئۇنى رىغبەتلەندۇردى:

— شۇنداق، بۇ بىرئاز ئاۋارە ئىش ئىدى. ئىشلەپ كۆرۈپ باق، غەيرىتىڭ بولسا ئاسماندىكى يۇلتۇزنى سانايسەن، دېگەن گەپ بارغۇ؟

شۇنداق قىلىپ سادىر 4-كۈنى دەسلەپكى لايىھىنى ئىشلەپ چىقىپ، تېخنىك بولۇمىنىڭ ئومۇمىي مۇھاكىمىسىگە قويدى. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان زاۋۇت باشلىقى سادىرنى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، لايىھىنى كورمەكچى بولدى. ئۇ تاماكىنىڭ قويۇق ئىسلىرى ئارىسىدىن سادىر ئالدىغا يېيىپ قويغان ماتېرىياللارغا بىر قۇر كوز يۇگۇر-تۇپ چىققاندىن كېيىن، سوغاققىنا سورىدى:

— بۇلارنىڭ ھەممىسى قەغەزدىكى نەرسە. قېنى ئاغزىڭ بىلەن ئېيتىپ باقە، بۇ چېرتيوژدا كورسىتىلگەن 701 ماركىلىق بېنزىن موتورنى ماشىنا موتورىغا قانداق ياندايسەن؟ بۇ خۇددى بىر قوساققا ئىككى بالىنى سىغدۇرغاندەكلا ئىشقۇ؟ ئىنچىكە ھساۋات بولدىمۇ؟

— ھساۋات خېلى ئىنچىكە ئىشلەندى ۋاڭ چاڭجاڭ، — دېدى سادىر تەمترىمەي، — كىچىك ئاپتوموبىل موتورىنىڭ سول تەرىپىدە 140 مىللىمېتىر بوش ئورۇن بار. يېڭىدىن ئورنىتىلىدىغان موتورنىڭ



كەڭلىگى 186 مىللىمېتىر...

— ھە مانا، ئاشقان 46 مىللىمېتىرنى نەگە ئورۇنلاشتۇرىسەن؟

— ئاشقان قىسمىنى سول تەرەپتىكى قاناتتىن بىر كاما ئويۇپ، سىرتقا چىقىرىۋېتىمىز. پۈتۈن موتور 10 مىللىمېتىرلىق پولات تاختىدىن ياسالغان جازا ئۇستىگە ئېلىنىدۇ، بۇنىڭ بىلەن شوپۇرنىڭ مەشغۇلا-تىغا، ماشىنىنىڭ بىخەتەرلىكىگە قىلچە تەسىر يەتمەيدۇ.

لاۋۋاڭ ئۈنچىقمىدى. سادىرنىڭ جاۋاۋى ئۇنى قايىل قىلدىمۇ ياكى يەنە ئاسماقچىلاپ سوراشقا سوئالى قالمىدىمۇ بىلگىلى بولمايتتى، پەقەت ئۇ ئاخىردا:

— بۇلارنى جىاگوڭ قىلىشقا قانچىلىك ئادەم كېتىدۇ؟ — دېدى ئورنىدىن ئاستا قوزغىلىپ.

— بەش-ئالتە ئادەم كېتىدۇ.

— ھە؟! — ئۇ لەپپىدە ئارقىغا بۇرۇلۇپ سادىرغا تىكىلدى، — ھازىر قانداق ۋاقىت بىلەمسەن؟ يىللىق ۋەزىپىنى ئورۇنلاشنىڭ ھالقىلىق پەيتى، مەھسۇلات چىقىرىش پەسلى...

— شۇنىڭ ئۈچۈن مەن سىزدىن تېخى ئازراق تەلەپ قىلدىم، — دېدى سادىر، — ئەگەر سىز قوللىسىڭىز بەزى ئىكەكسازلىق ئىشلىرىغا ئۆزەممۇ قول تىقىپ ئىشلەيمەن.

— ئەلۋەتتە ئىشلەيسەن، — دېدى لاۋۋاڭ تەنە قىلغاندەك، — ھازىرچە ساڭا ئىككى ئىشلەمسار ياردەملەشسۇن، ئىشلەپ باق، ھەر ھالدا قورققانلىقىڭنى يوشۇرۇش ئۈچۈن پو ئېتىش بولۇپ قالمىسىلا بولىدۇ...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سوزى سادىرغا خېلى ئەلەم قىلدى، ئۇنىڭ كەڭ پىشانىسى تۇرۇلۇپ، لەۋلىرى تىترىدى. ئۇ بىر نەرسە دېيىش

ئۇچۇن تەمشەلدىيۇ، لېكىن يەنە ئاچچىقىنى تۇكرۇگى بىلەن يۇلۋېتىپ ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى...

* * *

سادىر ئىش ئۈستىلىدە مىدىرلىماي ئولتۇراتتى. بۇگۇن ئۇنىڭ ئىشتىيىمۇ تۇتۇلدى، ئۇيقۇسىمۇ قاچتى. ئۇ يەنە شۇ ماشىنا موتورى بىلەن يېڭى ئورنىتىلىدىغان موتورنى بىر بىرىگە ئاپتوماتىك ھالدا چاتىدىغان ئەگرى چىشلىق چاقنىڭ لايىھىسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. نىمە ئۇچۇندۇر ئۇتكەنكى ئىسخىما بويىچە بىرنەچچە قېتىم قىرىپ چىقىرىلغان چىشلىق چاق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولمىدى. سادىر قانچە ئويلىسىمۇ، سەۋەپىنى تېپىشقا قۇربى يەتمىدى. ئۇ بۇرۇن بۇنداق ئەگرى چىشلىق چاقلارنى لايىھەلەپ باقمىغان، مەكتەپتىمۇ بۇ توغرىدا لېكسىيىمۇ ئاڭلىمىغان ئىدى. شۇڭا ئۇ ئۇتكەنكى لايىھەلەشتە نەچچە كېچىنى كىرپىك قاقماي تاڭ ئاتقۇزۇۋەتكەن، ھەتتا يول ماڭغاندا قولىنى ھەركەتلەندۇرۇپ، تاماق يىگەندە قوشۇقنى ئايلاندۇرۇپ ئويلاۋاتقاندا بەزىلەر، ”سادىر تېخنىكنىڭ ۋېنتىسى بوشاپ قاپتۇ“ دەپ مەسخىرىمۇ قىلىشقان ئىدى. مانا ئەمدى شۇنچە ئەجرى قىلىپ لايىھىلىگەن بۇ نەرسە پىششىقلاپ ئىشلەشتە ئۆلچەمگە لايىق چىقمىدى. چاتاق زادى نەدە؟ سادىر خىيال بىلەن يۇمۇلغان كوزلىرىنى ئېچىپ، ئاستا ئورنىدىن تۇردى. بىردىنلا كوڭلى ئاينىپ، بېشى قايغاندەك بولدى. جوزا ئۈستىدىكى ئالقاندەك ئېلېكترونلۇق ھىساپلاش ماشىنىسى گويا ئۇنىڭغا تاغدەك كورۇنۇپ كەتتى، چېچىلىپ ياتقان چېرتيوژلارنىڭ ھەر بىر سىزىقىمۇ خۇددى بىر دەريادەك بىلىندى. ئۇ بىر ئىستاكان چاي ئىچىپ، تاماكا چەكتى. شۇ چاغ ئۇنىڭ ئېسىگە ئويدە دەم ئېلىۋاتقان جارۇپ ئىنژېنېر چۈشۈپ، غۇۋالاشقان



كوڭلى بىرئاز ئېچىلغاندەك بولدى... سادىر كەچكە يېقىن ماتىرياللىرنى كوتىرىپ، جارۇپ ئىنژېنېرنىڭ ئويىگە كەلگەندە، ئۇ ئادەم ھويلىدىكى تال بارىڭى ئاستىدا كىتاپ كورۇپ ياتاتتى. ئۇ سادىرنى كورۇپلا ئېچىلىپ كەتتى:

— كەل ئوغلۇم، كەل. ئىشلىرىڭ قانداقراق؟ ئاڭلىسام، بەزىلەر سېنى تەۋەككۇل قىلدى، دىيىشىۋېتىپتۇ، نىمە دىسۇن، بىز تەۋەككۇلدىن قورقمايمىز. سېنىڭ بۇ تەۋەككۇلىڭ ئىجاتكارنىڭ تەۋەككۇل قىلىشى. ئىلىم-پەندە بەزى ئىشلار ئەنە شۇنداق تەۋەككۇل قىلىش ئارقىلىق ئىشقا ئاشىدۇ...

جارۇپ ئىنژېنېرنىڭ كوڭۇل كوتىرىدىغان سوزلىرى سادىرنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغاندەك بولدى. ئۇ پىشقەدەم ئۇستازىنىڭ مېھىر-مۇھەببەت يوشۇرۇنغان سۇرلۇك چىرايىغا ھورمەت بىلەن قارىدى: خام قايماقتەك يۇقۇشلۇق كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە يىل ئىچىدە چاچ-ساقاللىرى تۇكۇل، قويۇق قاشلىرىمۇ پۇتۇنلەي ئاقىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ مۇشۇ زاۋۇتتىكى تېخنىك بولۇمىنىڭ توغۇندىسى ئىدى. ئوز ۋاقتىدىكى پاقا-سازاڭلار ماكان تۇتقان بۇ سازلىقتا بۇگۇنكىدەك مۇشۇنداق كاتتا زاۋۇتنىڭ قەد كوتىرىشى ئۇچۇن بۇ ئادەمنىڭ سەرپ قىلغان قان-تەرى ھىساپسىز ئىدى. ئۇ يېلىنجاپ تۇرغان ياشلىق باھارىنى، ۋايىغا يەتكەن ئەقىل-پاراسىتىنى مۇشۇ زاۋۇتنىڭ تەقدىرى، ئىستىقبالى ئۇچۇن بەخشەندە قىلىۋەتكەن، ئۇ بۇنىڭ ئۇچۇن قىلچە ئوكۇنمەيدۇ. پەقەت ئوكۇنىدىغىنى، ئومرىنىڭ ئاخىرىدا مانا مۇشۇنداق ھەرەج تارتىپ، باشقىلارغا يۈك بولۇپ قېلىشىلا ئىدى. ئۇ بۇندىن 8 يىل بۇرۇن ”ئەلەم كۇرسى“گە ئۇچراپ، بىر پۇتىدىن ئايرىلدى، بۇندىن 6 يىل بۇرۇن ”قەلەم كۇرسى“گە

يولۇقۇپ يۈرىكىدىن زەخمە يېدى. ئۇنىڭ چوڭ جىنايىتى چەتئەلدە ئوقۇغانلىقى ۋە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن مۇتەخەسسىسلىشىش يولىدا ماڭغانلىقى بولدى...

— بىكارچىلىقتا گوردىكى ئۆلۈك چىدىمىسا، تىرىك ئادەم چىدىمايدىكەن، — دېدى جارۇپ ئىنژېنېر ئېغىر بىر ئۇھ تارتىپ، — ئاز-تولا كىتاپ ئوقۇپ ياتتىم. تېخى بۇنىڭغىمۇ دوختۇرلار يول قويمايۋاتىدۇ...

جارۇپ ئىنژېنېرنىڭ خۇرسىنىپ ئېيتقان سوزلىرى سادىرنى خىيالدىن سەگىتتى. ئۇ شۇندىلا ئۆزىنىڭ جىددى ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، سومكىسىدىن ماتېرىياللارنى چىقاردى:

— بۇلارنى بىر كورۇپ بېقىڭ، — دېدى ئۇ ئىلتىجا بىلەن، — شۇنچە ئىشلىسەممۇ يەنە بىر يېرى سىرلىقتەك قىلىدۇ.

جارۇپ ئىنژېنېر ئەگرى چىشلىق چاقتا ئائىت ئىسخىما، چېرتيوژلارنى تەپسىلى كورۇپ، سانلىق ھىساۋاتلارنى قايتا بىر ئولچىدى-دە، سادىرغا يۈزلەندى:

— پەندە سىر يوق ئوغلۇم، پەقەت مۇرەككەپ ۋە قىيىنلىقلا بولىدۇ، مانا سەن بۇ لايىھەڭدە بىر خاتاغا يول قويۇپسەن. قېنى، ئابيومىنى يەنە بىر قېتىم ئىنچىكە ھىساپلاپ كورگىنە؟ — دېدى ئۇ قۇۋلۇق بىلەن كۈلۈمسىرەپ.

سادىر قايتا ھىساپلاشقا كىرىشتى.

— تاپتىم، تاپتىم! — دېدى ئۇ بىر دەمدىن كېيىن بالىلاردەك خوشال بولۇپ، — مانا قاراڭ، تۇراقلىق ساننى قوشۇشنى ئۇنتۇپتىمەن ئەمەسمۇ؟ — ئاندىن ئۇ بىرمۇنچە تەكەللۇپلارغىمۇ قارىماي قايتىشقا ئالدىرىدى.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

جارۇپ ئىنژېنېر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدى:

— نىمانچە ئالدىرايسەن؟ بالىلىرىڭ يىغلاپ، ئەمچىكىڭ ئېيىپ قالامتى؟

سادىرنىڭ يۈزى ۋىللىدە قىزاردى. جارۇپ ئىنژېنېر بۇ چاقچىقى بىلەن ئۇنىڭغا "سايەڭنى قاچان ئىككى قىلىسەن؟" دېگەن مەنانى دارىتىپ ئوتكەن ئىدى.

— سېختىكىلەر شۇنىڭغىلا قاراپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئۇززە ئېيتىپ، — بۈگۈن كېچىچە بۇنى تۈزىتىپ ئەتە تاپشۇرۇپ بەرمىسەم بولمايدۇ.

— ئىشلە ئوغلۇم، ئەل ئۈچۈن ئىشلەپ ئوتقا كىرسەڭمۇ كويمەيسەن! — دېدى جارۇپ ئىنژېنېر ۋە باش تەرىپىدە تىزىقلىق تۇرغان كىتاپلار ئارىسىدىن بىرسىنى سۇغۇرۇپ سوزىنى داۋام قىلدى، — ئۆگەنمەيدىغان ئادەم زىرائەت ئۈنمەيدىغان يەرگە ئوخشايدۇ، مانا بۇنى ئالغاچ كېتىپ كورۇپ قوي...

سادىر خوشلىشىپ، ئۇدۇل ئىشخانىغا كىردى. ئۇ شۇ ئولتۇرغىنىچە تۈن ھەسسىدىن ئاشقاندا لايىھىنى قايتىدىن ئۆزگەرتىپ چىقتى. ئەتىسى 2-سېختىكى بىر پىشقەدەم ئۇستا شۇ لايىھە بويىچە ئىشلەپ، ئىككى دانە ئەگرى چىشلىق چاقنى مۇۋەپپەقىيەتلىك قىرىپ چىقاردى.

بۈگۈن سادىرنىڭ ھاياتىدىكى ئەڭ ھاياجانلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئەڭ داغدۇغىلىق كۈن بولدى. ئۇ ئۆز ئىختىراسىنى رەسمىي سىناق قىلماقچى. ئۇنىڭ لايىھىسى بويىچە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ھەربى جىپ ماشىنا مەيدانىنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى، خىزمەت بىناسىنىڭ ئالدىدىكى چاققانىغىنا سەينا ئىشچى-خىزمەتچىلەر

بىلەن تولدى. لاۋۋاڭ بىلەن لاۋفاڭ پەلەمپەي پەشتىغىدىكى ئورۇن-
دۇقتا بىر بىرىگە ئوخشىمايدىغان ھىسسىياتلار بىلەن سادىرغا تىكىلىپ
ئولتۇراتتى.

ئاددى ئىشچى كىيىمى كىيىۋالغان سادىر ماشىنا ئۇسكۇنىلىرىنى
بىر قۇر تەكشۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، قولىدىكى كىچىك بايراقچىنى
كۆتىرىپ شوپۇرغا بەلگە بەردى. ماشىنا گۈلدۈرلەپ ئوت ئالدى.
سادىر موتورنىڭ ئاۋازىنى بىر پەس تىڭشاپ، ئارقىدىنلا يەنە سۇر-
ئەتنى تېزلىتىش بۇيرۇغىنى بەردى. ماشىنا تېخىمۇ قاتتىق ئاۋازدا
گۈلدۈرلەپ، ئىشىك-دەرىزىلىرى سىلكىنىشكە باشلىدى. سادىر ئۈچ
مىنۇتچە شۇ ھالدا تۇرغاندىن كېيىن، شوپۇرغا يېڭى ئورنىتىلغان
ئىككىنچى موتورنى چېتىش ئىشارىسىنى بەردى. شوپۇر ئوت ئالدۇر-
غۇچنى ئېچىۋىدى، "تاراس" قىلغان قاتتىق ئاۋاز چىقىپ، ئىككى
موتور ئاپتوماتىك ھالدا بىر بىرىگە چېتىلدى. لېكىن سادىرنىڭ
بايراقچىسى ئەمدىلا كۆتىرىلىپ، ئالاقىلىشىش ئاپاراتىنى ئىشقا
سېلىش بۇيرۇغىنى بېرىدىغان چاغدا، قانداقتۇر بىر تاراڭشىغان
ئاۋاز بىلەن تەڭ ماشىنا موتورى چىپپىدە ئۆچۈپ، يېڭى موتورمۇ
ھەركەتتىن توختىدى...

سادىرنىڭ قولىدىكى بايراق ھاۋادا لەيلەپ قالدى. گويا ئۇنىڭ
بېشىدا چاقماق چاقىقاندەك بەدىنى شۈركىنىپ كەتتى. كىشىلەر توپى
تەۋرىگىنىچە چۇقان سېلىشىپ ماشىنىنى ئورىۋېلىشتى. بۇ چاغدا
لاۋۋاڭنىڭ قىياپىتى ھادىس ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى
دەسلەپ قارىداپ، كېيىن تاتاردى. بۇرۇن كومۇچەكلىرى كېرىلىپ،
ئىچىدىن ئاچچىق بۇس چىققاندەك بولدى. ئۇ قولىدىكى تاماكىنى
غەزەپ بىلەن يەرگە ئاتقىنىچە لاۋفاڭنى باشلاپ ئىشخانىسىغا كىرىپ



كەتتى.

—مەن دىمىدىممۇ، مانا ئەمدى قارغۇنىڭ ئارقىسىدىن مېڭىپ
گوداڭغا چۈشتۈق! —دىدى ئۇ چالۋاقاپ ۋە بىر خىل سىرلىق
كۆلكىسى بىلەن بىخىرامان ئولتۇرغان لاۋفاڭغا قاراپ تېخىمۇ ئەز-
ۋەيلەپ كەتتى، — مەن سىزگە دىگەنغۇ، قاۋاقخانىنىڭ بوسۇغىسى
بىلەن دۇتار-غىجەكنىڭ پەدىسىنىلا بىلىدىغان بۇنداق ئادەملەردىن
كەشپىيات چىقامتى؟! مانا ئەمدى دولەتنىڭ نەچچە مىڭ يۈەن
پۇلىنى يۇندىدەك ئېقىتىپ، زاۋۇدىمىزنىڭ ئابروينى غازاڭدەك
سېرىقۋەتتى!...

بۇ گەپلەر ئەمدى لاۋفاڭغا ئېغىر كەلدى. ئۇ ئاستا بېشىنى
كۆتىرىپ لاۋۋاڭغا تىككىدە قارىدى:

—توت پۈتلۈق پىلمۇ بەزىدە يىقىلىپ چۈشىدۇ، يولداش جاڭ-
جاڭ! —دىدى ئۇ ۋەزنىلىك تەلەپپۇزدا، —ئىلىم-پەن كەشپىياتىدىكى
بۇنچىلىك مەغلۇبىيەت نورمال ئىش. نەدىمۇ بىرلا سىناق بىلەن
كىشىلەرنى داڭ قالدۇرغۇدەك موجىزە يارىتىدىغان ئۇكايلىق بار؟!
سادىر ئىگىز تامغا يامىشىشقا جۇرئەت قىلغان ياش، ئۇنى يولسەكلا
تامغا چىقىپ كېتەلەيدۇ...

لاۋۋاڭ ئەلەم بىلەن دىمىغىنى قاقتى:

—ئۇ تېخى تامغا ياماشقانمۇ؟! مېنىڭچە، ئۇ تام تۈۋىدە يوگەي
قۇرۇتتەك تۈگۈلۈپ ياتقان، ئەمدى ئۇنى ئوبدانراق بىر نوقۇپ
قويۇش كېرەك! —دىدى ئۇ ۋە ئۈدۈل تېلېفون يېنىغا كېلىپ كىمنىدۇ
چاقىردى.

—ھە، مەن... سىز ئىشخانا مۇدىرىمۇ؟ ناھايىتى ياخشى. ھەر-
قايسى سېخ مۇدىرلىرىغا ئۇقتۇرۇش قىلىڭ، دەرھال مېنىڭ ئىشخا-

نامغا كەلسۇن. سادىرنىڭ مەسلىسىنى مۇزاكىرە قىلىمىز. ئۇنىڭ دۆلەتنىڭ پۇلىنى بۇزۇپ-چېچىشىغا ئەمدى چەك قويۇش كېرەك.

لاۋۋاڭ ئەندىككەندەك ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئۇ، لاۋۋاڭنىڭ كوزىگە جىددى تىكىلدى، ھەر ئىككىسى بىر مىنۇتچە جىم تۇرۇشتى.

— يولداش لاۋۋاڭ، كالليڭىز بەك قىزىپ كەتتىغۇ دەيمەن؟! — دېدى ئاخىر لاۋفاڭ ئوزىنى بىرئاز بېسىپ، — ئىلىم-پەن مەسىلىسىدىكى ئىشلارنى مەمۇرى چارە بىلەن بىر تەرەپ قىلغىلى بولماس.

زاۋۇت باشلىقى مەيدىسىنى كېرىپ، مىيىغىدا كۇلدى:

— بۇ زاۋۇدىمىزنىڭ ئىچكى ئىشى! مەن شۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويايكى، سىز سادىرغا ھەرقانچە شوتا قويۇپ بەرسىڭىزمۇ ئۇ ئەمدى يولۋاستىن چۇشەلمەيدۇ، زادىلا چۇشەلمەيدۇ!

لاۋۋاڭ ئەمدى ھاردۇق يەتتى، دىگەندەك، قاتتىق بىر كېرىلىپ ئۆزىنى سافاغا تاشلىدى، لېكىن ئۇدۇلدا ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغان لاۋفاڭنىڭ جىددى قىياپىتى ئۇنىڭغا يەنىلا ئارام بەرمىدى.

— مەنمۇ شۇنى ئېيتىپ قويايكى، ۋەتىنىمىزنى سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىيىتىدە تاشلانغان ھەرقانداق بىر قەدەم بىز ئۇچۇن قىممەتلىك، ئۇنى ئاسمان-پەلەك شوتا قويۇپ كوتىرىش كېرەك، — دېدى ئۇ ئالدىغا ئىككى قەدەم سىلجىپ، — ئەكسىچە، شوتا تارتىپ كىشىنى دومىلىتىدىغان ھەرقانداق ئورۇنۇش رەزىللىك!

لاۋۋاڭ خۇددى كەكرى چىشلىۋالغاندەك چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى...

جىددى ئۇقتۇرۇش بىلەن تۇيۇقسىزلا چاقىرىلغان يىغىن ناھايىتى كوڭۇلسىز ئوتتى. لاۋۋاڭ سادىرنىڭ "جىنايەت"لىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، ئىشخانىدا ئەجەپلەنگەن تاۋۇشلار، كۇت-كۇتلار باشلاندى.



ئوستەل-ئورۇندۇقلارنىڭ ھە دەپ غىچىرلاشلىرى، يوتكىلىشلىرى يىغىن كەيپىياتىنى تېخىمۇ سۇسلاشتۇرۇۋەتتى. پەقەت 1-سېخنىڭ مۇدىرى ئەيسانىڭ گۇكىرىگەن ئاۋازىلا گوڭۇر-موڭۇرنى بىرئاز باسقاندەك بولدى.

— يولداشلار، بىز سادىرنىڭ دولەت مۇلكىگە زىيان سېلىپ ئوزىنىڭ شان-شوھرىتىنى چىقىرىش غەرىزىدە زاۋۇدىمىزنىڭ ئابروينى يەرگە ئۇرغان جىنايەتلىرىنى قاتتىق ئەيىپلىشىمىز كېرەك، مەن ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىمەن...

ئۇنىڭ ئاخىرقى سوزلىرىنى ئۇ يەر-بۇ يەردىن كوتىرىلگەن يوتەل، ئەسنەك ئاۋازلىرى بېسىپ كەتتى. لاۋۋاڭ ئەتراپقا بويۇنداپ، ئەيسانىڭ پىكرىگە ھىمات ئىزلىدى. لېكىن كۇتۇلمىگەندە ئېلېكتىر سېخى مۇدىرىنىڭ سوزى ئۇنى ھەيران قالدۇردى:

— مەن تازا چۇشىنەلمەيۋاتىمەن، سادىرنىڭ جىنايىتى زادى نىمە؟ ئەگەر بىز سىناقتا مەغلۇپ بولدى دەپ بۇگۇن بىرسىگە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بەرسەك، شان-شوھرەت تالاشتى دەپ ئەتە بىرسىگە گۇنا يازساق، ئۇ چاغدا كىممۇ يېڭىلىق يارىتىشقا، ئىجات قىلىشقا جۇرئەت قىلالايدۇ؟! بىرەر يېڭى ئىشقا تۇتۇش قىلغان ئىكەنمىز، چوقۇم ئۇنىڭغا ئاز-تولا ئىقتىسات كېتىدۇ. ئەدناسى، قۇشقاچ تۇتۇش ئۇچۇنمۇ بىر سىقىم تېرىق بولمىسا بولمايدۇ-دە! مېنىڭچە، بۇ مەسىلە ئۇنىچۇۋالا غەۋغا كوتىرىپ كەتكۇدەك ئىش ئەمەس.

ئۇنىڭ سوزى يىغىننى جانلاندۇرۇۋەتتى. لاۋۋاڭ چوققا دەسسىۋالغاندەك ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئىشخانا مۇدىرىغا بىر دەم پىچىرلايتتى، بىر دەم باش سىلكىيتتى، بىر دەم ئىڭەك قاقاتتى. ئاخىر



www.uyghurkitap.com

ئىشخانا مۇدىرى يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ، يىغىن ۋەزىيىتىنى ئۆزگەر-
تىشكە ئۇرۇندى.
— يولداشلار، بىز پارتىيىگە، زاۋۇتقا، كوللېكتىپقا مەسئۇل بول-
شىمىز لازىم. مانا شۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، سادىرنىڭ بۇ قېتىمقى
ۋەزىپىنى ھوددە ئېلىشتىكى نىيىتى ساپ ئەمەس، زاۋۇت رەھبەرلى-
گىنىڭ شۇنچە سەمىمى تەۋسىيىسىگە قارىماي، ئۇنىڭ تەلۋىلەرچە
تەۋەككۇل قىلىشىدا غەرەز بار...
— بىز يولداشلارغىمۇ مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم! — ئىشخانا
مۇدىرىنىڭ سۆزىنى قاپ بەلدىن بولۇپ، تاقەتسىزلىك بىلەن ئېيتىل-
غان بۇ سۆز ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ خىلىدىن بىرى
سۆكۈتتە ئولتۇرغان يەنە بىر سېخ مۇدىرى ۋاڭ جۈگىنىڭ تۇنجى
پىكرى ئىدى. ئۇ دوغلاقچىنا گەۋدىسىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ سۆزىنى
داۋام قىلدى، — مېنىڭچە سادىردا غەرەز بار، دىگەندىن كۆرە،
ئىزلىنىش، ئىنتىلىش بار، دىگەن دۇرۇس. بۇنداق ياشلاردىن
ئۈمىت كۈتۈشكە بولىدۇ. ئۇ ئاز سانلىق مىللەت ئىچىدىن يېتىشىپ
چىققان يارامىلىق بىر تېخنىك...
— نىمە ئاز سانلىق، كۆپ سانلىق! — بۇ قېتىم زاۋۇت باشلىقى
ئۆزىنى بېسىپ ئولتۇرالمىدى، ئۇنىڭ چىرايى غەلىتى تۈس ئالغان
ئىدى، — بىز ئۇنى ئاز-تولا كۆتىرىپ قويساق، سىز ئەمدى بېشى-
ڭىزغا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئوسۇرۇغىنىمۇ مېزىلىك دەۋاتىسىز!...
ۋاڭ جۈك ئۈنچىقمىدى. بۇ گەپلەر ئۇنىڭ ئىززەت-نەپسىگە
خېلى قاتتىق تەككەن ئىدى. توۋا، ۋاڭ چاڭجاڭ سادىرنى نىمانچە
يامان كۆرۈپ قالدى؟! ھە... شۇ ئىش ئۈچۈنمىدۇ؟! شۇ ئىشلار تېخىچە
ۋاڭ چاڭجاڭنىڭ كۆڭلىدە ئاداۋەت بولۇپ ساقلانغان بولسا-ھە؟!



ئۇ چاغ 1975-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى ئىدى. ۋاڭ جۈرېن قەيەردىن-
دۇر شەھەرگە كەلگەن بىر سەنئەت ئۆمىكىنى زاۋۇتقا چىقىپ ئويۇن
قويۇشقا تەكلىپ قىلدى. بىر شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇلارمۇ
داغدۇغا بىلەن چىقىپ كەلدى. ۋاڭ جۈرېن ئۆمەك شەرىپىگە كاتتا
زىياپەت ئۆتكۈزۈپ، ئۇلار ئوينايدىغان «ۋېيخۇشەننى پەم بىلەن
ئېلىش» دىگەن ئۆلگىلىك تىياتىر توغرىسىدا كەڭ تەشۋىق ئويۇش-
تۇردى. كەچتە ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن ئۆزى يەنە ئۆزۈندىن-
ئۆزۈن قارشى ئېلىش نۇتقىمۇ سۆزلىدى. ئويۇننىڭ ئىككى پەردىسى
تۈگىگەن چاغدا كۈتۈلمىگەن بىر ئىش يۈز بەردى: زالدا بىر
ئىشچى پەيدا بولۇپ، ناھايىتى ئالدىراش-تېنەش سادىرنى چاقىرىپ
چىقىپ كەتتى. سادىر چىقىپ كېتىپ يېرىم سائەتتىن كېيىن، زالنىڭ
پۈتۈن چىرىغى خۇددى بىرسى پۈلىگەندەكلا لەپپىدە ئۆچۈپ، زال
ئۇرە-توپە بولۇپ كەتتى. بەزىلەر، ئىسقىرتىپ مەسخىرە قىلاتتى؛
بەزىلەر، بوغۇلۇپ ۋاقىراپ ئالىلىكمىلەرنى كايىتتى. ۋاڭ جۈرېن
سەراسىمىگە چۈشتى. يېنىدا ئولتۇرغان ئۆمەك باشلىغىنىڭ ئەلەملىك
تىنىشى ئۇنى تېخىمۇ ئالاقزادە قىلىۋەتتى...
"بۇ ئۆلگىلىك تىياتىرلارنىڭ ئوينىلىشىغا قارشى تۇرغانلىق
ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭ تېگى ئۈچى كىمگە بېرىپ تاقىلىدۇ؟!..." خۇددى
بىرسى ئۇنىڭغا ئەنە شۇنداق سوئال قويۇپ، سوراق سەھنىسىگە
تارتىپ چىقىرىۋاتقاندەك، ئۇنى قاتتىق ۋەھىمە باسقان ئىدى. بۇنى
ئاز دىگەندەك، بىر توپ كەپسىز باللار ئالا-تاغىل ناخشا توۋلاپ
ئۇنىڭ يارىسىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇرۇۋەتتى:

ۋېيخۇشەننى توت سەكرەپ،
گەپ بىلەن ئالدىم.

ئۇششاق باللىدىن : بەش پۈكىنى،
پەم بىلەن ئالدىم...

شۇ چاغ بىرسى ۋاڭ جۈرېننىڭ يېنىغا كېلىپ بىر نەرسىلەرنى شۇۋىرلىدى، ئۇ چاپىچىپ ئورنىدىن تۇرۇپ زالدىن چىقتى-دە، ئۇدۇل سىرتقا قاراپ ماڭدى. سىرتنىڭ دەرىزىلىرى يوپ-يورۇق بولۇپ، موتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى يىراقتىنلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ۋاڭ جۈرېن سىرتنىڭ ئىشىگىنى جالاقلىتىپ ئېچىپ كىرگەندە، سادىر سۇۋاركا موتورىنىڭ يېنىدا قانداقتۇ بىر نەرسىنى جىددى كەپشەرلەۋاتاتتى.

—سەن... سەن بۇزۇق ئۇنسۇر!—ۋاڭ جۈرېن يەر تېپىپ ۋاقىرىدى،—سېنىڭ نەزىرىڭدە يۇقۇرىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ھۆرمىتى، رەھبەرلىكنىڭ ئابرويى دىگەن نەرسە بارمۇ، يوق؟!

سادىر قىلىۋاتقان ئىشىنى توختاتماي ۋاڭ جۈرېنغا ھەيرانلىقتا قارىدى. گويا بۇ گەپلەر ئۇنىڭغا تەئەللۇق ئەمەستەك چىرايى خاتىرجەم ئىدى.

—يولداش جۈرېن، ئويۇن كورمىگەن ئادەم بۇزۇق ئۇنسۇر بولامدىكەن؟ ھازىر مېنىڭ نەزىرىمدە ئون نەچچە كان ئىشچىسىنىڭ ئۆلۈم خەۋپى تۇرىدۇ...

دەرۋەقە، سادىرنىڭ ھازىر قىلىۋاتقان ئىشى تۈيۈقسىز گاز بىلەن زەھەرلىنىپ، ھايات-مامات بوسۇغىسىدا تۇرغان ئون نەچچە كان ئىشچىسىنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك ئىدى. جىددى يولغا چىقىش كېرەك بولغان قۇتقۇزۇش ماشىنىسى تېخى ئەتىگەن ھادىسىگە يولۇقۇپ، رامدىن ئايرىلغان ئىدى. سادىر مانا شۇ رامنى كەپشەرلەش



www.uyghurkitap.com

ئۈچۈن يۇقۇرى بېسىملىق سۇۋاركا موتورىنى ئىشقا سېلىۋىدى، كىم بىلسۇن، توك لىنىيىسى بىر بىرىگە تۇتاش بولغان سۇۋاركا موتورى ھەركەتلىنىش بىلەنلا كۇلۇبنىڭ توكىنىمۇ بىراقلا تارتىپ كەتكەن ئىدى...

ۋاڭ جۈرېن سادىرنىڭ چىرايىدىكى خاتىرجەملىك بىلەن تەپ تارتماستىن تېخىچە ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ، تېخىمۇ چىچاڭشىپ كەتتى:

—سەن كان ئىشچىلىرىنى ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغان خۇدامتىڭ، دوختۇرمىتىڭ؟! ماڭا ھازىر كېرىكى چىراق، توك!...

سادىر قاشلىرىنى يىمىرىپ ۋاڭ جۈرېنغا بىر قارالدى-دە، ئىشتىن توختىدى، ئۇ كەپشەرلەشنى ئاخىرلاشتۇرغان ئىدى. ۋاڭ جۈرېنمۇ ئۇنىڭغا قاتتىق بىر گولىيىپ سىرتتىن چىقىپ كەتتى. لېكىن ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمىدى. ئەتىسى ۋاڭ جۈرېن پۈتۈن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى كۇلۇبقا يىغىۋېلىپ بۇ "ئەكسىلئىنقىلاۋىي" ۋەقەنى بىر تەرەپ قىلىش چوڭ يىغىننى ئاچتى. سادىرنى ئىككى مىنبىڭ شىللىسىدىن قاماپ سەھنىگە سورەپ چىقتى. كۈرەش بىلەن ئۇنىڭ "ھەيۋىتى" سۇندۇرۇلدى. ئاخىرىدا، ۋاڭ جۈرېن ئۇنىڭ تېخنىكلىق سالاھىيىتىنىڭ ئېلىپ تاشلىنىپ، سىرتقا چۈشۈرۈلگەنلىكىنى جاكالىدى. سادىر مانا شۇ بوراندا بىرلا ئۇچۇپ سىرتقا چۈشكەنچە تاكى "مۇز ئېرىپ" سىياسەت ئەمىلىيلەشكىچە بولغان ئۈچ يىلغا يېقىن ۋاقىت سىرتتا نازارەت ئاستىدا ئىشلىدى...

ۋاڭ جۇڭ ئۆز ۋاقتىدىكى مانا شۇ ئىشلارنىڭ شاھىدى ئىدى. ئۇ ۋاڭ چاڭجاڭنىڭ سادىرغا تۇتقان بۈگۈنكى پوزىتسىيىسىدىن ئازراق ئۈچ ئېلىش پۇرىقى بارلىقىنى سەزگەندەك قىلدىيۇ، لېكىن جەزمى

قىلىشقا كۆڭلى قىيمىدى. چۈنكى، ۋاڭ چاڭجاڭدەك بىر پىشقەدەم كادىرنىڭ قەلبىدە بۇنداق غەلدى-غەشتىلەر نىمە قىلسۇن؟!...

ئۇ ئۆز ئۆزىگە ئەنە شۇنداق تەسەللى بېرىپ، قانداق تۇيۇقسىز ئېچىلغان بولسا، يەنە شۇنداق تۇيۇقسىز يېپىلغان يىغىنىدىن چىقىپ كەتتى...

سادىر قاتتىق ھېرىققىنىدىن ماڭلىيىنى ئىشخانىنىڭ دەرىزىسىگە يېقىپ كۆزىنى يۇمدى. ئۇنىڭ پۈتۈن خىيالى بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەتنىڭ سىرىدا ئىدى. ئۇ ئىككى كۈندىن بېرى پۈتۈن ماتېرىياللارنى قايتىدىن تەكشۈرۈپ، چېرتيوژلارنىمۇ تەپسىلى ھېساپلاپ كۆردى. ھەممىسى توغرا، ئولچەمگە لايىق ئىدى. چاتاق زادى نەدىن چىقتى؟! بۇ سوئال ئۇخلىسىمۇ چۈشىدە ئۇنى بارام قىلاتتى. ئۇنىڭ بارلىق پىكىر-خىيالى قانداق قىلىپ بولمىسۇن، بۇ قېتىمقى ئىختىرانى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقىش ئىستىكى بىلەن تولغان ئىدى...

سادىر ئېغىرلاشقان قاپاقلىرىنى ئاستا كۆتىرىپ، سۈپ-سۈزۈك ئەينەكتىن يىراققا قارىدى. ئۇنىڭ ھارغىن كۆزلىرى ئىگىز تۇرخۇنلار بىلەن سېخ بىنالىرىدىن ھالقىپ، قانداقتۇ بىر نۇقتىغا كەلگەندە ھەركەتسىز توختاپ قالدى. ئۇ سىناق ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىلقى جىپ ماشىنىسىنىڭ يېنىدا ئىككى كۆلەڭگۈنىڭ قىمىرلاۋاتقانلىغىنى خىرە-شىرە ئىلغا قىلغان ئىدى. سادىر ئالمان-تالمان ئىشخانىدىن چىقىپ شۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈردى. يېقىنلاشقانسېرى ئۇنىڭ چىرايى ئېچىلىپ، بويى يەڭگىللەپ قالدى. چۈنكى ئۇ يەردە ھاسىسىنى تامغا يۆلەپ قويغان جارۇپ ئىنژېنېر بىلەن يەڭلىرىنى شىمايلىۋالغان لاۋفاڭ موتور بىلەن ھەپىلىشىپ تۇراتتى.

—تاپتۇق، تېخنىك يىگىت. چاتاقنى تاپتۇق...—جارۇپ ئىنژې-



نېر يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان سادىرنى كۆرۈپلا ۋاقىرىۋەتتى. سادىرمۇ كەلگەن پېتى ئۆزىنى ماشىنىغا ئاتتى. جارۇپ ئىنژېنېر ماگنىتلىق ئوت ئالدۇرغۇچى دىنامنى كۆرسىتىپ دېدى:

—مانا، كۆردۈڭمۇ؟ چاتاق مۇشۇ يەردە ئىكەن، سەن ئۇنىڭغا قاراپ باققىنا.

سادىر ھاياجانلىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ سەپسالدى. دۇرۇس، ماگنىتلىق دىنام سائەت ئىستىرىلكىسىغا تەتۈر ئايلىنىۋاتاتتى. سادىر پىشانىسىغا بىرنى قويدى، بۇ ئۇنىڭ ھەم خوشاللىغى ھەم ئۆكۈنۈشى ئىدى.

جارۇپ ئىنژېنېر لاۋفاڭنىڭ قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى ئېلىپ چۈشەندۈردى:

—يېڭى چىققان بۇ دىنام ئەسلىدە تەتۈر ئايلىنىدىغان ئۇسكۈنىلەر ئۈچۈن ئىشلەنگەن ئىكەن، ئۆتكەندە بۇنى لاۋفاڭ شاڭخەيدىن ئالدۇرغان چاغدا مەنمۇ كۆرۈپ باقمىغان ئىكەنمەن، سەن بۇنى ئورنىتىشتا ئوڭ دىنام نۇسخىسىدا ئورنىتىپسەن. بايا مەن لاۋفاڭغا تېلېفون بېرىپ بۇنىڭ چۈشەندۈرۈش خېتىنى سورىسام، ئۆزى ئېلىپ كەپتۇ...

سادىر شۇ تۇرقىدا بۇ ئىككىيلەننى قۇچاقلاپ كۆتىرىپ، بىرنەچچىنى پېقىرىتىشقا تەييار ئىدى. لېكىن ئۇ خوشاللىغىنى زورغا سىڭىرىپ، چوڭقۇر بىر تۇيغۇلۇق قاراش بىلەن كۆڭلىدىكى ھۆرمەت تەشەككۈرىنى ئىزھار قىلدى.

—ئەمدى نەدىن يىقىلغان بولسام شۇ يەردىن قوپاي!—دېدى ئۇ ھاياجانلىق تىن ئېلىپ،—بۇنى قايتا ئىشلەيمەن.

جارۇپ ئىنژېنېر ئويلىنىپ قالدى:

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— قانداق ئىشلەيسەن؟

— ئىشنى دىنامىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى سىم ئوراملىرىنىڭ يونۇلۇشنى ئوزگەرتىشتىن باشلايمەن.

— توغرا، — جارۇپ ئىنژېنېرمۇ شاگىرتىدىن كەم ھاياجانلانمىغان ئىدى، — ئېلېكتىر سېخىدىكىلەر بىلەن سوزلىشىپ باققىن.

سادىر شۇ كۇنىلا دىنامىنى كوتىرىپ ئېلېكتىر سېخىغا كەلدى. ئېلېكتىر سېخىدىكى ئۇستىلار ئۇنىڭغا قايىل بولدى. سېخ مۇدىرىمۇ بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنلاشقا ۋەدە بەردى. لېكىن كۇتمىگەن يەردىن ئۇنىڭ ئىشىغا يەنە چېچەك چىقتى. ئۇ رەسمىيەت ئوتەش ئۇچۇن ئىشلەپچىقىرىش بولۇمىگە كەلگەندە، زەھەر-زۇقۇمدىن ناشتىلىق يىدى:

— ۋاڭ چاڭجاڭنىڭ بۇيرۇغىنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ؟ — دىدى ئىشلەپچىقىرىش بولۇمىنىڭ باشلىغى ئۇنىڭغا دوق قىلىپ، — بۇندىن كېيىن سىز ئۇچۇن بىر پۇڭ ئاقچا-تىيىن، بىر مىسقال تومۇر-تەسەك، بىرەر-يېرىم ئادەم كۇچى بېرىلمەيدۇ!

بۇ گەپلەردىن سادىرنىڭ يۇرىگى شاكاراپ ئىچكەندەك ئېچىشىپ كەتتى. ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ جارۇپ ئىنژېنېرنىڭ ئويىگە كېلىپ قالغانلىغىنىمۇ سەزمەي قالدى. جارۇپ ئىنژېنېر ئۇنىڭ سالپىيىپ قالغان تەققى-تۇرقىغا قاراپلا چاقچاق قىلدى:

— نىمە بولدى، تۇمشۇقلىرىڭ ئىشەك باغلىغۇدەكلا ئۇششىلىنىپ كېتىپتىغۇ؟

سادىر بولغان ئەھۋالنى قىسقىچە سوزلەپ بولۇپ، ئاخىرىدا ئەلەم بىلەن قوشۇپ قويدى:

— بۇ ئادەم ماڭا كەلگەن سۇ بىلەن ھاۋانىمۇ توسۇۋالماقچى بولغان ئوخشايدۇ...



جارۇپ ئىنژېنېر ئوزىنى بېپەرۋالىققا سېلىپ كۇلدى:

— ئۇستەڭنىڭ سۇيىنى توسۇۋالسا قۇدۇقتىن ئىچسەن، زاۋۇتتىكى ھاۋانى توسۇۋالسا شەھەردىن سۇمۇرىسەن،... — ئۇ ئاغزىدا شۇنداق دىسىمۇ، لېكىن كوڭلىدە سادىرنىڭ ھالىغا ئېچىندى. ئىلىم-پەن كەشپىياتى ئۇچۇن كەڭ يول ئېچىلغان بىر پەيتتە مۇشۇنداق غەلىتى ئىشلارنىڭ يۇز بېرىشى ئۇنى ئويلاندۇراتتى.

— روھىڭنى چۇشەرمە ئوغلۇم! — دىدى ئۇ ئاخىر ئاچچىق بىر ئىچكى تۇيغۇ بىلەن، — بىر تاغار ياڭاقنى ياڭاقچىلىك تاش چاقالايدۇ. سەنمۇ ئەنە شۇ تاشتەك بەردەم بول. ۋاڭ چاڭجاڭ سېخلارغا توساق سېلىۋەتكەن بولسا، كىشلەرنىڭ زامانىۋىلىشىشقا تەلپۇنگەن كوڭلىنى توسيالمايدۇ. مەن ئىشلەپچىقىرىش بولۇمىدىكىلەر بىلەن سوزلىشەي، سىم ئوراملىرىنىڭ يونۇلۇشىنى ئوزگەرتسەڭلا، كەشپىياتىڭ ئاياققا تۇرىدۇ،...

سادىرغا "ئۇھ" دىگۇدەك ئارامچىلىق ئاخىر نېسىپ بولدى. ئۇنىڭ ھىچبىر داغدۇغا، ھەشەمسىز ئوتكۇزگەن ئاخىرقى سىنىغى مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. شۇ كۇنى بۇ خەۋەر پۇتۇن زاۋۇتقا تارقاپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەر سادىرنى قىزغىن تەبرىكلەۋاتقان چاغدا، ۋاڭ چاڭجاڭ ئىشخانىسىدىن زادىلا سىرتقا چىقمىدى، ئۇ، ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا ماڭاتتى. ئادەتتە ئىككى كۇن چېكىدىغان بىر قاپ مېزىلىك تاماكىسى شۇ بىرنەچچە سائەت ئىچىدىلا يېرىملىشىپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ خوشاللىغىمۇ-خاپىلىغىمۇ ياكى ھەسرىتىمۇ-پۇشايمىنىمۇ بىلىپ بولمايتتى...

ئارىدىن ئىككى ھەپتە ئوتۇپ يەنە بىر ۋەقە يۇز بەردى، بۇ ۋاڭ چاڭجاڭ ئۇچۇن تېخىمۇ كۇتۇلمىگەن ئىش بولدى. لاۋفاڭ

باشچىلىغىدا ئۇن نەچچە ھەربى كادىر زاۋۇتقا كېلىپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ چوڭ يىغىنىدا مەلۇم دىۋىزىيىنىڭ زاۋۇت پارتكومىغا تەقدىم قىلغان قىزىل دۇخاۋىلىق لەۋھەسى بىلەن تەشەككۈر خېتىنى تاپشۇردى. خەتتە: سادىر لايىھىلەپ سىناق قىلغان ئىختىرانىڭ ئالاقىلىشىش ساھەسى بويىچە يېقىندا ئۆتكۈزۈلگەن مانېۋىردا ياخشى ئۈنۈم قازىنىپ، بارغانسېرى كېڭەيتىلىۋاتقانلىغى ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىغان ئىدى. لاۋفاڭ تەشەككۈر خېتىنى ئۈنلۈك ئوقۇغان چاغدا پۈتۈن زال سادىرنىڭ شەنىگە ئۇرۇلغان ئالقىش ساداسى بىلەن ياڭراپ كەتتى. لاۋفاڭ خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئاخىرىدا قىسقىچە قوشۇمچە قىلدى:

— يولداشلار، مەن ئالاقىلىشىش ساھەسىدىكى بارلىق رادىستلار، جەڭچىلەر نامىدىن يولداش سادىرغا يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر بىلدۈرىمەن! ئۇ ئۆزى كىچىك بولسىمۇ، چوڭ يولۋاسقا مىنىشكە جۈرئەت قىلدى. شۇ چاغدا بەزىلەر، ئۇنىڭ يولۋاستىن چۈشەلىشىگە ئىشەنمىگەن ئىدى، لېكىن بۇ ياش تېخنىك ئۆزىنىڭ ھالال قان-تەرىگە تايىنىپ، بۇ يوغان يولۋاستىن ئاخىر شەرەپ بىلەن چۈشتى!...

ۋاڭ چاڭجاڭ خۇددى ساغرىسىغا بىر نەرسە پاتقاندەك ئورنىدىن بىرنەچچە قېتىم قىمىرلاپ قويدى. ئۇ كۈمۈش گەردىشلىك كۆزەينىكىنى بىر دەم ئېلىپ، بىر دەم سالاتتى. لاۋفاڭنىڭ ئاشۇ بىرنەچچە جۈملە سۆزى تۈگىگىچە ئۇ بۇ ھەركىتىنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىدى. ئۈچىنچى قېتىمدا ئۇنىڭ قىرلىق بۇرنى ئۈستىگە تەر تامچىلىرىمۇ تەپچىپ چىقتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ چىرايى بىرئاز ئېچىلىپ، كۆز چاناقلىرى ئەتراپىغا بىلىنەر-بىلىنمەس كۈلكە ياماشقان ئىدى. ئۇ زادى لاۋفاڭنىڭ سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ قايىل بولغاچقا كۈلدىمۇ



ياكى سەھنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا جۇلالىنىپ تۇرغان زەر چۇچىلىق دۇخاۋا لەۋھەنىڭ ئۆز ئىشخانىسىغا ئېسىلىدىغانلىغىدىن پەخىرلىنىپ كۈلدىمۇ بۇنى تېخى ھېچكىم بىلمەيتتى...

(«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدىن)

www.uyghurkitap.com

# "ساۋاپ"

## مۇھەممەت باغراش

1977-يىلى 5-ئاينىڭ بىر كۈنى، يول ئۈستىگە جايلاشقان كىچىك بىر بېكەتنىڭ تاماقخانىسىدا قوساقنى تويغۇزغاندىن كېيىن، ئاقسۇغا يېتىپ بېرىشنى كۆزلەپ، يولنى داۋاملاشتۇرماقچى بولدۇم-دە، ماشىنامنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئاپتولنى تەكشۈرۈپ بېقىش ئۈچۈن كاپوتنى ئاچتىم.

—ئۇستام... نەگە بارىلا؟ —ئارقا تەرىپىمدىن بىر ئەر كىشىنىڭ تىترەك ئارىلاش، ئىشەنچسىز ئاۋازى ئاڭلاندى.

مەن توختىغانلا بېكەتتە بەزى يولۇچىلارنىڭ بۇنداق سوئاللىرىدىن بەكمۇ زېرىككەن ئىدىم. ئۇلار گويا پەقەت سېنىڭ يېتىپ كېلىشىڭنىلا كۈتۈپ تۇرۇشقاندەك، ماشىنا توختاپ بولغىچە سېنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالىدۇ. ھەممىسىنىڭ سوئالى بىر خىللا: "ئۇستام، نەگە بارىلا؟" كەپىنىگە قۇرۇق بولسا، بىر-ئىككى ئادەمنى ئېلىۋېلىشىڭغۇ كارى چاغلىق، لېكىن بۇنداق كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى كېيىن شوپۇرغا بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىق ھەتتا كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تېپىپ بېرىدۇ. چۈنكى ئۇلاردىن بەزىلىرى، چەكلەنگەن ماللار — ئالتۇن ياكى زەھەرلىك چېكىملىك قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن سودا قىلىدىغان ئەتكەسچىلەر بولۇپ چىقىدۇ-دە، ناۋادا قولغا چۈشۈپ قالسا، شوپۇرنىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، سوراقچىنىڭ قوپال مۇئامىلىسىگە ئۇچراشقا ۋە تىنىمسىز سوئاللىرىغا بىر-بىرلەپ جاۋاپ



بېرىشكە توغرا كېلىدۇ... يەنە بەزىلىرى، ئۇچىغا چىققان جەلىنگۈرلەر بولۇپ، "ۋاپاغا جاپا" دېگەندەك ماشىنىدىن چۈشىدىغان چاغدا دىققەتسىزلىكىڭدىن پايدىلىنىپ، يۈك-تاق، سومكا ياكى جۇۋاڭنى ئېلىپ قاچىدۇ.

بۇرنۇمغا تولا سۇ كىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن، ھىلىقى ئادەمگە بۇرۇلۇپمۇ قويماستىن توڭلۇق بىلەن:

—ئاقسۇغا! —دەپ جاۋاپ بەردىم. نامەلۇم يولۇچى مېنىڭ بۇ قوپاللىقىمدىن ئەيمەندى بولغاي، جىمپىلا كەتتى. "بىرسىدىن قۇتۇلدۇم..." دېدىم ئىچىمدە. ئاندىن ئاپتول مېتىكىسىنى جايىغا سالدىم-دە، ماتورنىڭ ئۈستىدىكى توپا-چاڭلارنى سۈرتۈۋېتىپ، قايتىپ ئارقامغا ئۆرۈلۈشۈمگە، مەندىن ئىككى قەدەمچە نېرىدا 5-6 ياشلاردىكى بىر ئوغۇل بالىنى ئوڭ قولىدىن تۇتۇپ ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرغان بىر كىشىگە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئادەم 45 ياش چامىسىدا ئىدى. ئۇنىڭ ئاپتاپتا كۆيۈپ قارايغان جۇدەڭ يۈزىنى، خۇددى ئىكەك بىلەن ئىككەلەپ ياساپ قويغاندەك، بىرىنىڭ ئۈستىگە بىرى مىنگىشىپ، قاتلىشىپ تۇرغان قورۇقلار، خېلىدىن بېرى ياسالمىغان، ئاق سانچىغان يىرىك ساقاللار قاپلىغان ئىدى.

—ھە... نېمە گەپ...؟ —دېدىم مەن ماتا بىلەن قولۇمنى سۈرتكەچ سوغاق تەلەپپۇزدا.

—بىزنى... بىزنى ساي ئېرىقىچە ئېلىۋالسىلا بوپتىكەن ئۇستام...، —دېدى بۇ ئادەم تولىمۇ تەسلىكتە دۇدۇقلاپ.

شۇ تاپتىكى ئۇنىڭ ھالىتى مېنى سەل ھەيران قالدۇردى. ئۇ قېرىلىققا قەدەم قويغان چوڭ كىشى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى ئۇسمۇر بالىدەك قىزىرىپ-تاتىرىپ، نېمىدىنىدۇ تەپ تارتقان-

دەك، ئەيمىنگەندەك تارتىنىپ تۇراتتى. گەپنى تۇگەتكىچە ئاقىرىپ
يېرىلغان يىرىك قۇرغاق لەۋلىرى تىترەپ كەتتى.
مەن كوڭلۇمدە "بۇ ئادەمنى بۇنىچە ئەيمىنىدۇرگەن نىمكىنە؟"
دەپ ئويلاپ ئىختىيارسىز ھالدا ئۆزەمنىڭ ئۈستى-بېشىمغا ئەجەپ-
لىنىپ قاراپمۇ چىقتىم.
—نىمىشقا ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرمىدۇق؟ ئاپتوۋۇز كۈنىدە مېڭىپ
تۇرىدىغۇ؟—دىدىم مەن بۇ كىشىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ.
—ئاپتوۋۇزغا ئولتۇرساق بولاتتى... بۇرۇن دائىم ئاپتوۋۇزدا
ماڭاتتۇق، بۇ دورەم...،—ئۇ غەمكىن كوزلىرىنى يەرگە تىكتى.
مەن بۇ كىشىنىڭ بىز ئادەتتە پات-پات ئۇچرىتىدىغان يولۇچىلارغا
ئوخشىمايدىغانلىغىنى ھىس قىلدىم. ئۇ يانچۇغىنى كولاپ پۇلمۇ
چىقارمىدى، يول بويى ياخشى تاماق بىلەن مېنى مېھمان قىلىد-
غانلىغىنىمۇ ۋەدە قىلمىدى ياكى كوزلىرىنى ئالا-چەكمەن قىلىپ
تاپا-تەنىلەرنىمۇ ياغدۇرمىدى ۋە ياكى يالغاندىن يىغلامسىراپ،
يېلىنىپ، خوشامەت قىلىپ رودىپايىدەك چاپلىشىپمۇ ئالمىدى. ئۇ
پەقەت ئېغىرلىغىنى بىر پۇتىغا سېلىپ، سەل سىڭايان ھالەتتە غەمكىن
كوزلىرىنى يەرگە تىككىنىچە تۇراتتى ۋە پات-پات يېنىدىكى بويىنىنى
قىسىپ تۇرغان گودەككە قاراپ-قاراپ قوياتتى.
—مېنى دوختۇيخانىدىن ئەپچىقىمەن دەپ، دادام پۇلىنىڭ ھەم-
مىسىنى دوختۇيغا بەدى... دوختۇي مېنىڭ قوسىغىمنى ياغانتى...
دادامدا پۇل يوق، ئاپتوۋۇزنىڭ سوپۇيى پۇل بومىسا ئاپتوۋۇزغا
چىقامايدىكەن...—دەپ دادىسىنىڭ قولىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرغان
بالا دىققىتىمنى بولىدى. ئۇنىڭ مولدۇرلەپ تۇرغان يوغان-يوغان
كوزلىرىدىن كىشىنىڭ ئىچى سېرىلغۇدەك دەرىجىدە مەيۈسلىك چىقىپ



تۇراتتى، مەسۇم، ئوماق، لېكىن تۈكلىرى تەتۇر يېتىپ، سەل تاتار-
تۇراتتى. بالا مېنىڭ قارد-
فان سۇلغۇن يۈزىدە ياش دېغى بىلىنىپ تۇراتتى. بالا مېنىڭ قارد-
شىمدىن قورۇنغاندەك، يىرتىق چۇخپىدىن ماراپ تۇرغان باشمالتاق
پۇتىغا تىكىلدى. مەن يەنە ئۇنىڭ دادىسىغا سەپسالدىم. ئۇچىسىد-
دىكى كونىراپ ئوڭۇپ كەتكەن قارا چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ يىرتىلغان
يەڭلىرى خۇددى كۇچۇكنىڭ تىلىدەك ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ. كوك
خادانى ئىشتىنىنىڭ تىزلىرى سۇزۇلگەن، پۇتىدا چۇخەي، ماي ئاي-
لىرى بولۇشىغا قارىماي بېشىدا مايلىشىپ كەتكەن دولان تۇمىغى،
يوغان ئالقانلىرى بولسا، سانسىز يېرىقلار بىلەن تولغان. مەن بۇ
كىشىنىڭ دېخان ئىكەنلىگىنى، ئۇنى ئىلاجسىزلىق مېنىڭ ئالدىمغا
ئېلىپ كەلگەنلىگىنى پەملىدىم ۋە مۇنداق تىكىلىپ قارىشىم ئۇنى
ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىۋاتقانلىغىنى ھىس قىلىپ، ئۇنىڭدىن كوزۇمنى
يوتكىدىم.
—بۇ نەچچىنچى بالىڭىز؟—دەپ سورىدىم مەن بالىغا قىزىقىپ
قاراپ.
—توتىنچىسى. بۇنىڭدىن كىچىك يەنە ئىككىسى بار. ئۇچىيى
ئاغرىپ قاپتىكەن، ئوپېراتسىيە قىلدى. بالا بىزنى بەك قورقاتتى،
مۇشۇ بالىنىڭ ھەلەكچىلىگىدە ئالدىراپ قېلىپ، كوپرەك پۇل ئېلىد-
ۋالمىغان ئىكەنمەن، دوختۇرغا تولەپ...—دادىسى مېنىڭ ھىلىقى
سوغاق تەلەتىمنىڭ ئوزگەرگەنلىگىنى كورۇپ، سەل ئۇمىتلەنگەندەك
بولۇپ جاۋاپ بەردى.
بۇنداق كىشىلەر يۈك ماشىنىسىنىڭ شوپۇرلىرىنىڭ ئالدىغا ناھايىتى
ئاز كېلىدۇ. كەسپداشلىرىمنىڭ ئارىسىدىكى بەزى نائىنساپلار بۇن-
داقلارنىڭ ئاخىرقى بىر پارچە نېنىنى بولسىمۇ تارتىۋالمىغىچە،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ماشىنىغا سالمايدۇ. يەنە تېخى بىرمۇنچە يولسىز مۇئامىلىلەرگە ئۇچرايدۇ. شۇڭا بۇلار ئۇزلىرىنىڭ ئاخىرقى تىيىنلىرىنى يىغىپ بولسىمۇ، ئاپتوۋۇزدا ئولتۇرۇشقا، ھەتتا نەچچە ئون كىلومېتىر يولنى پىيادە بېسىشقا رازىكى، پۇلى بار تۇرۇپ ھىلىقىدەك كىشىلەرنىڭ ئالدىدا يالغان ئېيتىپ تەلمۈرۈشكە رازى ئەمەس.

—مەن چوڭ بولۇپ بۇنداق ماشىنىغا چىقىپ باقمىغان، بىزنى ئاپىرىپ قويامسىز ئاكا؟ —بالا مېنى خىيالدىن ئويغاتتى. ئۇنىڭ مىسكىن لېكىن ئوماق قىياپىتى، چۈچۈك سوزلىرى مېنى ئىختىيارسىز ئوزىگە تارتتى. مەن بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم ۋە ئۇنىڭ ئورۇق قوللىرىدىن تارتىپ باغرىمغا باستىم. ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دىمەتلىك ئوغلۇم خۇشتار كوز ئالدىمغا كەلدى. بالا مەندىن زادىلا ھېيىقماستىن، مەڭزىنى مېنىڭ غۇدۇر-بۇدۇر يۈزىمگە ياقتى.

—دوختۇرخانىدىن قاچان چىقتىڭ؟ —دەپ سورىدىم مەن ئىچىم كويۈپ.

—تۈنۈگۈن چىقتۇق، ئاۋۇ ئىشىكى يوق ئويدە ئۇخلىدۇق، جىق ئادەملەي بىلەن ئۇخلىدۇق، —ئۇ قولى بىلەن چەتتىكى تاشلاندۇق ئوينى كورسەتتى.

—قوسىقىڭدا بىر نەرسە مىياڭلايدىغۇ؟ مۈشۈك بارمۇ، نىمە؟ —دىدىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، راستىن ئۇنىڭ قوسىغى غولدۇرلاۋاتاتتى.

—مۈشۈك يوق، چاشقان با... يىگەن نەيسىنى شۇ چاشقان يەپ كەتتى... ھازىي قوساقتا ئۇنىڭغا يەيدىغان نەيسە يوق. شۇڭا كولدۈيلاپ تاتىلاۋاتىدۇ، —دىدى بالا ۋە كورسەتكۈچ بارمىقىنى ئاغزىغا تىقىپ ئاستىنقى كالپۇكى بىلەن قوشۇپ بوشقىنا چىشلىدى-دە،



كۈلدى. بالىنىڭ جاۋاۋىدىن قاقاقلاپ كۈلۈۋەتتىم، دادىسىمۇ كۈلدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھىچ بولمىغاندا تۈنۈگۈندىن بېرىكى تۇنجى كۈلكىسى بولسا كېرەك.

كىچىك بالىنىڭ قايغۇسى خۇددى ياز ئاسمىنىنىڭ چاقمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ شولىسى چىرايىغا چىقىپ بولغىچە ئوچۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر، "قايغۇسىز بالىلىق..." دىيىشسە كېرەك.

—چاشقان يەپكەتسە يەنە يىسەڭ بولمامدۇ؟

—نان با خويجۇننى ئوغىيى ئېلىۋالدى، —دىدى بالا ۋە سەل تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى، —دادامنىڭ بەلۋىغىدا يەنە بى نان باتى، دادام ماڭا ئازىياق بېرىپ، بېشىمدىن ئويۈپ موللامغا بېيىۋەتتى، پات ساقىيىسەن دەيدۇ،... ئوزىمۇ يىمىدى...

مەن راست شۇنداقمۇ، دىگەندەك بالىنىڭ دادىسىغا قارىدىم.

—ئاخشام ئاۋۇ چوڭ ئويدە تۈنىگەنتۇق، غەپلەت بېسىپ قاپتۇ. بىر چاغدا قارىسام، خورجۇن يوق، بىرسى تىقىۋاپتۇ، —دىدى دادىسى بالىنىڭ سوزىنى تەستىقلاپ.

مەن يەنە بالىغا تىكىلىپ قارىدىم. بىر خىل سېزىم مېنى چۇلغىۋالدى. ئۇنىڭ تۇم قارا كوزلىرى گويا مېنى سىناۋاتقاندەك مولدۈرلەپ تۇراتتى. بىزنىڭ كوزلىرىمىز ئۇچراشقاندا، ئۇ مېنىڭ كوزۇمگە ئەمەس، بەلكى توغرىدىن-توغرا ئادەملىك ھىسسىمغا، ۋىجدانىي تۇيغۇمغا تىكىلىپ تۇرغاندەك بىلىندى...

مەن بالىنى لىككىدە كوتىرىۋالدىم-دە، كەپىنكىگە ئولتۇرغۇزدۇم. بالىنىڭ چىرايى خوشاللىقتىن گۈلدەك ئېچىلدى، ئاندىن دادىسىغا قاراپ:

—ماشىنىغا سۇ قۇيىۋالاي، ھازىر ماڭىمىز. ماشىنىغا چىقىپ ئول-

تۇرۇڭ ئاكا! — دېدىم.

دېخاننىڭ سولغۇن چىرايىغا شاتلىق جىلۋىسى ياماشتى، بەدىنىگە بىردىنلا جان كىرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان مۆلايىم كۆزىدە كۈلكىنىڭ شولىسى ئەكس ئەتتى. مەن چېلەكنى ئالدىم.

— رەھمەت ئۇستام... ۋاي سۇنى مەن ئېپكېلەي... — ئۇ ئالدىراپ ئالدىمنى توسۇپ، چېلەككە قولىنى ئۇزاتتى.

— بولدى، ئۆزەم ئېپكېلىمەن، — دېدىم مەن تالىشىپ.

— ياق، سىلى جۈۋىمىسىلا، مەن ئېپكېلەي ئۇستام. سۇ بار يەرنىمۇ بىلىمەن، — ئۇ چېلەكنى ئالدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ ماڭا شۇ ئەمگىكى بىلەن مىننەتدارلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان ئىدى. مەن كەپىنەككە كىرىپ سومكامدىن يۇمشاق نان ۋە پۇشۇرۇلغان قوي گۆشى ئالدىم-دە:

— ھە، يىگىت، ئەمدى قوساقتىكى چاشقانلارنى باقامدۇق؟ — دەپ بىر نان بىلەن بىر پارچە گۆشنى بالىغا ئۇزاتتىم. بالا قولۇمدىن ناننى ئېلىپ، ئازراق ئويلىۋالغاندىن كېيىن، ناننى تەسلىكتە ئۇشتۇپ، يېرىمىنى ماڭا قايتۇرۇپ بەردى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ئانام كىچىك بالىنىڭ قوسىقىدىكى چاشقان كىچىك بولىدۇ، دېگەنتى، يېرىم نان بىلەن تويىدۇ، — دېدى. مەنمۇ كۈلۈۋەتتىم.

— مەيلى ئەمىسە ئاغىنە، بۇنىڭدا داداڭنىڭ قوسىقىدىكى چاشقاننى باقايلى، بولامدۇ؟

بالا قوۋۇزىنى تولدۇرۇشقا ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئۇ گەپنىڭ ئورنىغا بېشىنى لىڭشىتىپ ماقۇللۇق ئىشارىسىنى بىلدۈردى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئوغلۇم!



مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم. كەپىنەكە ئىشىكى ئالدىدا بىر بوۋاي تۇراتتى. ئۇ دوخاۋا تاشلىق كەمچەت تۇماقنىڭ ئۈستىگە ئاپپاق سەللە ئورىغان، ئۈستىگە ئازادە تىكىلگەن مەللە چاپان، پۇتىغا يىپ-يېڭى مەسە كالاچ كىيگەن، قولىدا ھاسا تۇتقان، قاڭشالىق كەلگەن، ساقاللىرى ئۈچەتەك ئاقارغان بولسىمۇ، ساغلام ۋە تىمەنلىكى چىقىپ تۇرغان 60 ـ 65 ياشلاردىكى سالاپەتلىك كىشى ئىدى. مەن كەپىنەكتىن سەكرەپ چۈشتۈم ۋە قائىدە بويىچە ئەدەپ بىلەن:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەلسىلە، — دەپ جاۋاپ قايتۇردۇم. ئۇنىڭ سالاپىتى ئەمەس، پەقەت بىر مويسىپىت قېرى كىشى بولغانلىقىلا مېنى كەپىنەكتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلغان ئىدى.

— كوككاڭ نەگە بارىدۇ، بالىموي؟ — دېدى بوۋاي كېلىنى قىرىپ. بوۋاينىڭ گۆشلۈك يۈزلىرى قىزارغان، لەۋلىرى مايلاشقان ئىدى.

— ئاقسۇغا ماڭدىم، — دېدىم مەن ھۆرمەت بىلەن قولۇمنى قوشتۇرۇپ.

— مەن تۇرپان ئەسسابىلىرىمغا، — دېدى بوۋاي جىددى ۋە ئۇلۇغۋار تۇستە، — مازائى-ماشايىقلارنى بىر زىيارەت قىلاي دېگەن نىيەتتە ماڭدىم. ساڭا نەزىرىمنى تاشلاپ، سېنىڭ ماشىناڭدا ئولتۇرۇپ كەتكىم كېلىپ قالدى. شۇڭا...، — ئۇ ھەر بىر سۆزىنى ئالدىرىماي دانە-دانە قىلىپ سۆزلەيتتى. بىردىنلا بوۋاينىڭ يېنىدا يەردە ياتقان گۈلدار خورجۇنغا كۆزۈم چۈشتى. بولۇشچە چىڭدىلىپ، ئىزمىلىرى ئېتىلمەي قالغان بۇ يوغان خورجۇننىڭ ئاغزىدىن يىپ-يېڭى ئايالچە ئۆتۈك، ئالما ئۇرۇغى دوخاۋا، ناۋاترەك گىرىپتىشىن ۋە يەنە ئاللىقانداق رەختلەرنىڭ بۇرجىگى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

"تۆرپاندىكى كونا قەۋرىستاندا، يوقلايدىغان كېلىنى بارمىكىنە؟ شۇنچە بايلىقنىڭ روھ-ئەرۋاھلار بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى باردۇ؟ مازارغا بېرىپ بازار ئاچامدىكەن؟ بىر ئۆزى قانداق كۆتىرەركىن شۇنچە نەرسىنى...؟" دېگەن پىكىرلەر خىيالىمدىن ئۆتتى.

—ئالدىڭدا بىر ئادەم گەپ قىلىۋاتسا، نېمىگە بېزىرىپ تۇرىسەن بالىموي؟ —دېدى بوۋاي ۋە مېنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق خورجۇنىغا قاراپ قالغىنىمنى سېزىپ، دەرھال خورجۇنىنى ئۆز دالدىسىغا ئالدى، —كىشىنىڭ ھەققىگە ئۇنداق يامان كۆزۈڭ بىلەن قارىغۇچى بولما! گۇنا بولىدۇ! ھە ئېيتماقچى، كوڭكاڭغا سېلىۋالامسەن، قانداق؟

مەن تەڭلىكتە قالغان ئىدىم، شۇڭا گەدىنىمنى تاتلاپ تۇرۇپ:

—كەپىنىكىدە ئادەم بار، يۈك ئېگىز بولغاچقا، ئۈستىگە ئادەم ئولتۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ، —دەپ راستىمنى ئېيتتىم.

—ئادەم بار دېگىنىڭ نېمىسى؟ —دېدى بوۋاي بىردىنلا نارازى بولۇپ، —كوڭكا دېگەنگە ئۇچرىغانلا ئادەمنى سېلىۋەرگىلى بولمايدۇ. مانا بىزدەك ئەھلى ئۇلىما ئادەملەرنى سېلىۋالساڭ، خۇدايىمنىڭ بەرگىنى شۇ ساڭا! ئامىتىڭ كېلىدۇ! تاش ئالساڭ، ئالتۇن بولىدۇ، ھېچقانداق خەتەرگە يولۇقمايسەن، —ئاندىن ئۇ سالاپەت بىلەن گېلىنى قىرىپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —چامامدا سەن مېنىڭ كىملىكىمنى بىلمەستىن بۇ گەپنى قىلىپ تاشلىدىڭ، ھېچ ۋەقەسى يوق. ئۆزەم بولسام بىر كەمتەرىن ئادەممەن، بىلىپ قويغىنكى، ئاللا سېنى ماڭا ئۇچراشتۇرۇپ قويدى، خۇدايىم بۇيرۇسا، بۈگۈن سېنىڭ سەپىرىڭ ئوڭ بولىدىغان ئوخشايدۇ، ساڭا مەلۇم بولسۇنكى، ئىسمى شەرىپى ئاتاغلىق ھېزىم موللام دېگەن مەن بولـ



مەن! كىتاپ كۆرسەمەن، پال ئاچسامەن، ۋەز-قەسسە ئوقۇيمەن. يىراق-يېقىننىڭ ھەممىسى ماڭا باش قويىدۇ.

موللام "سۆزلىرىم بۇ گالۋاڭغا تەسىر قىلدىمۇ، يوق؟" دېگەندەك يۈكلۈك قاشلىرىنىڭ تېگىدىن ماڭا ھومىيىپ قارىدى.

—مانا ئۇستام، سۇنى ئېپكەلدىم، —شۇ پەيتتە بالىنىڭ دادىسى تەرلەپ-پىشىپ، ھاسىراپ-ھۆمۈدىگىنىچە بىر چېلەك سۇنى كۆتىرىپ يېتىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ قولىدىن چېلەكنى ئېلىپ، كاپوتىنى ئاچتىم-دە، رادىاتورغا سۇنى قۇيۇشقا باشلىدىم ۋە بالىنىڭ دادىسىغا قاراپ:

—بولدى ئاكا، رەھمەت، ماشىنىغا چىقىڭ ئەمدى، —دېدىم.

ئۇ كەپىنىكىگە چىقىپ، ئوغلىنىڭ يېنىغا جايلىشىپ ئولتۇردى.

—سېنىڭ سېلىۋالغان ئادىمىڭ مۇشۇمىتى؟ —دېدى موللا ئېڭىكى بىلەن كەپىنىكىدىكى دېخان ۋە ئۇنىڭ بالىسىنى كۆرسىتىپ.

—ھەئە شۇ. يېزىدىن كەلگەن ئىكەن. پۇلى تۈگەپ كېتىپ قىيىنىلىپ قاپتۇ، بالىسىمۇ كېسەلدىن يېڭىلا تۇرۇپتۇ.

—يېزىدىن كەلسە نېمە بوپتۇ؟ —دېدى موللا يەنە بايىقىدەك تەكەببۇرلۇق بىلەن، —جاھان دېگەندە دېخان ئازمۇ؟ ۋاقتى كەلسە بىر تال سېسىق تۇخۇمنىڭ ئۈستىدە تىترەيدۇ ئۇلار! پۇلى تۈگەپ كېتىپتۇمىش، بۇ ئۇنىڭ قىزىل كۆزلۈكى دېسەڭچۇ، كۆك ماڭقىدەك كوكۇرۇپ تۇرۇۋالسىلا، بىچارىمۇ؟ ھەتتا بىز بارساقمۇ چامغۇر توغراپ يومدان ئېتىپ يولغا سالىدۇ-يۇ، ساڭا پۇلۇم بار دەمتى؟ بالىسى كېسەلمىش... كېسەل دېگەننى ئاللا بەرگەن، تەقدىرگە تەن بەرمەي ئامال يوق. بۇنداقلارغا ياخشىلىق قىلىپ جان توشامدۇ؟ يا ئۇ دۇنيالىغى، يا بۇ دۇنيالىغى بولمىسا...

موللامنىڭ ئىنسانلىق قىممىتىنىڭ باھاسىنى كۆڭلۈمدە بوداپ قويدۇم، بارغانسېرى گەدىنىم قورۇشقا باشلىدى. بىرەر ئېغىز قاتتىق گەپ قىلىپ تاشلاپ، بۇ قېرى كىشىنى رەنجىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، لېۋىمنى چىشلەپ زۇۋان سۈرمەستىن، سۈنى قويىۋەردىم. موللام مېنىڭ گەپ-سۆز قىلمىغىنىمنى: "ئارىسالدى بولۇپ قالدى... ئويلىنىۋاتىدۇ" دەپ چۈشەندى بولغاي، مېنى ئويىنىتىش ئۈچۈن تەييارلىغان پىرىسىنىڭ دېپىنى، يەنىمۇ كۈچەۋرەك تاراڭلىتىشقا باشلىدى:

— چىرايىڭغا قارىسام، خېلى ئىمانى بار مۇسۇلماننىڭ بالىسىدەك قىلىسەن، سېنىڭ ئەسلى زاتىڭ ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئەمەس، بىر ئاق ئۇستىخان زاتىنىڭ ئەۋلادى بولساڭ كېرەك، ئاق كۆڭۈل بالىكەنسەن...

"ئەۋلىيا بولاي، بولاي دەپ بولالماي قالغان كىشى ئىكەنسىز موللام، — دىدىم ئىچىمدە ئۇنى زاڭلىق قىلىپ، — مېنىڭ دادام سىز ئېيتقانغا ئوخشاش ئاللىقانداق 'ئاق ئۇستىخان زات' لاردىن ئەمەس، 'ھىلىقى سىز ھاقارەتلىگەن دىخانلاردىن بىرى ئىكەنلىگىنى بىلسىڭىز، كاشكى!' موللام كەينىكە ئىشىگىنىڭ يېنىدىن ماشىنىنىڭ ئالدىغا — ماڭا يېقىنراق يەرگە سۈرۈلۈپ كەلدى:

— قېنى كوزۇڭ بولسا تاللىۋال! ئۇزەڭگە قويدۇم، — دىدى ئۇ ۋە گەۋدىسىنى كېرىپ گىدەيدى.

— نىمىنى تاللىۋالىمەن؟

— ماشىنىغا سېلىۋالدىغان ئادىمىڭنىچۇ؟

— قانداق تاللايمەن؟ كىيىم-كېچەككە، سالاپىتىگە قاراپمۇ؟ — دىدىم مەن ئۇزەمنى زورغا بېسىپ.



— ئەلۋەتتە شۇنداقتە، — دىدى موللام ماڭا تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، — مانا سېنىڭ ئالدىڭدا پەرىشتىدەك بىر ئۆلىما موللا، چوڭ بولسىمۇ ئۇزىنى كىچىك قىلىپ، ساڭا قاراپ تۇرۇپتۇ. "سۇ بىلەن يەر كوكىرەر، دۇئا بىلەن ئەر" دىگەنىنى ئاڭلىغان بولغىيدىڭ. پېقىرنى ماشىناڭغا سېلىۋالساڭ، "ساۋاپ" تاپىسەن، ياشلىق قىلىپ ئۇتكۈزگەن گۇناللىرىڭ مەغپىرەت بولىدۇ، ئۇزەڭ كۇندىن كۇنگە كوكلەيسەن! ئالدىڭدا يەنە ئاللانى زادى يادىغا ئالمايدىغان، نەدىندۇ قاڭقىپ كېلىپ قالغان بىر دۇرراكمۇ تۇرۇپتۇ. بۇنداق ئادەملەر، كىشلەرنىڭ ھەققىدىن قورقمايدۇ، كەيپى-ساپا، زىنائى-كەبىر قىلىدۇ، تۇرغان-پۈتكىنى گۇنا! بۇنداق ئادەملەرگە يېقىن يولساڭ، ئۇنىڭ كاساپىتى يۇقىدۇ، ئىشىڭ ئىلگىرى كەلمەيدۇ، بالا-قازادىن نېرى بولمايسەن...

موللام مېنى "ئېرىدى، قىلتاققا چۈشتى" دەپ تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ سوزلەشكە باشلىدى. مەن كاپوتىنى يېپىپ، چىلەكىنى كەينىگە سالدىم.

بۇ چاغدا بېكەتتە ماشىنا كۈتۈپ يېتىشقانلار ۋە شۇ يەرنىڭ بىكارچىلىرىدىن بولۇپ 5—6 كىشى بىزنىڭ ئەتراپىمىزغا ئولاشتى.

— خوپ تەقسىر، — دىدىم مەن ئۇنىڭ ۋەز-نەسىھەتلىرىنى بولۇپ، — ساۋاپلىق ئىش بولىدىغان بولسا، سىلىنى ئېلىۋالاي. لېكىن كەينىكىنىڭ ئىچىدە ئورۇن يوق. ئۇزلىرىنى ئاشۇ يۈكنىڭ ئۈستىگە ئولتارغۇزسام قانداق دەيلا؟

سەللىسىنىڭ سايىسى بىلەن مومىن ئادەملەرنى ئۈركىتىپ ئۆگىنىپ قالغان بۇ ئالدامچى، مېنىڭ گېپىمنى راست دەپ چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ ئاسمان پەلەك بېسىلغان يۈككە قوقۇمسىراپ قارىدى ۋە كوزلىرىنى

www.uyghurkitap.com

چەكچەيتىپ:
— نىمە دەۋاتىسەنۇي، ئوغلۇم؟ ئەيمىنىمەستىن، مېنى ئاشۇ ھاۋايى مۇئەللەققە چىقىرىپ قويامسەن؟ ئۇ يەردىن ئۇچۇپ كەتسەم نىمە بولىدۇ ئۇزى؟ — دىدى ئاچچىغى بىلەن ھۈرپىيىپ.
— ئەمىسە، نەدە ئولتۇرىلا؟
— ئاۋۇنىڭ بالىسى كەينىكەڭدە مەن بىلەن ئولتۇرسۇن، ئۆزى بولسا ئاشۇ يەرگە چىقىپ ئولتۇرسۇن.
مەن ئۇنىڭ نومۇستىن ئەسەر يوق نەپرەتلىك قىزىل يۈزىگە يىرگىنىچ بىلەن تىكىلدىم.
— ئۇ كىشى ئۇچۇپ كەتسە مەيلىما، تەقسىر؟
— ئۇ مەندىن ياشتە...
— بالا — قازا ياش — قېرىنى ئايرىمايدىغۇ، موللام؟
— خۇدايىم ساقلايدۇ... — دىدى ئۇ قىزارماستىن. شۇ مىنۇتتا ماڭا ئۇ، ئاددىلا ئورۇن تالىشىۋاتقان ئەمەس، بەلكى ئۇزىگە دەخلى قىلىنۋاتقان ئاشۇ دىخان ۋە ئۇنىڭ نارىسىدە بالىسىنى ھىچ ئويلاپمۇ ئولتۇرماستىن، ھەرقانداق خەۋپ — خەتەرنىڭ قوينىغا ئىتتىرىشكە تەييار تۇرغاندەك بولۇپ كۆرۈندى.
مېنىڭ ئۇزەمنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىۋاتقان ئاخىرقى كۈچۈمنىڭ بىلى سۇندى... غەزەپنىڭ تىغى ئىغىرلىق تېشىغا ئۇرۇلۇپ ئۇچقۇنلار چاچرايتتى. ھورمەت پەردىسى ئۇنىڭ سالغان نومۇسسىزلىق خەنجىرى بىلەن يىرتىپ تاشلاندى...
— مەن "قىزىل كۆز موللا" دىگەننى كۆپ ئاڭلىغان بولسامۇ، "ياۋۇز موللا، بەدنىيەت موللا" دىگەننى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — دىدىم خاتىرجەم قاراپ تۇرغان ئادەم شەكلىگە نەپرەت بىلەن



تىكىلىپ، — بۈگۈن مانا ئەنە شۇنداق موللىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن! سىزنىڭ ئاغزىڭىزدىن ئىمان ئەمەس، كاززاپلىق بۇسلىرى پۇرقۇۋاتىدۇ. ئاشۇ بىچارە دىخاننى كىسەلچان بالىسى بىلەن تاشلىۋەتسەمۇ، ئورنىغا سىزدەك بەتبەشىرە، ۋىجدانسىز ئالدامچىنى ماشىنىغا چىقىرىۋالسام، مەن پەقەت شۇ چاغدىلا "ساۋاپ" تاپقان بولمەنمۇ؟ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قانداق يىرىدە شۇنداق كەلىمە بار ئىكەن؟ سىز — ئادەم، ئاۋۇ دىخان ۋە ئۇنىڭ بالىسى باشقا نەرسىمۇ؟ قېنى سىزدىكى ئىنساپ! قېنى سىزدىكى ئار — نومۇس؟!...
غەزەپتىن ۋۇجۇدۇم تىترەيتتى، سوزلىگەنسىرى ئىچىم خىيلى بوشىدى. "موللام"نىڭ كوكۇش كوزلىرى چەكچىيىپ يېشىل ئۇچقۇنلار ياندى، گوشلۇك يۈزى ئەلەمدىن تېخىمۇ ئىسىلىپ كەتتى، مايلاشقان قېلىن كالپۇكى مىتىلدايتتى، سۇپۇرگە ساقاللىرى تىترەيتتى. ئۇ ئەسەبىلەشكەن ئىدى. بىردىنلا، ئورنىدا چوكىلەپ، ياقىسىنى تۇتۇپ، ئەتراپتىكىلەرگە قاراپ ئەلەم بىلەن توۋلىدى:
— مۇسۇلمانلار، توۋا دەڭلار! بۇ ئىمانسىزنى كوردۇڭلارمۇ؟ شوپۇر دىگەننىڭ ماڭغان يولى پىلسىراتنىڭ كوۋرۈكىگە ئوخشاشتۇر! ئۇلۇك تەرىپىدە بالانىڭ، سول تەرىپىدە قازانىڭ ئۈستىدە ماڭىدۇ، ئۇنىڭغا نەزىرىمنى تاشلاپ، يېنىدا پەرىشتىدەك ئولتۇرۇپ، ئۇنى كوزى يوق بالا — قازادىن ساقلاپ قالاي دەپ نىيەت قىلغان ئىدىم. لېكىن بۇ ئىمانسىز تۇكۇاش كوڭلۇمگە ئازار بىرىپ شۇنچە ئىزا — ئاھانەت قىلدى، شۇ قىلغانلىرىنىڭ ئۈچۈن، ئىلاھىم كوككاڭنىڭ ئاستىدا قېلىپ ئولەرسەن!...
ئۇ قانچە كۆپ قاغىمىسۇن، لېكىن ئاۋازى ئايانچلىق ئىدى. بايىقى "ئۇلۇغۋار"لىغىمۇ يوقالغان بولۇپ، گىدەيگەن گەۋدىسىمۇ

بىر دەمدىلا مۇكچىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى.

— موللام، — دېدى ئەتراپتا قاراپ تۇرۇشقانلار ئىچىدىن كەكە ساقال پاكارراق بىر كىشى، — سىزنى ماشىنىغا ئولتۇرغۇزمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ يىگىتنى شۇنچىۋالا قاغايدىغانغا نىمە ھەددىڭىز بار، بىز ئاڭلاپ تۇردۇق، سىز ھە دىسە ئىمان، ساۋاپتىن سۆز ئاچىسىڭىزمۇ، بىزدەك قارا تۇرۇكلەر چېغىمىزدا، سىز تالىشىۋاتقان ساۋاپلىق بىلەن گۇناننىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى خوپ چۈشەنىدۇق. بىزنىڭچە سىز خەققە "ساۋاپ"نىڭ يولىنى ئۈگىتىمەن، دەپ ئاۋارە بولماي، ساۋاپلىقنىڭ نىمىلىگىنى ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۈگىنىپ باقسىڭىز قانداق؟ — ئۇ كىشىنىڭ كۆزلىرى سەل قىسىلدى-دە، بىر خىل شوخ ئۇچقۇن چاقناپ كەتتى، ئاندىن يەردە ياتقان موللامنىڭ خورجىنىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى، — مەسىلەن ئالايلى، ئاۋۇ ئايالچە ئوتۇكنى "تۇغ باغلىدىم" دەپ گۇلسارخاندىن، ئاۋۇ دۇخاۋىنى بولسا "رەدنامە ئوقۇدۇم" دەپ گۇلايىمخاندىن ئالداپ ئېلىۋالغانسىز، باشقا نەرسىلەر ئەنە شۇنداق يوللار بىلەن كەلگەن. ئەمدى بولسا، بۇ نەرسىلەرنى ھايىنىغا سېتىپ، پايدىسىنى تويماس گېلىڭىزغا ئۇرۇسىز. بۇ ھارام ئەمەسمۇ موللام؟ ساۋاپنى يىراقتىن ئىزلەشنىڭ ھاجىتى يوق، ھەمىيىنىڭىزدىكى پۇلدىن بىر بېلەتلىكىنى ئاۋۇ دىخانغا بېرىپ، ئۇنى ئاپتوۋۇزغا ئولتارغۇزۇپ قويۇپ ئاندىن ئورنىغا سىز ئولتۇرۇڭ-دە، شوپۇرنى بالا-قازادىن قوغداپ ھەم ئۇنىڭغا، ھەم شوپۇرغا ياخشىلىق قىلىپ، قوش ساۋاپنى ئالماسسىز؟ ھەي، بۇنى قىلالماسسىزمىكىن دەيمەن، چۈنكى سەللە يوغان بولغىنى بىلەن تەرەت بوشتەك قىلىدۇ سىزدە!

ئەتراپتىكىلەر پاراقىدە كۈلۈشۈپ كېتىشتى، كۆرسى چۈشكەن



موللام ھاسىسىنى ئۇچلاپ ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا دىۋەيلەپ كەلدى-دە، ئاچچىق بىلەن توۋلىدى:

— سەن ماڭا پۇل تېپىشىپ بەرگەنمۇ؟ ئېشىپ-تېشىپ تۇرغان بولسا ئۆزەڭ بەرمەمسەن؟ ھەرقايسىڭنىڭ ئىمانىڭنىڭ سۇسلىشىپ كەتكىنى ئۈچۈنلا، چىقاي دىسەڭ ماشىنا، ياتاي دىسەڭ ماكانىڭ يوق، سەرسان بولۇپ يۈرۈشىسەن!

— ئۇنى بىر دىمەڭ، موللام! — دېدى 37-38 ياشلار چامىسىدىكى شاپاق دوپپىسىنى قىڭغىر كىيىۋالغان، قىڭراقنىڭ بىسىدەك قاڭشالىق، ئىنچىكە بۇرۇت قويىۋالغان، ئىگىززەك بىر كىشى، — سىزنىڭ ئىمانىڭىز تېخىمۇ سۇس ئىكەن، سىزگىمۇ تەييار ئەمەسكەنغۇ شۇ ماشىنا؟! لىللا گەپنى قىلسام، موللام، مەن ئىمانىمنىڭ سۇسلىغىدىن ئەمەس، خۇددى سىزگە ئوخشاش كەشىنىڭ سوڭىدا ناس كاپ ئېتىدىغان يالغان موللامنىڭ كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغانمەن. بىزنىڭ مەلىدىكى سېتەم چاپانچىنىڭ ئوغلى ھوشۇرەك بىلەن تەڭتۇش ئىدۇق، بىللە پادا باقاتتۇق، دادىسى ئۇنى پەننى مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتتى، ئۈرۈمچىگە كەتتى، كېيىن ئىچكىرىگە ئوقۇشقا كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدۇق. ئەمدى بولسا، چوڭ ئالىم بوپتىمىش، پىكاپتا ئولتۇرۇپ يول يۈرگۈدەك دىيىشىدۇ. مېنى رەھمەتلىك دادام "موللا بولىسەن" دەپ، سىزگە ئوخشاش بىر قىزىل كۆز باخشىغا تۇتۇپ بەردى. ئۇنىڭغا داپكەش بولۇپ يۈردۈم، بىرنەچچە زامان خەقنى ئالداپ مېلىنى، قىيناپ يۈرۈپ جىنىنى ئېلىپ يۈردۇق. ھالا بۈگۈنگە كېلىپ، بۇ رەڭۋازلىق ئاقمىۋىدى، موللام ئامالسىزلىقتىن قۇشناچىمغا يىلىم يىغىپ بېرىپ يۈرىدۇ. مەن گەدىنىمنى قاشلاپ، پادىچىلىق تايىغىمنى ئېلىپ پادا بېقىۋاتىمەن... بولمىسا، ھوشۇرەكتىن نەرىم كەم؟ مەنمۇ ئوقۇ-

www.uyghurkitap.com

غان بولسام، ئۇنىڭچىلىك بولالمىسام مۇ، بىرەر تېخنىكا ئۆگىنەلمەمدىم؟! ئىمان دەيدا تېخى؟! سىزدە ئىمان بولسا، ئاشۇ بىچارە دىخاننىڭ رىسقىغا ئولتۇرىمەن دىمەستىڭىز؛ ماڭا قويۇپ بەرسە سىزگە ئوخشاش ئالدامچىنى ئۇرۇق ئوكۇزنىڭ ئورنىدا جۇگازغا قوشاتتىم، تولۇقتا قوشۇپ خامان تېپەتتىم، ئۇنىڭغا يارىمىسا، ئۆزەم بېقىۋاتقان قىسىر ئىنەكنىڭ پادىسىغا قوشۇپ قوياتتىم-دە!...

قاتتىق ئوسال بولغان "موللام" قاقاقلىغان كۆلكە ساداسى ئىچىدە قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەقىقانى نەپرىتىنىڭ قۇربانى بولغانلىقىنى چۈشەنگەن بولسىمۇ، لېكىن تەن بەرگۈسى كەلمەي، يەنىلا تىركىشىۋاتاتتى. مەن ئۇنىڭ ۋالاقلاشلىرىغا ئانچە پەرۋا قىلماي، كەپىنكىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئولتۇردۇم-دە، ماشىنىنى زىۋىت قىلدىم ۋە دەرىزىدىن بېشىمنى چىقىرىپ "موللام"نى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالغان ناتونۇش، خۇش خۇي توپا باسقان پىكىرداش چىرايلارغا قاراپ باش ئىشارىتىم بىلەن خوشلاشتىم، ماشىنام قوزغالدى. پاش قىلىنغان ۋە خورلانغان "موللام" ئىككى قولىنى ئېگىز كوتىرىپ بىر نىمىلەرنى دىدى-دە، ھاسىسىنى ئۇچلاپ ماڭا قاراپ جونىدى. ماشىنامىنىڭ چاقىدىن كوتىرىلگەن توپا-چاڭلار ئۇنىڭ ساراسىمىگە چۈشكەن گەۋدىسىنى كومۈۋەتتى.

مەن ئۆز تەشۋىشلىرىدىن خالى بولۇپ، كوڭلى ئىمىن تېپىپ، روھى كوتىرىلىپ قالغان دىخان ئاكامغا ۋە ئۇنىڭ مەسۇم، ئوماق ئوغلىنىڭ نۇرلانغان چىرايىغا بىر خىل ھوزۇر ۋە شاتلىق تۇيغۇسى ئىچىدە كۆلۈمسىرەپ قارىدىم...

(«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981-يىللىق 3-سانىدىن).



# دەل مۇشۇ ئورۇندا

## ھېلىم موللايۇپ

1

كوچا دوقمۇشىغا كېلىپ توختىغان يۈك ئاپتوموبىلىدىن ئىككى كىشى چۈشۈپ قالدى. ئۇلارنىڭ بىرى يېشى ئەللىكلەردىن ئاشقان ئوتتۇرا بوي، توغرا گەۋدىلىك، پىشانىسى كەڭ كەلگەن ئادەم بولۇپ، ئۇ، بىر زاۋۇتنىڭ شۇجىسى ئىدى؛ يەنە بىرى بوي-تۇرقى ئىنچىكە، ئىگىزرەك، يىگىرمە بەش ياشلار ئوپ-چورىسىدىكى بىر يىگىت بولۇپ، شۇجى ئىشخانىسىنىڭ كاتىۋى ئىدى. بۇلار شوپۇرغا رەھمەت ئېيتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، چوڭ كوچىنى بويلاپ، كۈن چىقىشقا قاراپ مېڭىشتى.

قار ئۇچقۇنداۋاتاتتى. ئېلېكتىر چىراقلىرىدا كوچا شۇنچىلىك يورۇق ئىدىكى، ھەر ئىككى يولۇچى سائەتلىرىنىڭ بېيجىڭ ۋاقتى كېچە سائەت ئون بىر بولغانلىقىنى ئېنىق كورەلىدى.

ئۇلار بۈگۈن چۈشتە تاماق يىگەنچە ئىدى. ئەسلىدە شەھەرگە چۈش-پېشىنگە قالماي يېتىپ كېلىدىغان ئادەملەر يولدا ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ قېلىشى سەۋەبى بىلەن شۇنچىلىك كەچ قېلىشتى.

ئاچ قوساق، ئۇنىڭ ئۈستىگە قولىدىكى يۈك-تاقلىرى ۋە پۈتىدىكى پىيمىلىرى بىلەن، بۇلار ئارانلا كېتىپ باراتتى.

—قايسى مېھمانخانىغا چۈشىمىز، ئاۋۇتكا؟— سورىدى يىگىت.

— "قىزىلبايراق" مېھمانخانىسىغا، — دېدى ئاۋۇتكام. — ھە، ئەركىن، ھېرىپ قالدىڭمۇ دەيمەن؟ ئەكەل سومكاڭنى بولمىسا،...

— ئۇزىڭىزنىڭ يۈكلىرىنىچۇ؟... — دېدى ئەركىن، ئورنىدا توختاپ قېلىپ، ئاۋۇتكامنىڭ سوزغان قولىنى جۇگا كوتەرگەن قولىنىڭ جەينىگى بىلەن ئىتتىرىپ. بىراقتا "قىزىلبايراق" مېھمانخانىسى بۇ يەردىن، كەم دىگەندە، يەنە بىرنەچچە كىلومېتىر كېلىدىغانلىغىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا باشقىچىلا ھاردۇق يەتتى.

بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، چوڭ كوچىنىڭ ئىككى قاسنىغىدا ئادەملەر توپى كورۇندى. بۇ يەردە ئالما-نەشپۇت، قوغۇن-تاۋۇز، سامسا-كاۋاپقا ئوخشاش يىمەكلىكلەر بازىرى قىزىماقتا ئىدى. ئەر-ئايال، قېرى-ياش ساتارمەنلەر، ئەتراپىغا ئالارمەنلەرنى ئولاشتۇرۇپ، "... ئاله ھوي، ئالماڭ بوبى!..." "خالەن جىرۇ!..." دەپ ۋاقىرىشىۋاتاتتى.

— يۇرۇڭا، — دېدى ئەركىن ئاۋۇتكامنى سورەپ، — قوساق توقلىۋالايلى.

— ئالدىرىما، ئۇكا، — دىگىنىچە، ئاۋۇتكام ئوز يولىغا كېتىۋەردى.

ئەركىن تۇرۇپلا قالدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭغا قوسىغى باشقىدىن ئاچقاندەك، ئوزى تېخىمۇ ھېرىپ كەتكەندەك، پۇتىدىكى پىيمىسى تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى.

— يۇر، — دېدى ئاۋۇتكام، توختاپ قالغان ئەركىنگە قاراپ، — پەيزىسى تېخى ئېرىسىدا.

ئاۋۇتكامغا قاراپ، ئەركىن سەل ھەيران بولدى-يۇ، لېكىن يالۋۇرسا ئۇنۇم بەرمەيدىغانلىغىغا كوزى يېتىپ، نائىلاج ئەگىشىپ



ماڭدى.

بىرئاز ماڭغاندىن كېيىن، توت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بايىقىدىنمۇ ئاۋاتراق يەنە بىر بازار كورۇندى. بۇ يەرگە يىڭىدىن چوڭ-كىچىك ئاشپۇزۇللار سېلىنىپ كەتكەن ئىدى. ئەركىن بۇ يەرلەرنى سەل تونۇغاندەك قىلدى. شۇ تاپتا قوسىغى يەنە پىژژىدە ئاچقاندەك بولدى. بىراق ئاۋۇتكامنىڭ بايىقى ئەلپازىنى ئويلىدى-دە، پۇتىغا باشقىدىن مەدەت بېرىپ، چوڭ-چوڭ دەسسەپ كېتىۋەردى.

— ھەي ئەركىن! — قىچقاردى ئاۋۇتكام. — توختا، ئۇكا!...

ئەركىن: "بۇ ئادەم ئەمدى يەنە نىمىگە چاقىرىدىغاندۇ؟..." دەپ ئويلاپ، كەينىگە قايتىپ، ئاۋۇتكامنىڭ يېنىغا كەلدى.

— مانا، — دېدى ئاۋۇتكام، ئۇدۇلدىكى بىر ئاشپۇزۇلنى كورسىتىپ، — قوساق توقلايدىغان يەرگە ئەمدى كەلدۇق!

ئۇلار كۇن چىقىشقا قاراپ تۇرغان ئىشىگىنىڭ بېشىغا "2-ئاساسىي قاتلام 1-گۇرۇپپا ئاھالىلىرىنىڭ ئاشخانىسى" دەپ ۋېۋىسكا ئېسىلغان بىر ئاشپۇزۇلغا كىرىپ كەلدى. ئاشپۇزۇلنىڭ ئىشىگىدىن كىرگەندىن كېيىنكى ئوڭ قولدىكىسى تاماق ئېتىدىغان، ئوتتۇرىدىكىسى بىلەن سول قولدىكىسى مېھمانلار تاماق يەيدىغان ئويلەر ئىدى. ئوتتۇرىدىكى ئويگە بىرنەچچە ئۇستەل-ئورۇندۇقلار قويۇلغان، ئىشىكتىن كىرگەن يەرگە كىچىككىنە بىر كاسسا بولۇمى ئورنىتىلغان ئىدى.

خۇددى دوختۇرلارغا ئوخشاش ئاق خالات كىيىۋالغان بىر كۇتكۇچى قىز بۇلارنى سول قولدىكى ئويگە باشلاپ كىردى. بۇ ئويگە ئىگىز قىلىپ سۇپا چىقىرىلغان، سۇپىغا گىلەملەر سېلىنغان، گىلەم-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر چوڭ ئۈزۈنچاق جوزا قويۇلغان ئىدى.

— نىمە تاماقلىرىڭلار بار، قىزىم؟ — سورىدى ئاۋۇتكام يۇك تاقلىرىنى سۇپىنىڭ بىر چېتىگە قويغاچ.

— نىمە يىسەڭلار، شۇ بار.

— قېنى، ئوكا، — دىدى ئاۋۇتكام ئەركىنگە قاراپ، — چىقىپ، خالىغىنىڭنى زاكاز قىل.

ئەركىن كاسسىر قىز بار ئوتتۇرىدىكى ئۆيگە چىقتى. بىرنەچچە ئۈستەلدە ئادەملەر تاماق يەۋاتاتتى. بۇ ئۆينىڭ كوچىدىن كىرىدىغان ئىشىگىنىڭ سول تەرىپىگە سالاسۇنلۇق قىلىپ ياسالغان ھىلىقى كىچىككىنە كاسسىر بولۇمى كافى رەڭدە قىلىپ ناھايىتى نەپىس سىرلانغان ئىدى.

ئالدىدىكى ئىككى-ئۈچ كىشى پۇل تولەپ بولغاندىن كېيىن، ئەركىن توشۇكتىن پۇل سۇندى. كاسسىر قىزنىڭ چەبدەسلىك بىلەن تالون رەتلەۋاتقىنى سالاسۇنلارنىڭ ئارىسىدىن كورۇنۇپ تۇراتتى.

— نىمە يەيسىز؟ — سورىدى كاسسىر قىز بېشىنى كوتىرىپ مۇلايىملىق بىلەن.

— بىز ئىككى كىشى، ھازىر سەپەردىن كېلىشىمىز. نىمە بولسا، شۇنى يېزىپ بېرىڭ.

— سەپەردىن كەلگەن بولساڭلار، — دېدى قىز ئويلىنىپ، ئالدىرىماي، دانە-دانە سوزلەپ، — خام قىيما قىلىپ، ئىنچىكە كېسىپ، سىركە-لازىسىنى تېتىتىپ، ئاچچىق-چۈچۈك سۇيۇق ئاش قىپ بەرسۇن، قانداق؟

— تېخى ياخشى، — دىدى ئەركىن خوش بولۇپ.

قىز تالون يېزىۋاتقاندا، ئەركىن قىزنىڭ ئۈستى-بېشىغا سەپ



سالدى: قىزنىڭ ئۇچىسىدا قارا كوك سۈكنو چاپان، بېلىگىدە قول سائەت، بارماقلىرىدا ئالتۇن ئۈزۈك، قۇلاقلىرىدا ئالتۇن ھالقىلىرى بار ئىدى. ھالقا-ئۈزۈكلەرنىڭ ياقۇت كوزلىرى يالت-يۇلت قىلىپ تۇراتتى. چاقماقلىق شېرىس ياغلىغى قارامتۇل، ئوماق چىرايى بىلەن قوندۇزدەك چاچلىرىغا تازىمۇ ياراشقان ئىدى. قىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى كىچىك ئاسقۇدا يەنە دراپ پەلتوسى، پەلتونىڭ ئۈستىدە پوكوۋاي ياغلىغى ئېسىقلىق تۇراتتى.

— مانا، — دىدى قىز بېشىنى كوتىرىپ تالوننى ئەركىنگە سۇنۇپ.

ئەركىننىڭ يۈرىگى قاتتىدە!.. قىپ قالدى-دە، تالوننى تۇتقان پېتى قىزغا قاراپ تۇرۇپلا قالدى. قىز بېشىنى كوتەرگەندە، ئۇنىڭ شېرىس ياغلىغى بويىنىغا سىيرىلىپ چۈشۈپ، قىزنىڭ سول مەڭزىنىڭ قۇلىقىغا يېقىن جايىدا تۇرغان تارتۇق روشەن كورۇنۇپ قالغان ئىدى.

— يەنە بىر نەرسە يېزىپ بېرەمدىم؟ — سورىدى قىز ئەركىننىڭ ئۆزىگە قاراپلا تۇرغىنىنى كورۇپ.

— ياق، بولدى،... — دىدى ئەركىن ئېسىنى يىغىپ دۇدۇقلاپ ۋە ئىتتىك ئارقىغا بۇرۇلدى. "ياخشى مېنى تونۇمىدى،..." دەيتتى ئۇ ئىچىدە.

— ئەكىلىڭ، — دىدى كۈتكۈچى قىز ئىتتىكلا ئەركىننىڭ ئالدىغا بېرىپ تالونغا قولىنى سوزۇپ.

— ھە؟... مەن تېخى،... — دىدى ئەركىن سەل مەڭدىگەندەك ۋە ئۆزىنىڭ ئاللىقانداق بىر خىياللار بىلەن، بۇ كۈتكۈچى قىزنى كورمەي، يېنىدىن ئوتۇپ كەتكەنلىگىنى ھىس قىلىپ.

— قېنى، كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، تاماقنى ھازىر ئەكىرىد-

مەن، — دېدى قىز.

ئەركىن گاڭگىرىغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ، خۇددى كاسسىر قىز ئۇنى تونۇپ قېلىپ ھازىرلا كېلىپ سوراق قىلىدىغاندەك، سوسەر قۇلاقچىسىنى قېشىنىڭ ئۈستىگىچە چوكۇرۇپ قويدى ۋە تىنجىقتا قالغاندەك، بۇژژىدە تەرلىدى-دە، مەس ئادەمدەك دەلدەڭشىپ كىرىپ، گىلەمگە چىققان پېتى، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇشقا ئارانلا ئۈلگۈردى. تاكى قۇلىقىغا بىر مومايىنىڭ ئاۋازى كىرگەندىلا، ئاندىن ئاۋۇتكامنىڭ، ئۇسسۇلۇقتا چاي ئىچكەچ، بىر ئايال بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغىنىنى كورۇپ، باشقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، موماي بىلەن سالاملاشتى.

— بۇ بالام،... — دېدى موماي ئاۋۇتكامغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ.

— ھە، بۇ، — دېدى ئاۋۇتكام، — ئەركىن؛ بۇ يەرگە مەن بىللە كوماندىروپكىغا كەلگەن ھەمسەپەر.

— بۇ يەرلەرگە بۇرۇنمۇ كەلگەن بولغىيدىڭىز، بالام؟ — سورىدى موماي.

— بۇرۇنمۇ بىر-ئىككى كەلگەن،... — دەپ قويدى ئەركىن. ئۇ، مومايغا سىنچىلاپ قارىغان ئىدى، چىرايى كاسسىر قىزغا ئوخشاپلا كەتتى. — يائاللا!... — دەيتتى ئەركىن ئىچىدە، — بۇ موماي ئاپىسى بولۇپ قالمىغيتى؟...

— ھە، بۇ ھەدىسىمىز، — دېدى ئاۋۇتكام مومايىنى كورسىتىپ، — ئاۋۇ كاسسىر قىز — ئىلىنۇرنىڭ ئاپىسى بولىدۇ...

ئەركىن ئۆزىنى شۇنداق تۇتۇۋېلىپ ئولتۇرغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خۇددى بېشىدىن بىر قاپاق سوغاق سۇ قۇيغاندەك،



ئىندىكىپ كەتتى ۋە يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ قالغاندەك بىئارام بولدى. ئەركىننىڭ بۇ چاغدىكى روھىي ئازاپلىرىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە، پەقەت ئاۋۇتكامدىن باشقا، ھېچكىم چوڭقۇر ھېس قىلالمايتتى.

— ھە، تاماق بۇيرۇتتۇڭمۇ؟ — سورىدى ئاۋۇتكام گەپنى باشقا ياققا بۇراپ.

— ھە... ئە، — دېدى ئەركىن ئارانلا گەپ قىلىپ ۋە ھە دەپ قولياغلىقى بىلەن پېشانىسىنى سۈرتەتتى.

— چاي ئىچ، ئۇكا،... — دېدى ئاۋۇتكام ئاللىقاچان چاي قۇيۇپ قويۇلغان سىركايىنى ئەركىننىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ.

ئاۋۇتكام بىلەن موماي يەنە ئۆزلىرىنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتى. ئەركىن بولسا خىيال دەرياسىغا غەرق بولدى. ئۇ، ئاۋۇتكامنىڭ بايا باشقا يەردە تاماق يېيىشكە ئۇنىماي، مەشەگە باشلاپ كەلگەنلىكىنىڭ سىرىنى ئەمدى سېزىشكە باشلىدى. ئەركىن ئاۋۇتكام بىلەن 1975-يىلى 11-ئايلاردا بۇ يەرگە بىللە كېلىپ، 1976-يىلى كۆزدە كەتكەن پېتى، كېلىشى مانا ئەمدى ئىدى. ئاۋۇتكام بولسا بۇلتۇردىن بېرى خىزمەت بىلەن بىرنەچچە قېتىم كېلىپ كەتكەچكە، بۇ يەرنى، ئەركىنگە قارىغاندا، خېلى بىلەتتى. بۇرۇن، ئەركىن بۇ يەردە تۇرغان چاغدا، بۇ ئورۇندا ئاشپۇزۇللارمۇ يوق ئىدى. ئاۋۇتكام ھېلىقى كاسسىر قىزنىڭ مۇشۇ ئورۇندا ئىكەنلىكىنى بىلگەن-دە!...

— ئەكىلىڭا، ئاۋۇتكا، — دېدى ئىچ پۇشۇغىغا پايلىمىغان ئەركىن تاشلىۋەتكىلى بىر يىل بولغان تاماكىسىنى قايتا چەككۈسى كېلىپ.

ئاۋۇتكاملار قىزغىنى پاراڭدا ئىدى. ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئەركىننىڭ قۇلىقىغا زادىلا كىرمەيتتى. ئۇ، تاماكىسىنى ھە دەپ پۇقىرىتىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

شورىغان پېتى، يەنە خىيالغا كەتتى...

## 2

1975-يىلى 11-ئاينىڭ باشلىرى، ئەركىن بىلەن ئاۋۇتكام ئىككىسى، باشقا بىرمۇنچە كادىرلار بىلەن بىللە، بۇ يەرلەرگە لۇشيەن تەربىيىسىگە كېلىپ، "كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇغى"نى كېسىدىغان ئىشقا قويۇلدى. ئاۋۇتكام بولسا، ئۆمرىدە بىر زاۋۇتنىڭ شۇجىسى ئىدى، لېكىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بېرى، ئۇزىنىڭ رەھبەرلىك خىزمىتىدىن چەتلەشتۈرۈپ قويۇلغان ئىدى. بۇ قېتىم يەنە بۇ ئادەمنى لۇشيەن تەربىيىسىگە قاتناشتۇرۇش، ئەلۋەتتە، بۇ پىشقەدەم شۇجىغا يېڭى رەھبەرلىكنىڭ كورسەتكەن چوڭ "ھىممىتى" ھەم "سىناپ كورۇشى" ئىدى. ئەركىن بولسا، شۇ زاۋۇتتىكى ياشلارنىڭ ئاكتىپلىرىدىن بولۇپ، ئاۋۇتكاملارنى، "كالا قوراسى"دىكى چاغدا ئىشلەتكەن ئىدى.

"قۇيرۇق كېسىش" ئىشى باشلاندى. دەسلەپتە، ئالتۇن-كۈمۈچ، ئۈنچە-مەرۋايىت ۋە ئاشلىق بىلەتلىرىگە ئوخشاش نەرسىلەرنى ئېلىپ سېتىپ، سوتسىيالىستىك ئىقتىسادىي تەرتىپلەرنى قالايمىقان قىلغانلارنى چەكلەش، تۇتۇش ۋە ئۇلارغا تەربىيە بېرىش بىلەن ئەركىنلەر خېلى ئوبدان ئىشلىدى؛ بارا-بارا، دولەت تىجارىتىدىكى دۇكانلاردىن باشقا، باشقا ھەرقانداق يەردە ئېلىم-سېتىم ئىشلىرىنى كورسە، ھەممىسىنى بىراقلا "كاپىتالىزم" دەپ قاراپ، سۇر-توقاي قىلىشقا باشلىدى. بەزىلەر ھەتتاكى ئوششاق ساتارمەنلەرنىڭ تاماكا-سەرەڭگە، گازىر-پۇرچاقلىرىنى "مۇسادىرە قىلدۇق" دەپ، ئۇز



چونتىكگە سالىدىغان قىلىقلارمۇ كورۇلۇشكە باشلىدى. سەككىز-توققۇز يىل "كالا قوراسى"دا يۇرۇپ، تېخى يېڭىدىن جەمىيەتكە چىققان ئاۋۇتكامغا بۇ ئىشلار ناھايىتى غەلىتە تۇيۇلدى. "بۇنداق قىلىقلارنىڭ، — دەيتتى ئۇ ئۇز ئىچىدە غەزەپ بىلەن، — سوتسىيالىزم بىلەن قىلچىمۇ ئورتاقلىقى يوق!!!..."

بىر كۈنى ئەركىن، ئۇز قورالىرىدا تېرىپ قورۇتۇۋالغان بىرەر-يېرىم جىڭ پەمىدورلىرىنى تۇتۇپ ئولتۇرغان مومايلارنى، ئۇزلىرىنىڭ سېيىرلىرىدىن چىققان بىر-ئىككى پىيالە سۇت-قايماقنى سېتىپ ئولتۇرغان قىزلارنى، بەش-ئالتىدىن تۇخۇمنى ئالدىغا تىزىشىپ سېتىپ ئولتۇرغان بوۋايلارنى ھەيدەپ ئاپارغان ئىدى، ئاۋۇتكام بۇلارنى: "خاپا بولماڭلار،..." دەپ قايتۇرۇۋېتىپ، ئەركىنگە ئۇزىگە قالدۇرۇلغان يەر-ماللاردىن چىققان مەھسۇلاتلارنى ساتقانلارنى بۇنداق قىلىشقا بولمايدىغانلىقلىرىنى چۈشەندۇردى. بۇنى ئاڭلاپ، باشقىلار ئاۋۇتكام بىلەن خېلى تاكاللاشتى؛ ئەركىن بولسا، دەسلەپتە ئاۋۇتكامنىڭ سوزلىرىدە خېلى داۋلى باردەك ھىس قىلىپ يۇردى؛ لېكىن كېيىنچىرەك بولسا، ئاۋۇتكامغا دەرھال پېتىنىپ قارشى گەپ قىلالمىسىمۇ، كوڭلىدە: بۇ قېرى ئالجىپ قالدىمۇ، نىمە؟...گېزىت-ژورنال، رادىيولاردا بولسا بۇنداق ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى "كاپىتالىزمنىڭ قۇيرۇغى"؛ شۇڭا، "ئومۇمىي يۇزلۇك دىكتاتۇرا يۇرگۇزۇش كېرەك،..." دەۋاتسا، بۇ قېرى تېخى "سوتسىيالىزم،..." دەپ يۇرمەمدا!...بۇ ئالجىغان قېرى پىشقەدەم ئىشچى، پىشقەدەم كادىر، نەچچە ئون يىللىق شۇجى بولغىنى بىلەن، يەنىلا دېموكراتىزمدىن تېخى سوتسىيالىزمغا يېتىپ كېلەلمىگەن قېرى-كەن،...دەپ ئويلاپ، ئاۋۇتكاملارغا قارشى چىققانلارغا ھىسداشلىق قىلىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى، ئەركىن يەنە بازارنىڭ ئەدۋىنى بەرگىلى چىقتى. بازار بولسا، ئەمدى بىرەر ئاينىڭ ئالدىدىكىگە ئوخشىمايتتى: ئالارمەنلەر ئۇنى-بۇنى ئىزدەپ يۈرەتتى؛ ساتارمەنلەر بولسا كۆرۈنمەيتتى. بەزى ساتارمەنلەر: جىق ئېلىپ يۈرۈشكە پېتىنالماي، بىرەر يۈز گىرام موخۇركا، بىرەر جىڭ قۇرۇتۇلغان پەمىدۇر،...دېگەندەك نەرسىلەرنى قولىياغلىقلىرىغا تۈگۈشۈپ، قوينىلىرىغا تىقىشىپ يۈرەتتى. سودا ئىدارىسىنىڭ دۇكانلىرىدىكىلەر "چۈشتە دەم ئېلىش"، "چۈشتىن كېيىن ئۈگىنىش" ياكى "كەچكى سىياسى ھەركەتلەر"گە ۋە ياكى "چوڭ پېيەن يىغىنلىرىغا تەييارلىق قىلىش" ئۈچۈن، ئاللىبۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ كېتىدىغان بولغاچقا، ھاجەتلىك نەرسە-كېرەكلىرىنى ئالالمىغان خېرىدارلار بازارلاردا ئۇنى-بۇنى ئىزدىشىپ يۈرەتتى.

ئەركىنىنىڭ كېلىۋاتقىنىنى كۆرگەن بازارچىلار، ھايت-ھۇيت دېگىچىلا، يان كوچىلارغا غايىپ بولۇشتى. بەزى ساتارمەنلەر بولسا "تۇۋار مال"لىرىنى قوينىلىرىغا تىقىشىپ، "ئالارمەن"لەرنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋېلىشتى. پەقەت پۇتىغا: تۇمشۇغىدىن پۇتلىرىنىڭ بارماقلىرى چىقىپ قالغان، ھەر خىل رەڭدىكى رېزىنكا پارچىلىرى بىلەن ياماپ ئالا-بۇلىماچ قىلىۋېتىلگەن بوتى كىيىۋالغان، ئەسكى پايپىغىنىڭ توشۇكىدىن تىزى، يەڭ يىرتىغىدىن جەينىگى كۆرۈنۈپ قالغان بىر كىچىك قىز باللا بىر قولىدا تالدىن توقۇلغان، بېغىمۇ يوق، چورىسىمۇ چۇگۇلۇپ كەتكەن ئەسكى سېۋەتنى تۇتۇپ، ئىستولىبىغا يۆلىنىپ تۇراتتى. ئەركىن كەلگەن پېتى قىزنىڭ قولىدىكى سېۋەتنى تارتتى، قىز بەرمىدى؛ ئەركىن بىر تېپىۋىدى، سېۋەت قىزنىڭ قولىدىن قاڭقىپ چىقىپ، ئۈچ-تۆت قەدەم نېرى چۈشتى.



ئىچىدە تۆت زاغرا بار ئىدى، ئۈستىگە يېپىلغان كىر لۆڭگە بىر چەتكە چۈشتى؛ زاغرا بولسا يەنە بىر چەتكە چۈشۈپ، قار ئارىلاش پاتقاققا مىلەندى. قىز چىر-چارلا يىغلاپ، ئۇقتەك ئېتىلىپ بېرىپ، نان بىلەن سېۋەتلىرىنى ئېلىۋالدى. ئەركىن بېرىپ سېۋەتنى تارتتى، قىز ئېسىلىۋالدى؛ ئەركىن مۇشت بىلەن گەجگىسىگە بىرنى سالدى، قىز سېۋەتكە ئىككى قولى بىلەن تېخىمۇ چىڭ ئېسىلىۋالدى. ئەركىن سۆرىدى، قىز سۆرىلىۋالدى؛ ئەركىن قىزنى كۆچەپ بىرلا ئىتتەرگەن ئىدى، قىز سەنتۈرۈلۈپ بېرىپ، يول چېتىدە تۇرغان ئىستولبىنىڭ يېنىغا ئورنىتىلغان تاشقا بېشىچە چۈشتى. قىز قاڭغىر-قاخشاپ يىغلاپ، بېشىنى ئاران كۆتەرگەندە، قۇلىغىنىڭ يېنىدىن ئېقىپ چىققان قىپ-قىزىل قان يەرگە تامچىلىماقتا ئىدى.

بۇلارنىڭ ئەتراپىغا دۇررىدە ئادەم ئولاشتى.

— ھوي، ئاداش!— ۋاقىرىدى بىرى.— ما قىزنىڭ بېشىنى تاڭدۇر!...

— ئاپلا، يامان بوپتۇ!...— دېدى يەنە بىرى قىزنىڭ سول قۇلىغىنىڭ يېنىدىن ئېقىۋاتقان قانىنى، ئىتتىك بېرىپ، قولىياغلىقى بىلەن سۈرتۈپ.

— ھوي، بالاموي!...— دېدى بىر بوۋاي، ئاپپاق ساقاللىرىنى تىترىتىپ، ھاسىسىنى يەرگە قاتتىق توكۇلدىتىپ.— بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ ھە؟!... يەمسەن يە بۇنى؟!...ئاتا-ئاناڭ، ھەدە-سىڭىللىرىڭ يوق بىر نېمىمۇ سەن؟ ھە؟!...

— ھەي، نېمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ھە؟!... كىچىككىنە قىز بالىنى ئۇرۇپ!!!...

ئادەملەر ئەركىننى تەرەپ-تەرەپتىن كېلىپ ئورىۋېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

—ھە!...—دېدى ئەركىن ھېلىقى كوزىگە كىرىۋالغان بوۋايغا قاراپ.—نېمە قىلاتتۇق؟ كوزۇڭ كورمەيۋاتامدۇ؟ بازارنى تەرتىپكە سېلىۋاتىمىز!...

—ھوي!...تەرتىپ-پەرتىپ دېگەنمۇ مۇشۇنداق بولامدۇ؟!... سېنىڭ بۇ قىلغىنىڭنىڭ ئوز ۋاقتىدىكى گومىنداڭ بۇلاڭچىلىرىدىن نېمە پەرقى قالدى، زادى؟!—دېدى يەنە بىر بوۋاي غەزەپلىنىپ.—زادى مەقسىدىڭ نېمە سېنىڭ؟!...

—بىز كاپىتالىزىمغا مۇشۇنداق زەربە بېرىمىز! مەقسىدىمىز—سوتسىيالىزىم قۇرۇش!...—دېدى ئەركىن مەغرۇر ھالدا ئەتراپتىكىلەرگە بىر كوز يۈگۈرتۈپ.—قانداق؟ يەنە گەپ بارمۇ؟!...

ئەتراپتىكىلەردىن چوڭلار كۈلۈشتى؛ كىچىكلەر ئىسقىرتىشىپ مەسخىرە قىلىشتى.

—ھەي، ئاداش!—دېدى ئارىدىن يەنە بىر ياش بالا.—دەپ باققىنا، سوتسىيالىزىم دېگەن، زادى، قانداق بولىدۇ؟!...

—ھە، ھە!...قېنى، دەپ باقسۇنا، راست!...—ھەممە چۇقۇراشتى.

—قېنى، ھە! ئۇكاموي! بولە قېنى، سوتسىيالىزىم دېگەن زادى قانداق بولۇشى كېرەك؟!...

ئەركىن دەرھال جاۋاپ بېرەلمەي، سەل ھودۇقتى. ئەمىلىيەتتە، ئۇ ئوزىمۇ ئېنىق بىر چۈشەنچىگە ئىگە ئەمەس ئىدى.

—بولدى، تالاشماڭلار!...—دېدى بىرى.—مۇنۇ ھۇررەكنىڭ قۇرىدىغان سوتسىيالىزىمچۇ—پۈتۈك تۇرۇپمۇ ماڭالمايدىغان، قولۇڭ تۇرۇپمۇ ئىشلىيەلمەيدىغان،...قىسقىسى، كەچكىچە ئىزدىسەڭ، بازاردىن بىرەر بۇردا نان، بىرەر بۇرام موخۇركا تاپقىلى بولماي-



دىغان سۇپىرىسى قۇرۇق "سوتسىيالىزىم"!...شۇنداقمۇ، ھوي ئاداش؟!...

ئەتراپتىكىلەر پاراققىدە كۈلۈشتى.

—مەن...غۇ ئوزەم قىلىۋاتمايمەن،...—دەيتتى ئەمدى ئەركىن، ئوزىگە نەپرەتلىك تىكىلگەن سانسىز كوزلەرنىڭ ئالدىدا پەسكويغا چۈشۈپ، دۇدۇقلاپ،—بىزگىمۇ بۇيرۇق شۇنداق...

شۇنداق قىلىپ، ئەركىن شۇ كۈنى ئىنتايىن روھىي ھارغىنلىق بىلەن ياتىقىغا قايتىپ باردى. ھېلىقى ئوزى ئۇرۇپ يىقىتقۇەتكەن قىزچاقنىڭ مەڭزىدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتقان قان ئۇنىڭ كوز ئالدىدىن زادىلا كەتمەيتتى. بازاردىكى كىشىلەرنىڭ ئۇنى ئارىغا ئېلىۋېلىپ دېگەن سوزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىنىڭ تۈۋىدىلا جاراڭلايتتى. ئەركىن نېمە قىلارىنى بىلمەي، ياتىقىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇۋېرىپ، ئىدارە ئاشخانىسىنىڭ تاماق ۋاقتىنىڭ ئوتۇپ كەتكىنىنىمۇ بىلمەي قالدى. بازارغا چىقىپ قوساق تويغۇزاي دەپ، ۋەلسىپىت بىلەن بىرەر سائەت چوگىلەپ، بۇ ئىككى يۈزمىڭ نوپۇسلۇق شەھەرنىڭ ھېچبىر يېرىدىن قوساق تويغۇزغۇدەك بىر نەرسە تاپالماي، ياتىقىغا قايتىپ كېلىپ، ئاچ قوساق يېتىپ قالدى. قوسىقىنىڭ ئاچلىقىدىن، كېچىچە تۈزۈكرەكمۇ ئۇخلىيالمىدى.

ئارىدىن بىر-ئىككى ھەپتە ئوتكەندە، ئەركىن ئاۋۇتكام بىلەن بىللە بازارغا چىقىپ قالدى. يولدا كېتىۋاتقاندا، ئاۋۇتكام ئەركىننى تۇيۇقسىز چاپىنىنىڭ يېڭىدىن تارتىپ توختاتتى.

—ئەركىن، قارىغىنا، ئاۋۇ قىزنى تونۇدۇڭمۇ؟

ئەركىن ئوزىدىن ئون نەچچە قەدەم نېرىدا ئوتكۈنچىلەردىن سەدىقە تىلەپ، يەردىن ئۈستۈن قارىماي، ئىنتايىن خىجالەتچىلىك

ئىچىدە، سول قولىدا بىر ئەسكى سېۋەت، ئوڭ قولىنى بولسا ئارانلا يېرىم سوزۇپ تۇرغان بىر كىچىك قىزنى كوردى. ئۇ بۇ قىزنىڭ قولىدىكى ئەسكى سېۋىتىدىن، پۇتىدىكى ئالا-چىپار ياماق سېلىنغان بوتىي بىلەن جۇل-جۇل كىيىملىرىدىن، بۇنىڭ ھىلىقى كۇنى ئوزى نانلىرىنى تارتىۋېلىپ ئىنتىرىۋەتكەن قىز ئىكەنلىكىنى تونۇدى. قىزچاقىنىڭ ھىلىقى كۇنىدىكى قىپ-قىزىل قان تامچىلىغان سول مەڭزىدە بولسا، ئەمدى چوڭ بىر تارتۇق ئېنىقلا كورۇنۇپ تۇراتتى. ئەركىن بۇ قىزنى، يا تونۇدۇم، يا تونۇمۇدۇم، دىگەن سوزنى ئاغزىدىن زادىلا چىقىرالمىدى.

—شۇ كۇنى، —دىدى ئاۋۇتكام ئەركىنگە ياندىشىپ كېتىپ بېرىپ، —بۇ ئىشنىڭ ئۇستىگە، سەن كەتكەندىن كېيىنلا، مەن كېپقاپتىمەن. توپلاشقان ئادەملەر نۇرغۇن غۇل-غۇلا قىلدى. مەن ئۇ قىزنى دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىپ، جاراھىتىنى تاڭدۇردۇم، ئاندىن ئۇنى ئويىگە ئېلىپ بېرىپ ئەھۋالنى ئۇقسام: بۇ قىز بىر ئاغ-رىقچان ئانىسى بىلەن تۇرىدىكەن. شۇ كۇنى ئويىدە چاي تۇگىگىلى بىرنەچچە كۇن بولۇپ، موماينىڭ بېشى ئاغرىپ زادى بولالماي، ئالاي دىسە پۇلى يوق، ئوزلىرىنىڭ نورمىسىدىن بىرنەچچە زاغرا يېقىپ، قىزىنى، سېتىپ پۇلىغا چاي ئەكىلىشكە ئەۋەتكەن ئىكەن،...

—...مانا بىز، —دىدى ئاۋۇتكام بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، —بۇلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تىرىكچە-لىك يولىنىمۇ ئۇزۇۋەتتۇق. ئەمدى ئۇ تىلەمچىلىك قىلىپ يۇرۇپتۇ... ئەركىن، ئويلاپ باقىنا، زادى، بىزنىڭ مۇشۇ قىلىۋاتقىنىمىز دۇرۇس بولۇۋاتامدۇ؟......

—دۇرۇس بولۇۋاتامدۇ، دىگەن قانداق گەپ ئۇ؟! —دىدى



ئەركىن ئەمدى ئاۋۇتكامنى "سەن"لەپلا. —گېزىتلارنى ئوقۇمىدىڭمۇ؟ كاپىتالىزىمنىڭ قۇيرۇقلىرىنىڭ، ھىلىغۇ يولىنى ئۇزۇپتىمەن، تېخى "يوقىتىڭلار..." دەۋاتىسىچۇ؟!...

—ھەي، ئۇكام، ئەركىن،...—دىدى ئاۋۇتكام سەۋرىلىك بىلەن چۇشەندۇرۇپ، —سەن تېخى كىچىك؛ خەق نىمە دىسە، ئارقىسىدىن پالاقلاۋەرمە، ئوز كاللاڭدا ئويلاپ كور!...

ئەركىننىڭ كاللىسىدا پەقەت "كاپىتالىزىمنىڭ قۇيرۇغىنى كېسىش" تىن باشقا يەنە بىرەر ئۇقۇم بولمىغاچقا، بۇ پاراڭلار ئۇنىڭغا چۇشىنىكسىزلا بىرنىمە بولۇپ تۇيۇلدى.

—بولدى!...—دىدى ئەركىن قولىنى شىلتىپ. —نەچچە ۋاقىتتىن بېرى تولا پىپەن قىلىنىۋېرىپ، كاللاڭمۇ زادىېرشىكا بوپ كېتىپتۇ. ماڭا ئەقىل ئۇگەتمەي، ئوزەڭنى ئوبدانىراق ئوزگەرتسەڭ بولارمىكىن؟!...

ئەركىن ئاۋۇتكامنى تاشلاپ كېتىپ قالدى. ئاۋۇتكام بولسا، موخۇركا ئورىغاچ، ئەركىننىڭ ئارقىسىدىن خېلى ئۇزاپ كەتكىچە قاراپ قالدى... "ئەمدى بۇنداقلارنى، —دەيتتى ئۇ خىيال قىلىپ، — ئاخىر بىر كۇنى، پەقەت تۇرمۇش ئەمىلىيىتىلا شۇنداق بىر توغرا يولغا سالالايدۇكى، ھازىرچە، ھەرقانداق ۋەز-نەسىھەتلەر بىكار!..."

ئاز كۇن ئوتمەي ئاۋۇتكام "كاپىتالىزىمنىڭ قۇيرۇغىنى كېسىش-تىكى پۇتلىكاشاڭ"، "قاراڭغۇ بازارنىڭ ھازىرغىچە سورۇلۇپ يۇرۇشىگە سەۋەپچى بولغانلارنىڭ بىرى"،...دىگەن بەتناملار بىلەن، لۇشيەن تەربىيىسى دۇيى ئەزالىغىدىن قوغلاندى قىلىندى...

www.uyghurkitap.com

## 3

ــ تاماق تەيیار بولدى! ــ دىگىنىچە، ھىلىقى ئاق خالاتلىق كۈتكۈچى قىز ئاپقۇر-چوكىلارنى ئېلىپ كىرىپ كەلدى.

ئەركىن خىيالىنى يىغىپ قارىسا، ئۇ قىز ئاپقۇر-چوكىلارنى جوزىغا قويۇۋېتىپتۇ. ئاڭغىچە، كاسسىر قىز ــ ئىلنۇرمۇ بىر جاۋۇردا سۈيۈق ئاشنى كوتىرىپ كىردى. كەينىدىن مومايمۇ، "سۈيۈق ئاشقا نان سالمىسا، تەمى بولمايدۇ،..." دەپ، ئىككى نان ۋە ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخى بىرنەچچە زىق كاۋاپنى قويۇپ كوتىرىپ كىرىپتۇ. ئەركىن بۇ موماينىڭ قايسى ئارىلىقتا گېپىنى تۈگىتىپ چىقىپ كەتكەنلىگىنىمۇ سەزمەي قالغانلىغىنى ئەمدى ھىس قىلدى.

ــ قېنى، قىزىم، ــ دىدى موماي كاۋاپ بىلەن ناننى جوزىغا قويۇپ، ــ تاماقنى ئاكىلىرىڭغا ئۇس!...

يولۇچىلار خوشلىشىپ ئاشپۇزۇلدىن چىققاندا، تالادا قار توختاپ، ھاۋامۇ ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى. شەرق ئۇپۇغىدىن يېڭى كوتىرىلگەن تولۇن ئاينىڭ نۇرى، كوچا چىراقلىرىنىڭ يورۇغى بىلەن قوشۇلۇپ، كوچىنى تېخىمۇ يوپ-يورۇق قىلىۋەتكەن ئىدى.

ئەركىن كوچىغا چىقىپ، بۇ دوقمۇشنى ئەمدى تولۇق تونۇدى. بۇنىڭدىن توپ-توغرا توت يىل ئىلگىرى، دەل مۇشۇ ئورۇندا، ئۇ ھىلىقى قىزغا ئاچچىق-زەردىلىك مۇشت بەرگەن ئىدى، بۈگۈن ئەمدى بۇ قىز، يەنە دەل مۇشۇ ئورۇندا، ئەركىنگە جىنىغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان مېزىلىككىنە ئىسسىق ئاش بەردى؛ لېكىن ئاۋۇتكام باشلاپ كىرگەن بۇ ئاشخانىدا ئىچىلگەن بۇ سۈيۈق ئاش بۈگۈن



ئەركىننى نۇرغۇن تەرلەتتى، نۇرغۇن خىياللارغا سالدى ۋە ئۇنتۇلغا نۇرغۇن تۇرمۇش ھەقىقەتلىرىنى چۈشەندۇردى.

1979 ــ يىل 12 ــ ئاينىڭ 27 ــ كۈنى، غۇلجا.

# سېغىنىش

## ئېزىز ساۋۇت

### 1

"ئادەمگە ئەقىل ھامان ھادىسە ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن كېلىدۇ" — دېگەن گەپ توغرىمۇ؟ ئېھتىمال بۇ بىر تەرەپلىمىلىكرەك پىكىردۇ؟ لېكىن مەن بۇنىڭغا بىرئاز ئىشىنىپ قالدىم.

مەن ئۆزەمنىڭ كېيىنكى تەقدىرىمگە قىلچە ئاغرىنمايمەن. چۈنكى "ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا" دېگەندەك بۇ ئىشلارنى ئۆزەمگە ئۆزەم تاپقانمەن.

ئۆز ۋاقتىدا ئۇنىڭ توغرا مەسلىھەت-كورسەتمىلىرىنى ئىجرا قىلغان بولسام، ئۇنىڭ ئادىل-ساپ ئەخلاقىدىن ئۆگەنگەن بولسام، بۇ كۈنلەر بېشىمغا كەلمەس ئىدى.

مەن چاغچاڭ ۋاقتىمدا ئەتراپىمدا خوشامەت قىلىشىپ، دولامنى قېقىشىپ، "پايدام"نى كورۈشكەن، ھەر خىل ھىلە-مىكىرلەر ئارقىلىق بۇرنۇمدىن يېتىلەپ مېنى ئازدۇرۇشقان، مېنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ دولەت مەبلىغىنى مىتىدەك يېيىشكەن يۇقۇرى-تۆۋەندىكى يار-يولەك "ھەقەمسايىلىرىم" قېنى، مېنى قۇتقۇزۇپ قالالىدىمۇ؟ بەلكى كېيىنكى چاغلاردا مېنىڭدىن ۋابادىن قاچقاندەك قاچىدىغان بولۇشتى. ھەتتا سالامىغىمۇ ياراشمىدى، مەن ئەنە شۇنىڭغىلا ئاغرىنىمەن. شۇ كۈنلەرگىچە مەن ئۇنى توغرا چۈشەنمىگەن، چۈشەنگەن بولسامىمۇ



ئىشەنمىگەن ئىكەنمەن. ئېخى مەن ئۇنى "رەھبەرلىك سەنئىتى يوق"، "ئەخمەق"، "ئۇزۇن پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ" دېگەنگە ئوخشاش يۈزەكى قاراش بىلەن داۋاملىق كەمسىتتىم. ئۇنىڭ ئۆز خىزمىتىنى راۋان ئىشلىشىگە توسالغۇلۇق قىلدىم. ئاخىرىدا ئامالسىز قويۇپ كارخانىدىن كېتىشكە مەجبۇر قىلدىم.

ئەمدىلىكتە ئۇنىڭ پۈتۈن ئىشلىرى توغرا بولۇپ چىقتى. ئۇ ئەسلىدە ماڭا نىسبەتەن ھەققى كويۈمچان، دوست بولغان ئىكەن. ئەپسۇسكى مەن بۇ ھەققەتلەرنى ئەمدى ئۇ يوق چاغدا، خاتالىق مېنى كاردىن چىقارغان چاغدىلا ھىس قىلىۋاتىمەن. مەن مانا مۇشۇنىڭغىلا ئېچىنىمەن.

### 2

بىز ئۇنىڭ بىلەن ئىش ئۇستىدە ئۇشتۇمتۇتلا، ناھايىتى كوڭۇلسىز ھالدا ئۇچراشقان ئىدۇق.

بىزنىڭ كارخانىمىز، ناھىيىلىك قول سانائەت بىرلەشمىسىگە قاراشلىق خېلى چوڭ، 300 دىن ئارتۇق ئىشچى-خىزمەتچىسى بار بىر ياغاچچىلىق كارخانىسى ئىدى. مەن ئۇ چاغدا كارخانىنىڭ باش ئىش بېجىرگۈچى خادىمى ئىدىم.

يازنىڭ بىر كۈنى، چۈش مەزگىلى. ئالتىنچى ئاينىڭ تومۇز ئاپتىۋى يەر-جاھاننى تونۇردەك قىزىتىۋەتكەن. شامالمۇ يوق، دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى سۇسراپ سالپىيىپ تۇرىشاتتى. شەھەر ئىچىمۇ بۇ تىنجىقتا جىمجىتلىقىقا چومگەن. پەقەت ماشىنا-تىراكتورلارنىڭ غار-غۇر ئاۋازلىرى، زاۋۇتلارنىڭ تاراق-تۇرۇقلىرىلا شەھەر

جىملىغىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

مەن دەل شۇ پەيتتە، كارخانىمىزنىڭ ماشىنىسىغا لىق ياغاچ بېسىپ، كېلىشىم بويىچە، ۋىلايەتلىك ياغ تارتىش زاۋۇتىدىكى مەلۇم كىشىگە ئاپىرىپ بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتىم. ئۇ، بۇ ياغاچلارنى سېلىۋاتقان شەخسى قورۇسىغا ئىشلەتمەكچى، بىزگە بولسا بىر بولۇك ياغ ھەل قىلىپ بەرمەكچى ئىدى. بۇ ياغلارمۇ "كارخانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى تەمىنلەش" نامىدا بولۇپ، بۇنىڭ قانچىلىك ۋە قايسى دائىرىدە "تەمىنلىنىدىغانلىقى" چۈشىنىشلىك...

كەپىنىڭگە چىقىپ ماڭاي، دەپ تۇرۇشۇمغا تۇساتتىنلا بىرسىنىڭ:

ــ توختاپ تۇرىڭا! بۇ ياغاچلارنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭىز؟ ــ دېگەن تەلەپچان لېكىن يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئاچچىغىم كەلگەن ھالدا يېنىمغا لاپ قىلىپ قارىدىم. چۈنكى ئۇزۇندىن بېرى ھېچكىم بىزگە مۇنداق سوئاللارنى بېرىپ باقمىغان ۋە بەرگۈچىلەرمۇ ئىدارىمىزدە ئۇزۇن تۇرالمىغان ئىدى.

بۇ سوئالنى بەرگۈچى ئىگىز، گەۋدىلىك، قاتاڭغۇر، كوزلىرى ئىچكىرى، قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، قىسقىسى، سۇرلۇك كورۇنۇشلۇك، ئۇستىدە ئادەتتىكى سۇر رەڭ خادانى شىم-چاپان، بېشى بولسا كوزگە ئىلغۇچىلىكىمۇ يوق كونىرىغان بىر شەپكە بىلەن زىنىنەتلەنگەن، قىرىق بەش ياشلار چامىسىدىكى كورۇمسىزلا بىر كىشى ئىدى.

ــ ئا بىر يەرگە! ــ دېدىم مەن ناھايىتى قوپاللىق بىلەن ۋە ئۇنى مەنسىتمىگەن ھالدا. ــ ھە، نىمە گەپ؟

ــ سىزدىن ماشىنىدىكىلەرنى نەگە ئېلىپ ماڭدىڭىز، ــ دەپ سوراۋاتىمەن، ــ دېدى ئۇ پېتىنىمۇ بۇزماستىن ۋە ئوزىگە ئىشىنىدىغان بىر خىل خاتىرجەملىك بىلەن. ئوغام ئورلەپ كەتتى:



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ــ مەن ساڭا... ــ دېدىم بىردىنلا ئۇنى "سەن"لەپ، ــ سىز كىم؟ نىمە، بىلگۈڭ كېلىۋاتامدۇ؟ بۇنى ياغ زاۋۇدىغا بېرىپ ئورنىغا ياغ ئالىمىز، چۈنكى ئۇلارغا ياغاچ، بىزگە بولسا ياغ كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ! بۇ ياغلار بىلەن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى خاتىرجەم قىلىمىز، ئۇقتۇڭمۇ! ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشى خاتىرجەم بولسا، ئىشلەپچىقىرىش ئالغا باسىدۇ، ئۇقتۇڭمۇ! بوش تاغار ئورە تۇرمايدۇ، ئۇقتۇڭمۇ!...

يېنىمدىكى شوپۇر ئاغزىمنى كاپلا قىلىپ ئېتىۋېلىپ، مۇنۇ گەپلەرنى ئەسكەرتمىگەن بولسا ئۇنى مۇشلىۋېتەرمىدىمىكىن ئەتىمالىم.

ــ ۋۇي مەرۇپكا، ئوزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ! ئالدىڭىزدىكى كىشى ئىدارىمىزگە يېڭىدىن كەلگەن غىلاجىدىن شۇجى بولىدۇ، ئوزىڭىزنى بېسىۋېلىڭ!...

ــ ھە؟! ــ تۇيۇقسىز تىلىم تۇتۇلغاندەك بولۇپ قالدى، ھەر ھالدا ئۇ "شۇجى"دە، ئۇنىڭدا ھوقۇق بار. شۇڭا ھىساپلىشىپ، ھەر بىر قەدەمنى پۇختا باسقاندىلا، ئۇنداقلارغا تاقابىل تۇرغىلى بولىدۇ، مانا بۇ تاكتىكا...

ــ بۇ ئىشلار كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ قارارىدىن ئوتكەنمۇ؟

ــ نەنىڭ قارارىكەن ئۇ؟ بۇ ئەخمەت چاڭجاڭنىڭ قارارى... مۇنداق ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارنىمۇ قارار قىلىپ ئولتۇرىدىغاندەك...

ــ ئەخمەت چاڭجاڭنىڭ قارارىنى بۇزماقچى ئەمەسمەن، پەقەت ئۇ توغرا بولغاندىلا. لېكىن بىزنىڭ ئىگىلىگىمىز ھەرگىز كاپىتالىستىك ئىگىلىك ئەمەس، بەلكى دولەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئورۇنلاشتۇرۇپ، تەڭشەپ بېرىش يولى بىلەن باشقۇرۇلىدىغان سوتسىيالىستىك ئىگىلىك. ئۇلار ياغاچقا مۇھتاج بولسا، پىلان كومىتېتىنى تاپسۇن.

كارخانىمىز ئۈچۈن ياغاچ جان بىلەن ئوخشاش ئەمەسمۇ؟ ھوددىگە ئېلىنغان بۇيرۇتمىلار قايسى ياغاچ بىلەن قىلىنىدۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ نۇرغۇن قۇرۇلۇشلار بىزگە قاراپ كەينىگە سۈرۈلۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئىشچىلارنىڭ ياغ مەسىلىسىنىمۇ مۇۋاپىق يوللار بىلەن ھەل قىلىشقا بولىدىغۇ؟ ماشىنىنى قايتۇرۇڭ!

—سىز، سىز!...

ئۆزەممۇ سەزمىگەن ھالدا يەنە تىلىم بىردىنلا "سىز"گە بۇرالدى. نىمە دېيەلەيمەن، ئۇنىڭ سۆزلىرىنى "سىياسەت" دېيىشكىمۇ، ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىلىك كارخانا ئادىمىنىڭ سۆزى دېيىشكىمۇ بولاتتى. نىملا بولمىسۇن شۇ كەمگىچە ئىدارىمىزگە كېلىپ-كېتىپ تۇرغانلار ئىچىدە بۇنىڭچىلىك قەتئىي ئادەمنى ئۇچراتمىغانمەن. شۇڭا ئىلاجىسىز تۇرۇپلا قالدىم. ئاڭغىچە ئۇ، ئەتراپقا ئولاشقان ئىشچىلارغا ئىللىق بىر كۈلۈپ قويۇپ:

—قېنى يولداشلار! ياغاچلارنى جايىغا تەقلۇېتەيلى!—دېدى.

شوپۇر بىلەن ئىككىمىز ئەتىدىن بېرى ھەپىلىشىپ ئاران باسقان ياغاچلار ئىشچىلارنىڭ قىزغىن ھەركەتلىنىشى بىلەن بىر دەمدىلا سەرەمجانلاشتى. شوپۇرمۇ بىر ئۇلارغا ۋە بىر ماڭا قاراپ قويىدى-دە، ماشىنىنى لاپاسقا ئېلىپ ماڭدى.

ناھايىتى تېز ۋە كۈتۈلمىگەن بۇ ئىشتىن جىلە ۋە ھاڭ-تاڭ بولغان ھالدا مەيداندا يالغۇز تۇرۇپلا قاپتىمەن. بىر ھازادا يۇمشاقىنا تونۇش ئالقان مۈرەمگە قويۇلغاندىلا، چوچۇپ ئارقامغا بۇرۇلدۇم. خاتىرجەم ھىجىيىپ، سىناق نەزىرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇرغان ئەخمەت چاڭجاڭنى كوردۇم. ئۇنىڭ كۈلۈمسىرەپ قىسىلغان، ھاراقنى تولا ئىچىپ خالتىلاشقان قاپاقلىرىنىڭ ئارىسىدىكى ھەييار كۆزلىرىدە،



بۈگۈن ئىمىشقىدۇ يىرتقۇچلارنىڭكىدەك بىر ۋەھىمىلىك ئوت چاقنايتتى. بۇ، ئۇنىڭ ئۆز پىلانىنىڭ قارشىلىققا ئۇچرىغىنىغا نىسبەتەن تەدبىر ئىزدەۋاتقان بىر شۇملۇقنىڭ ئالامىتى ئىدى.

—ھىم! غىلاجىدىن شۈجىنىڭ سۆزلىرى بەكمۇ كۈچلۈك، خۇددى ئاتوم بومبىسىغا ئوخشايدۇ-ھە!؟ راستىنلا تەدبىرلىك، كۈچلۈك ئادەم! شۇنداقمۇ؟

ئۇ بىردىنلا مۇغەمبەر كۈلكىسى بىلەن ماڭا تىكىلگەندە، كۈلكە ئارىسىغا يوشۇرۇنغان زەھەرلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇچراشقان كۆزلىرىم گوياكى تاشقا-تاش چېقىلغاندەك چاقناپ كەتتى. بەرداشلىق بېرەلمەستىن كۆزۈمنى ئېلىپ قاچتىم. تېنىم بولسا شۈركىنەتتى.

—بىرىنچى قېتىمدىلا مات بولدۇڭمۇ بېلى بوش، مەن، نىمە بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر دېگىنىمنى قىلغان بولاتتىم، ئىككىلىنىۋاتىسەنغۇ دەيمەن تايىنلىق!

—چاڭجاڭ، سىز ئۇنداق... مېنى تېخىچىلا چۈشەنمەمسىز...

—بولدى!—دېدى ئۇ زەردە بىلەن قولىنى سىلكىپ.—ئۇگۈنلۈككە ئۇنىڭغا ئاتاپ زىياپەت تەييارلا! ئورنى سېنىڭ ئۆيۈڭ بولىدۇ! بۇنى پۈتۈن ئىشچىلار ئاڭلىشى كېرەك، ئۇقتۇڭمۇ! زىياپەتكە يەنە كىملەرنىڭ كېلىشىنى بىلىسەنغۇ؟

ئۇ، ئارىدا ھېچ ۋەقە ئۆتمىگەندەك پېتىنىمۇ بۇزماستىن يەنە مۇنۇلارنى قوشۇمچە قىلدى:

—غىلاجىدىن ھەرقانچە چىڭ بولغاندىمۇ، ئەخمەت چاڭجاڭنىڭ دۈكىنىدا ئېرىيدۇ. تاغنىڭ قېلىن مۇزلىرىمۇ ئېرىيدىغۇ؟

مەن ئەيمەنگەن ۋە غەمگە پاتقان ھالدا، تەكەببۇرلۇق بىلەن كىدىيىپ ئۇزاپ كېتىپ بارغان ئۇنىڭ دوغىلاق-سېمىز گەۋدىسىگە

تىكىلگىنىمچە قاراپ قالدىم.

## 8

"...ئۇنىڭ ئىسمىمۇ ئۆزىگە يارىشا نەقەدەر قاملاشمىغان-ھە! غىلاجىدىن، غىلاجىدىن..."—دەپ تەكرارلاپ كۈلگەن ئىدىم ئۇ ئىدارىمىزگە پەيدا بولۇپ كېلىپ-كېتىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ دەسلەۋىدە مەسخىرىلەپ كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئىدارىمىزگە غىلاجىدىننىڭ سايىسى چۈشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ توغرىلىق ھەر خىل گۇمانىي گەپ-سۆزلەر كۆچەيدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىدارە رەھبەرلىكى بىلەن ئارىلاشماي، گەپ-سۆزسىزلا ئىشچىلارنىڭ ئارىسىنى ئارىلاپ يۈرۈشى ئارقىسىدا بەزىلەر ئۇنى: "ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن تەكشۈرگۈچىمىش" دېيىشسە، بەزىلەر: "يېقىندا بىزگە باشلىق بولىمىش" دېيىشەتتى، ئىش قىلىپ ھەر خىل پەرەز-گەپلەر كۆپ ئىدى.

مەن بۇ گەپلەرگە پىسەنت قىلمىغان ھالدا، ئۆزەمنى "خاتىرجەم" تۇتۇشقا تىرىشقان بولساممۇ، لېكىن، ئەمەلىيەتتە، خېلى دەككە-دۈككىگە چۈشتۈم. چۈنكى ئۇنى بايقاش، تومۇرىنى تۇتۇپ كۆرۈپ، مۇۋاپىق چارىلەرنى كۆرۈش...مەن سادىقلىق بىلەن ئەگەشكەن ئەخمەت چاقچاقنىڭ ئىش ئۇسۇلى ئىدى، ھەر ھالدا مۇناسىۋەتلىك "يېقىنلىرىم"نى بۇ ئىشتىن ئاگاھلاندۇردۇم-دە، تېگىشلىك تەييارلىق چارىلىرىنى كۆرۈپ قويدۇق.

كارخانىمىز ئەسلىدە ياغاچ ھۈنەرۋەنلىرىنىڭ بىرلەشمە كوپىراتىۋى ئاساسىدا كېڭىيىپ، ھازىرقى كارخانا ھالىغا كەلگەن. كېيىنكى



چاغلاردا كارخانىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، زامانىۋى ماشىنا-ئۈسكۈنىلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش قارار قىلىنغان. شۇڭا كەسپىي سېخلارغا ئايرىپ رەسمىي زاۋۇت شەكلى قوللىنىلغان. كېيىن نىمشىقىدۇ ماشىنىلاشتۇرۇش ئېغىزدىكى قۇرۇق گەپ بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىشلىرى يەنە شۇ كونا قېلىپتا قېلىۋەردى. ئىشچىلارنىڭ مەمۇرى مۇھاكىمە يىغىنلىرى، پارتىيە تۇرمۇشى، ۋاھاكازالار ھەققىدە گەپ ئېچىش ھاجەتسىز، يوق دىيەرلىك ئىدى. كوپىنچە ئىشلار ئىشخانىدىلا، ئەخمەت چاقچاقنىڭ خاھىشى ۋە مېنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشۇم بويىچىلا يۈرگۈزۈلەتتى. شۇڭا كارخانىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزىنى خوجايىن دەپ تونۇماستىن، كىمگىدۇر ياللىنىپ ئىشلەپ بەرگۈچىدەك ھىس قىلىغاچقا، كارخانىنىڭ قىياپىتى خۇنۇك-سولغۇن ئىدى.

دولەت پىلانى ۋە باشقا ھەر خىل قۇرۇلۇشلارنىڭ ياغاچ بىلەن بولىدىغان ھەر خىل بۇيرۇتمىلىرى بۇنداق ئەھۋالدا راستىنلا كېچىكەتتى.

ئەخمەت چاقچاقغا ۋە ماڭا كېرىكىمۇ دەل ئەنە شۇ "كېچىكىش" ئىدى. چۈنكى، ئىش كېچىكسە، ئۇلار بىزگە تېخىمۇ يالۋۇراتتى، باغلىناتتى. دولەت كورسىتىپ بەرگەن بىزدىن ھالقىپ باشقا جاي، شەخسلەر بىلەن ئىش دوگوۋورلىشىش مۇمكىن بولمىغاچقا، ئۇلارغا بىزسىز قىيىن، ئۇلار ھامان بىزگە ئېگىلىشكە مەجبۇر ئىدى. بۇ ھال بىزنىڭ ھەممە ئىمتىيازلاردىن تولۇق پايدىلىنىشىمىزغا شارائىت بېرەتتى.

ئۇزۇندىن بېرى جەمىيەتتە ئىدارىمىزگە نىسبەتەن: "مۇرەككەپ جاي"، "مۇستەقىل پادىشالىق" دىگەنگە ئوخشاش ھەر خىل باھالار ئۇچۇپ يۈرەتتى، مۇناسىۋەتلىك رەھبىرىي ئورگانلارمۇ نەچچە قېتىم



www.uyghurkitap.com

بۇ ئىشقا كوڭۇل بولگەندەك قىلىپ، تەكشۈرۈش خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ كوردى، رەھبەرلىكنىمۇ ئالماشتۇرۇپ كوردى. ھېچ ئىش چىقمىدى. بەزىلىرى تەكشۈرۈپ-تەكشۈرۈپ، ئاخىرىدا پايدا-زىياننى دەڭسەپ كورۇپ، بىزنى توغرا دەپ بېكىتىپ كېتىشتى. "پىرىنسىپ"تا چىڭ تۇرۇش دەپ بىز بىلەن كوچىلاشقۇچىلار ئاخىرى ئۆزلىرى خاتالىق يۈكىنى دولىسىغا ئارتىپ قايتىشتى. كارخانىمىزدا "ئۇسما كېتىپ، قاش قېلىۋەردى".

## 4

غىلاجىدىن شۇجىنىڭ كوپىنچە قوشۇمىسى تۈرۈلگەن، كۈلكىدىن ئەسەرمۇ بولمىغان چىرايى نىمە دىگەن سۇرلۇك ۋە ھەيۋەت! لېكىن بۇ كورۇنۇش مەن بىلەن ئەخمەت چاڭجاڭغىلا شۇنداق كورۇنسە كېرەك. ئەمىلىيەتتە بولسا ئۇ ئىشچىلار بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، كىشىنى ھەيران قالدۇرارلىق دەرىجىدە مېھرىۋان، مۇلايىم ۋە خوش پېيىل ئادەمگە ئايلىناتتى. ھەقىقەتەنمۇ ئۇ كېلىپ بىر-ئىككى ئاي ئوتمەيلا كارخانىدا ئوزگىرىشلەر بارلىققا كېلىشكە باشلىدى. ئەڭ مۇھىمى كارخانىنى ئاساسىي كۈچ قىلغان ئىشچىلار ئاممىسى بارا-بارا ئۇنىڭ ئەتراپىغا ئولاشقىلى تۇردى. ئىشچىلار ئارىسىدىكى بەزى خەۋەرچىلىرىمىز كۈندىلىك بولۇۋاتقان ئىشلارنى يىپىدىن-يىڭنىسىگىچە يەتكۈزۈپ تۇراتتى. ئاڭلىساق ئۇ كارخانىنىڭ ئۇجۇر-بۇجۇرىغىچە، ھەتتا ئەھمىيەتسىز بولغان ئائىلە-نىكا ئىشلىرىغىچە "تاتىلاشتۇرۇپ" يۈرۈپتۇ.

دەسلىۋىدە، ئىشچىلار ئۇنىڭغا ئىشەنمەسلىك نەزەر بىلەن، ئۇنىڭ-



دىن چەتلىشىپ سىر بەرمەي يۈرۈشتى.

—بۇ ئادەم بىزگە نىمانچىلا سۇركىلىپ يۈرۈيدۇ؟

—شۇنىمۇ بىلمەمسەن؟ يېڭىدىن شۇجى بولۇپ كەلگەن كىشىگە ئادەم كېرەكتە. دەسلىۋىدە تارتىدۇ، ئۇلىنى چىڭدىۋالغاندىن كېيىن تاشلايدۇ. بۇلارنىڭ نەزىرىدە بىز گويا بىر ھىسسىز كوتەككۇ؟

—ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ خېلى چىڭ ئادەمدەك قىلىدۇ.

—ھىم، نى،نى چىڭ ئادەملەرنى كورگەنمىز، بۇمۇ...

غىلاجىدىن شۇجى يانلىرىدىن يىراقلاشقاندىن كېيىنلا ئەنە شۇنداق پاراڭلارنى قىلىپ كوتۇلدىشاتتى.

بىر كۈنى ئاتمىش بەش ياشلار چامىسىدىكى پىشقەدەم ئۇستا ئوسمان ئاكا بىلەن قىزىقارلىق بىر سوھبەت بولۇپ ئوتۇپتۇ:

—تاغا،—دەپتۇ ئۇ ئوسمان ئاكىنىڭ قولىدىكى رەندىنى ئېلىپ ۋە خۇددى كونا ياغاچچىلاردەك بىر ئەپچىل رەندە سىلىپ تۇرۇپ،—نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

—ئاتمىش بەشكە.

—ئائىلىدە نەچچە جان بار؟

—مېنىڭ بىلەن ئون بىر.

—ھەممىسى ئىشلەمدۇ؟

—يوقسۇ، يالغۇزلا مەن، قالغىنى بىكار يەيدۇ.

—نىمىشقا؟ سىزدىن باشقىلىرى كىچىكمۇ-يا؟

—ياق، ئىشقا يارامىلىقلىرىدىن ئالتىسى تەييار. بىراق ئىش يوقتە.

—ھوي، نىمە ئۇچۇن؟ بالىلارغا ئوز ھۈنىرىڭىزنى ئوگەتسىڭىز، ئۇلار مۇشۇ كارخانىدا ئىشلىسە، ئىش دىگەن شۇ ئەمەسمۇ؟

—ئۇزلىرى بالدۇرراق كەلگەن بولسىلا بوپتىكەن، مۇنچىلىك ئاتلىق گەپ بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرىدىكەنمىز. لېكىن بۇ ناھايىتى تەس ئىش.

—قانداق تەس بولىدۇ؟ يا...

—چۈنكى بىزدە ياغ ئاز.

—نىمە ياغ ئاز؟!—گەپكە چۈشەنمىگەن غىلاجىدىن ھەيران قاپتۇ.

—ھە، ياغ ئاز، مەسىلەن ئېيتسام، ياغلايدىغانغا...

—ئەسۋاپ، سايمانلارنىمۇ؟

بىردىنلا سېخ ئىچىدە شاڭخو-كۈلكە كۆتىرىلىدۇ. ئىشچىلار ئۇستامان ئاكىنىڭ تازا باپلاپ جاۋاپ بېرىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇشۇپ، غىلاجىدىننى شاڭخو قىلىشىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا قىلچە رەنجىمەيدۇ.

—ياقا،—دەيدۇ بوۋاي تەنە چاقچىقىنى داۋاملاشتۇرۇپ ۋە گېپىنى "پاققىدە" بىرنى ئۇرىدۇ-دە،—مانا مەيەرنى،—دەيدۇ.

ئاشۇنداق زېرىكمەي-تېرىكمەي ئارىلىشىپ يۈرۈپ ئاخىرى كارخانىنىڭ ئومۇمى ئەھۋالىدىن بىرقەدەر خەۋەردار بولىدۇ.

ئۇ، كارخانىنىڭ ھەقىقەتەنمۇ ياخشى تەشكىللەنمىگەنلىكىنى، سىياسى خىزمەت ياخشى يولغا قويۇلمىغانلىقىنى، ئىگىلىكنى باشقۇرۇشتا سىرلىق مەسىلىلەر...نىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەۋجۇتلۇقىنى مولچەرلىگەندىن كېيىن، بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىنى ياخشىلاشنىڭ ئۆزى ئۈچۈن قانچىلىك ئېغىر توختايدىغانلىقىنى ھىس قىلىدۇ.

## 5

ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۇيۇشتۇرۇلغان زىياپەت بىكارغا كەتتى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۈگۈن كۈندۈزى ئىشچىلار ئارىسىدا غىلاجىدىن شۈجىنى كەچلىك زىياپەتكە چاقىرغانلىقىمىزنى مەنىلىك ھالدا داۋراڭ قىلىشۋەتكەندىن كېيىن ئۇنى ئىزدەپ ياتىقىغا كىرگىنىمدە، يېڭىلا سېخلاردىن قايتىپ كېلىپ تۇرغان ئىكەن. كىرىشىمگىلا، ناھايىتى ئۇچۇق چىراي قارشى ئالدى.

—كېلىڭ، كېلىڭ يولداش مەرۇپ، قېنى مەيەرگە.—ئۇ ماڭا ئالاھىدە بەندىلىك ئەپكىلىپ قويۇپ بەردى ۋە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.—خىزمەتلەر توغرىلىق سۆزلىشىش ئۈچۈن مەنمۇ سىزنى بىر ئىزدىمەكچى بولۇپ يۈرەتتىم.—ئۇ ماڭا تاماكا سۇندى. تاماكىنى شوراۋېتىپ ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشىغا ھەر بىر ھەركەتلىرىگىچىلىك چوڭقۇر زەڭ قويدۇم. ماڭا مۇناسىۋەت قىلىۋاتقاندا ئۇنىڭدا "شۇجىلىق"نىڭ بىرەر پۇرىقىمۇ سېزىلمەيتتى. كىرىش مەقسىدىم، بۇ ئادەمگە قارىتا قۇرۇۋاتقان تۇزاقلىرىم ئۆزەمگە ئايان بولغاچقا، بىردىنلا تېنىم قورۇنۇپ، ئۇمسىلا بولۇپ كەتتىم. دەرھال كۆز ئالدىمدا ئەخمەت چاڭجاڭ پەيدا بولدى: "ئىككىسىدىن قايسىسى تۈزۈك؟ بۇ ئادەم ھەر ھالدا ساپ دىلدەك قىلىدۇ، لېكىن بىزنىڭ چاڭجاڭ قورقۇنچلۇق، ھەر جەھەتتىن بىگىسسى بار ئادەم."

—يولداش مەرۇپ،—دېدى ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرىگەن ھالدا،—سىزنى ئەسلىدە ياغاچچى ئۇستىلىقتىن ئۆسۈپ چىققان دەيدۇ، راستمۇ؟

"بۇ سوئال نىمە ئۈچۈن بېرىلدى، بۇ مېنى سىناش ياكى ئېنىقلاپ بېقىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟" بىردىنلا ھوشيارلىنىپ:

—ھەئە، شۇنداق،—دىدىم-دە گەپنى باشقا ياققا بۇرىماقچى بولدۇم.

—غىلاجىدىن شۇجى، سىز كەلگىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى، بىرەر قېتىممۇ ئەھۋاللىشالمىدۇق. كەچتە بىزنىڭ ئۆيگە مەرھەمەت، ئەخمەت چاڭجاڭمۇ شۇ يەردە. سىردىشىۋالساق، بۇ كېيىنكى خىزمەتتىكى ئىتتىپاقلىققا پايدىلىق...

—زىياپەتمۇ؟—دەپ توپ-توغرىلا سورىدى ئۇ كۈلۈپ قويۇپ،—ئۇنى كېيىنچە ئىشچىلار بىلەن بىرلىكتە تۇرۇپ يېسەك قانداق؟ ھازىر كارخانىنىڭ ئىشلىرى تولىمۇ چۇۋالچاق، مېنىڭچە كەچتە بارلىق پارتىيە ئەزالىرى بىلەن بىر قېتىم يىغىن ئېچىۋالساق، ئۇزۇندىن بېرى مۇنداق يىغىنلار ئېچىلمىغاندەك، ئەمدى ئويغىنىپ، مەملىكىتىمىز بويىچە قوزغىتىلغان ئېلىمىزنى تۆتتە زامانىۋىلاشتۇرۇش زور ئىقىمىغا قوشۇلمىساق بولماس. چاڭجاڭغا ئېيتىسىڭىز، ھەر ئىككىڭلارمۇ پارتىيىلىك رەھبىري كادىرلارغۇ، بولامدۇ؟

مەن قىستاپ تەلەپ قىلىپ تۇرىۋالدىم. ئاخىردا ئۇ بىرئاز ئوڭدى-دە، كەسكىن قىلىپ:

—يولداش مەرۇپ، مەن سىزنى ئوقۇمۇشلۇق ئادەم دەپ بىلگەن ئىدىم. بىراق... سىز ئۇچۇن ئېغىر كەلسىمۇ ئېيتاي، مەن قاتنىشالمايمەن، يىغىن ئېچىلىدۇ. قاتنىشىش مەسىلىسىنى ئويلاپ كورۈڭ!

مۇشۇ پەيتتە "زىياپەت"نىڭ تەقدىرىگە قىزىققان بىرقانچە كوزقۇلاقلارنىڭ ئىشىك سىرتىدا گەپ تىڭلاپ-ماراپ تۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى، مەن ئىشخانىدىن سالپىيىپ چىقىۋاتقىنىمدا، ماڭا ئەزەلدىن ئوچ بىرقانچىسىنىڭ مېنى مەسخىرە قىلىپ كۈلۈشۈپ قويۇپ كېتىشىۋاتقانلىقىغا كوزۇم چۈشۈپ ئەرۋاھىم ئۇچتى. چۈنكى ئۇلارنىڭ كۈلۈشىدە "تەخسەڭ چېقىلدىغۇ!" دىگەن مەنە بار ئىدى.



## 6

"ئۇ ھەرقانچە چىڭ بولغاندىمۇ ئەخمەت چاڭجاڭنىڭ دۆكىنىدا ئېرىيدۇ، تاغنىڭ قېلىن مۇزلىرىمۇ ئېرىيدىغۇ؟..."

مۇشۇ سوزلەرنى كورەڭلىك بىلەن ئېيتىقۇچى، ئوزىگە قاتتىق ئىشەنگەن، ئوز مەقسەتلىرىگە قارشى بولغان ھەرقانداق توسالغۇنى ئالدىدىن نېرى قىلىشتا ۋاستە تاللاپ تۇرماستىنلا، خالىغان قولايلىقلاردىن پايدىلىنىش سەنئىتىنى پۇختا ئىگەللىگەن، نەزىرىمدە "يىقىلماس گىگانت"، "قۇدرەتلىك تۈۋرۈگىم" دەپ ئىشەنگەن ئەخمەت چاڭجاڭ غىلاجىدىن شۇجى كېلىپ بەشىنچى ئايغا قەدەم قويغاندا بارغانسېرى جۇدىگىلى تۇردى. توق-سېمىز، پاقىراپ تۇرىدىغان يۈزلىرى ئەمدى سولاشقان ئالمىدەك خۇنۇك، چېھرىسىدىكى مەنمەنلىك-شاتلىقنىڭ ئورنىنى ئەمدى قانداقتۇ ئازاپ-ھەسرەت ئىگەللىگەن. ئۇ تېخىمۇ كوپ ئىچىدىغان ۋە چېكىدىغان بولۇپ قالغاچقا، قاپاقلىرى تېخىمۇ ئىششىپ خالتىلاشقان ئىدى. گەرچە ئوزىنى ھەرقانچە خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىۋاتقان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ھەسەتخور، بىسەرەمجانلىقى بىر بىرىدىن چېنىپ تۇراتتى. چىدىماق تەستە، مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىدىن تارتىپ ئون بەش يىل باشقۇرغان بۇ كارخانا ئۇنىڭ خۇسۇسى ئىگىلىگىدەكلا بولۇپ قالغان ئەمەسمۇ؟ ئوزى بەگ-ئوزى خان، نىمە قىلىمەن دىسە ئىختىيار... ئەمدى "غىلاجىدىن" ئىسىملىك ئەرزىمەس بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ ئاستىغا سۇ قۇيۇشقا جۇرئەت قىلىۋاتىدۇ. ئۇ بۇنىڭغا قانداقمۇ چىداپ سۈكۈت قىلىپ تۇرالىسۇن.

ئەخمەت چاڭجاڭمۇ جىم ياتمىغان ئىدى. مېنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىشچىلار بىلەن بولۇۋاتقان قويۇق مۇناسىۋىتىگە ھەر خىل يوللار ئارقىلىق توساق سېلىشقا ئۇرۇنۇپ كوردى. لېكىن بۇدا ئۇنىڭ ھەممە ئۇرۇنۇشلىرى نەتىجىسىز بولۇۋاتاتتى.

غىلاجىدىن شۇجى ئۇ كۈنى زىياپەتنى بىر تېيىن قىلىپ، يىغىننى ئېچىشقا مۇۋەپپەق بولدى. بۇ ئىشنى مەن ئەخمەت چاڭجاڭغا يەتكۈزگىنىمدە، ئۇ ئېغىر بىر خۇرسىنىپ قويدى-دە:

— ئۇ يامان يەردىن تۇتۇپتۇ. قاتناشماي بولمايدۇ، بولمىسا بىز پاسسىپ ئورۇنغا چۈشۈپ قالىمىز، — دېدى.

شۇ كۈندىكى يىغىندا، كارخانا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالغان پارتىيە تۇرمۇشى ئەسلىگە كەلتۈرۈلدى. ئاندىن مەدەنىيەت ئىنقىلابىغا دائىر تېخىچە قول تەگمىگەن مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش، قىيىنچىلىقى بار ئىشچىلار ئائىلىسىگە ياردەم بېرىش، كارخانىدىكى ئىشچىلارنىڭ خوجايىنلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇش، كارخانىنىڭ ئۈسكۈنە-سايمانلىرىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، ئېلېكترلەشتۈرۈش، تېزدىن ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنى قاراپ چىقىش، ئىش كۈتۈپ تۇرغۇچىلارنى ياشانغانلارنىڭ ئورنىغا سەپلەش، تېخنىكا كۇرسلىرىغا ياشلارنى تەشكىللەش... قاتارلىق ناھايىتى مۇھىم ۋە زورۇر بولغان پىلان-تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇلاردىن مۇھىم بولغان بىرقانچىسىنى شۇ يەردىلا قارارلاشتۇردى. ئۇ ئاخىرىدا بۇ ئىشلارغا توسالغۇلۇق قىلغۇچى كۈچلەرنىڭ يېمىرىپ تاشلىنىدىغانلىقىنى كەسكىن ئەسكەرتتى، بولۇپمۇ ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئالاھىدە پۇراتتى...

ئەخمەت چاڭجاڭ بىلەن ئىككىمىز شۇ كۈنى قوقاسقا دەسسەپ



ئولتۇرۇپ يىغىننى ئاران تۈگەتتۇق. ئەكسىچە ئون ئىككىدىن ئارتۇق پارتىيە ئەزاسىنىڭ قەلبى شاتلىنىپ، چېھرىسىدە ئاجايىپ پارلاق بىر بەخت نۇرى چاقناپ كېتىشتى.

## 7

قاش قارىيىپ، ئاسماندا يۇلتۇزلار كورۇنۇشكە باشلىغان چاغ. باھار شامىلى دەرىزىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئەمدىلەتىن يېشىلىشكە باشلىغان سوگەت شاخلىرىنى مەيىنغىنا ئىغاڭلاتماقتا. ناھايىتى پۇزۇر ياسالغان ئويۇمنىڭ نەپىس ئېپەكتىن ئىشلەنگەن دەرىزە پەردىلىرىنى ئىككى تەرەپكە پات-پات قايرىپ تۇرماقتا.

مەن دەل دەرىزە تۈۋىدە ھېساۋات خاتىرەمنى ۋاراقلاپ ئولتۇراتتىم. بېشىم زىڭىلداپ ئاغرىماقتا ئىدى: ”بۇ غىلاجىدىن دېگەن ئەجەپ يامان يەرگە ئېسىلدى، سالجى ئىكەنغۇ بۇ، سالجى، ھىم، ئەخمەت چاڭجاڭمۇ بىر تېيىن بولۇپ قالامدۇ، قانداق؟ مۇھىمى...“ ئەنە شۇنداق ۋەھىمىلىك خىياللاردىن باش كوتىرەلمەيدىغان بولۇپ قالدىم. گەپ ئاشۇ ”مۇھىم“غا بېرىپ تاقالغاندا، نېرىسىنى تەسەۋۋۇر قىلىشقا قورقاتتىم. ”يامان ياماندىن قورقار، كەتمەن ساماندىن“ دېگەندەك، ھازىر ئەخمەت چاڭجاڭنىڭمۇ دىمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، راستىنلا ئۇ ئەگەر ئورۇلۇپ كەتسە، مېنىڭمۇ تۈگەشكىنىم شۇ.

ئايىلىممۇ چىنە-قاچىلارنى تازىلاپ-يۇغۇشتۇرۇۋەتتى-دە، ماڭا ئەندىكىپ قاراپ قويۇپ، بالىلارنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن نېرىقى ئويگە چىقىپ كەتتى. ئاتمىش ۋاتلىق لامپۇچكا سەرەمجانلىقى بىلەن

شەھەر بويىچە داڭ چىقارغان چوغدەك زىننەتلىۋېتىلگەن بۇ ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرىغىچىلىك يورۇتۇپ تۇراتتى. شۇ ئەسنادا بىردىنلا ئىشىك ئېچىلدى-دە، خۇددى مېنىڭ خىياللىرىمنى بىلگەندەك، كۆزلىرىدە گويا قامالدا قالغان يىرتقۇچنىڭ قۇتۇرىشىنى ئەسلىتىدىغان ئەلەملىك ئوتلار چاقنىغان، چىرايى جىددىيلىشىپ كەتكەن ئەخمەت چاڭجاك كىرىپ كەلدى. مەن ئورە-تۇرە بولغان ھالدا ئۇنى سافاغا تەكلىپ قىلدىم. ئۇنىڭغا بىر تال تاماكا سۇندۇم-دە، ئۈنچۇقماستىن تىكىلىپ تۇردۇم.

— مەرۇپ، — دېدى ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ماڭا گويا ئۇدۇلدىن سىنىماقچى بولغاندەك قاراپ، — ھازىرقى ئىشلارغا قانداق قارايسەن؟

— ...

مەن دەرھال جاۋاپ بېرەلمىدىم، راست گەپنى ئېيتاي دېسەم، چاڭجاكنىڭ كۆڭلىنى ئايايمەن. يالغان سۆزلەي دېسەم غىلاجىدىنىنىڭ ئۈستۈنلۈكتە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ سېزىپ تۇرۇپتۇ. خىيالىمنى بىلگەندەك يەنە ئۆزى سۆزلىدى.

— ئۇ ئۆز ئىشىنىڭ غەلىبە قىلىشىغا قاتتىق ئىشىنىدۇ. ئارتۇق يېرى شۇ يەردە، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق چاڭجاك!...

— يەنىچۇ، يەنە قانداق ئارتۇقچىلىقى بار؟

— ...

— دوت! — دېدى ئۇ بىردىنلا تېرىككەن ھالدا ۋە مەسخىرە ئارىلاش ئاچچىققىنا كۈلۈپ. — ھەر ئىككىمىز دوتلۇق قىلىۋاتىمىز، بىلىپ قوي، ئۇنىڭ بىزدىن ئارتۇقلۇق قىلىۋاتقان مۇھىم يېرى — ئۇ، ئۆز نەپسىنى كۆزلىمەيدۇ. ئەڭ غۇربەتچىلىك تۇرمۇشقىمۇ چىدامىلىق-



سەۋرىچان، شۇڭا بىزنىڭ ئۇنى ئۆز تەرىپىمىزگە تارتىش ئۈچۈن قىلغان بارلىق چارىلىرىمىز بەربات بولۇپ، ئۇ، كىشىلەر نەزىرىدە ساپ دىل ئادەم بولۇپ مەيدانغا چىقىشقا مۇۋەپپەق بولدى.

— توغرا، توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدىم مەن ھېچبىر قولاشمىغان ھالدا.

— سەن ئەقلىڭنى تازا ئىشلەتمەيسەن، مېنىڭ سايەمگە ئوخشاي-سەن، ئەگەر شۇنداق بولمىغىنىڭدا ئىدى، ئۇنى ئاللىقاچان چارىسىز قالدۇراتتۇق.

— مەندە نىمە گۇنا بار دەيسىز؟ ئەزەلدىن سىزگە سادىقمەنغۇ؟!

— شۇنداق، سادىق بولۇپ كېلىۋاتىسەن، لېكىن سايەم بولۇپ كېلىۋاتىسەن. مېنىڭ يېقىلىشىم بىلەن سەنمۇ تۈگەيسەن، شۇڭا مېنىڭ يېقىلماسلىقىمنى ئارزۇ قىلامسەن؟

ئۇنىڭ ئېيتقانلىرى راست ئىدى. ئۇنىڭ ئىچى تار، مەن-مەنچى، قىتىغۇر مىجەزى مېنىڭ مۇستەقىل ئىشلىشىمنى ھامان چەكلەپ تۇراتتى.

— ئارزۇ قىلمامدىغان، سىز مېنىڭ ئاتامسىز چاڭجاك.

— ئانداق بولسا، بۇ گەپنى ناھايىتى خۇپىيانە تۇت! قارا، ئۇ ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ يەردىن كېتىدۇ. سەن چاڭجاك بولىسەن، مەن بولسام شۇجى. بۇنى پات ئارىدا كۆرىسەن.

ھەيران قالغانلىقىمدىن ئاغزىم ئېچىلىپلا قالدى. ئۇنىڭدىن ھەرقانداق ئىشنى كۈتۈش مۇمكىن، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ خىل ماھارىتى تالاي قېتىم ئىسپاتلانغان. لېكىن غىلاجىدىنىدەك تەدبىرلىك، ئىرادىلىك ئادەمنى قانداقمۇ يوتكىيەلىسۇن. چۈنكى ئۇنىڭ ئابرويى كارخانىدىلا ئەمەس، ھەتتا ۋىلايەتكىمۇ داڭ چىقاردى. باشقىلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇنى قوللاۋاتسا، ماختاۋاتسا، ھەي، بۇ بىر خىل خام خىيالغۇ.

ھىلىگەر، تۈنۈگۈن باشلىغىم ئويلىغانلىرىمنى تۇيۇپ قالدى بولغاي ئەتىمالىم، ئۇ دىدى:

—سەن ئىشىنەلمەيۋاتىسەن-ھە!؟ قاراپ تۇر، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. مەن ئۇنىڭغا يۇمشاق-قاتتىق ۋاستىلەر ئارقىلىق يۈزمۇ-يۈز تاقابىل تۇرالمايدىغانلىقىمنى چۈشەنگەندىن كىيىن، باشقا بىر يولنى يەنى ھىلىقى ئىشەنچىمىزگە تايىنىپ، بۇ يەردىن يوتكىتىشتىن ئىبارەت چارىنى تالлىۋالدىم. ئىش پۈتتى. باشلىق بۇ ئىشنى ئاللىقاچان توغرىلاپ بولدى. ئۇ چوقۇم كىتىدۇ، شۇنىڭغىچە...

مەن ھوشيارلاندىم. "ۋاي ھىلىگەر-قاقۋاش، ئۇزۇندىن بىرى ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق-ئاشكارا قارشىلاشماي، جىمجىت ھالدا بىشىڭنى ئىچىڭگە تىقىپ يۈرۈشىڭدە بىر گەپ بار ئىكەن-دە..." دىگەنلەرنى كوڭلۈمدىن كەچۈردۈم.

—ئەگەر بۇ پىلانىڭىز ئەمەلگە ئاشسا نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى-ھە!

—چوقۇم، خوشال بولامسەن؟

—قىزىقكەنسىز، نىمىشقا خوشال بولمايدىكەنمەن؟

—ئانداق بولسا،—ئۇ بىردىنلا ئاۋازىنى پەسلەتتى،— ئۇ كىتىپ بولغىچە ئىرادەڭنى بوشاشتۇرما، مادارا قىلىپ تۇرايلى، ئۆزەڭ بىلىسەن، بىزنىڭ ئەجەللىك يىرىمىز ھىلىقى قولغا ئىلىنغان تۈرەخمەت ۋە ئۇنىڭغا ئارتىلغان سەككىز مىڭ يۈەن قىممىتىدىكى ئىقتىسادىي ئىشلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك. بۇنى بىر سەن ۋە بىر مەن بىلىمەن. بۇ ئىشلار ئۆز ۋاقتىدا سىنى ۋە مىنى بەختلىك قىلغان. ئۆزەڭ چۈشىنىسەن، دۇنيادا دوست-يارانسىز ئىش قىلىش قىيىن. بۇنىڭ



ئۈچۈنمۇ پۇل كىرەك. ئاشۇ پۇللارنىڭ بىر قىسمىنى دوست-يار تۇتۇش ئۈچۈن ئىشلەتتۇق. مانا ئەمدى شۇ دوست-يارەنلەر بىشىمىزغا خەۋپ سالغاندا، قول قىلىچ بولۇپ ياردەم كورسىتىپ تۇرۇپتۇ. ھەممىمىز ئىنسانمىز، ھەممىمىزدە گال-نەپىس بار. ئادەم بۇنىڭسىز قانداق ھايات كەچۈرەلىسۇن ئۇكام،—ئۇ تاماكىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى-دە، سوزىنىڭ ئاخىرىسىنى داۋاملاشتۇردى،—ئۇكام، ھازىر غىلاجىدىن ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئىپىنقلاش بانىسى بىلەن كانىيىمىزغىلا ئىسىلدى. بۇ ئارقىلىق بىزنى تىپىپ تاشلاپ، كارخانىدا ئۆزى يالغۇز ھوكۇم سۈرمەكچى بولۇۋاتىدۇ. ئىشچىلارمۇ: "تۈرەخمەت ناھەق كىتىپ قالدى، ئۇنىڭ قولغا ئىلىنىشىدا گۇمان بار" دىگەن ئىنكاسلارنى قىلىپ يۈرگۈدەك. بۇ ئىش چىڭ يىرىگە چىقىپ قايتىدىن تەكشۈرۈلمەكچى. لىكىن سەنلا چىڭ تۇرالىساڭ، ھىچقانداق خەۋپ يوق، قانداق، چىڭ تۇرالامسەن؟

گەرچە بۇ گەپلەردىن يۈرىكىمدە ئاللىقانداق دەھشەتلىك ۋەھىمىلەر پەيدا بولۇپ، ۋىجدان ئەگلىكىدە تاسقىلىۋاتقان بولسامۇ، لىكىن ئۆزەمنىڭ ھاياتىمنىڭ بۇ ئىشقا ئاجرالماس بولۇپ باغلىنىپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ يەتتىم-دە، ئۇنىڭغا ھىسسىز ئىتقا ئوخشاش ساداقەت بىلدۈرۈپ ماقۇللۇق ۋەدەمنى بەردىم.

## 8

غىلاجىدىن شۇجى مىنىڭ ئويۇمگىمۇ ئەمدى تارتىنماستىن پات-پات كىرىپ تۇرىدىغان، باللىرىمنى كورگەندە يات كورمەي باش-كوزلىرىنى سىلاپ ئەركىلىتىدىغان بولدى. مەن دەل ئاشۇ ئىشلار-

دىن قورقاتتىم، چۈنكى ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىلىرى مېنىڭدىن سىر ئېلىشنىڭ تەدبىرىمۇ ياكى راستىنلا بىر ساپ نىيەتلىك كوممۇنىستنىڭ ئاممىۋى خىزمەت ئۇسۇلىمۇ؟ مېنىڭچە ئۇنىڭدا ھەر ئىككىلا مەقسەت مەۋجۇتتەك ئىدى. لېكىن ھەر ھالدا ئۇ بۇلارنى بىرەر شەخسىي غەرەز، شەخسىي نەپ ئېلىش نىيىتىدە ئەمەس، بەلكى خىزمەت ئېھتىياجى تۈپەيلىدىن قىلىۋاتاتتى. قىلغاندىمۇ قانداقتۇ بىر خىل ھىلىگەرلىك ياكى پوپوزا بىلەن ئەمەس، ئوچۇق-تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن قىلاتتى. مەن بەزىدە ئۇنىڭ ئاشۇنداق غەرەزسىزلا، كىشىنى ئىختىيارسىز ئۆزىگە قايىل قىلىپ تارتىپ تۇرىدىغان خىسلىتىگە قاراپ ئېرىپ ئۆزەمنى يوقىتىپ قويغىلى، ھەممىنى بىر يولىلا سۆزلەپ، ئىچ-ئىچىمنى كۆيدۈرۈپ خاراپ قىلىپ كېتىپ بارغان ۋىجدان ئازاۋىنى بىراقلا تۈگىتىش خىيالىغىمۇ كېلىپ قالاتتىم. كەينىدىنلا ئەخمەت چاكچاكنىڭ دېۋىنىڭكىدەك دەھشەتلىك، خۇنۇك سايىسى كۆز ئالدىمدا پەيدا بولاتتى-دە، "ئىككى پۇتۇڭنى بىر ئۆتۈككە تىقىۋېتىمەن!" دىگەن قورقۇنچلۇق خىتابلىرى مېڭەمدە چاقماقلارنى چاقاتتى. "راستىنلا ئۆزەممۇ ئامان قالمايمەن!" مانا بۇ پىكىر مېنى ئارقامغا قايتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەخمەت چاكچاكمۇ مېنىڭ بۇ ھالىمنى بايقاپ تۇرغاندەك پات-پاتلا ماڭا "ماغدۇر دورىسى" بېرىپ تۇرىدىغان بولۇۋالدى.

بىر يەكشەنبە كۈنى غىلاجىدىن شۈجى ئۇشتۇمتۇت قېشىمدا پەيدا بولۇپ قالدى-دە، كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ھازىر جىگدە چېچەكلىگەن ۋاقىت، قىرغاۋۇل ئوۋلاشنىڭ ياخشى پەيتى. ئاڭلىسام ئوۋغا ناھايىتىمۇ ھەۋەسكاركەنسىز، مەنمۇ كىچىكىمدىن بۇ ئىشقا ئامراق. ئوۋلاپ كەلمەيمىزمۇ؟ موتوتسىكلىتىڭىز ساقتۇ؟ — دەپ سوراپ قالدى.



نېمە دىيەلەيسەن؟ ئۆزەمنى قاچۇرۇپ، ئۇنى تېخىمۇ گۇمانلاندۇرۇپ قويماسلىقىم ئۈچۈن ماقۇل بولدۇم. ئىككىمىز ئىككى ئوۋ مىلتىقىنى ئوقلىرى بىلەن تەييارلاپ، ئۇزاقى يىلى سېتىۋالغان موتوتسىكلىتىمگە مىنگىشىپ شەھەردىن 10—15 كىلومېتىر نېرىدىكى جاڭگاللىققا قاراپ كېتىشتۇق.

كېچە ياققان يامغۇردىن كېيىن ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن، ئاسماندا بىرئاز بۇلۇتمۇ يوق، پاقىراپ نۇر چېچىۋاتقان قۇياش، يامغۇردا يۇيۇلۇپ تازىلانغان دەل-دەرەخ، گىيالارنىڭ يوپۇرماقلىرى زۇمرەتتەك يالتىرايتتى. سەھەرلىك نەپىس پارلار سوزۇلۇپ، ئەتراپنى مىزىلىك خۇش ھاۋا قاپلاپ كەتكەن ئىدى. نەدىندۇر ئورمانلار ئارىسىدىن كاككۇكلار، ھەر خىل قۇشلار يېقىملىق تىللىرى بىلەن بۇ ھايات بەخش كۈنگە مەدھىيە ئوقۇماقتا ئىدى.

ئوۋلىرىمىز ناھايىتى كۆڭۈللۈك ۋە غەلىبىلىك بولدى. غىلاجىدىن شۈجى بىر يولى ئالتە دانە قىرغاۋۇل ئېتىۋالدى. مەنمۇ قۇرۇق قالمىدىم. ئۈچ قىرغاۋۇل، ئىككى توشقان ئېتىۋالدىم. ئوۋ شۇنداق كۆڭۈللۈك بولدىكى، غىلاجىدىن شۈجىنىڭ قىرغاۋۇلنى كۆرگەندە، پۈتۈن جان-جەھلى بىلەن ئومىلەپ يۈرۈپ قارىغا ئېلىشلىرى، ئېتىۋالغاندىن كېيىن ئوق تەككەن ئولجىلىرىنى تېپىۋېلىش ئۈچۈن خوشاللىق بىلەن بالىلارچە يۈگرەپ يۈرۈپ ئىزدەشلىرى ئاجايىپ قىزىقارلىق ئىدى. بۇ توڭ ۋە سىرلىق ئادەم ئەمدىلىكتە نىمانچە ئاددى ۋە سەممىمى-ھە!؟

شۇ كۈنى ئارىمىزدا ھېچقانداق تۈگۈن يوقتەك، شۇنداق يېقىنچىلىق پەيدا بولدىكى، قويۇۋېرىڭ، مەن شۇ كۈنى ئۇنى چىن دىلىمدىن ھۆرمەتلەپ قالدىم.

www.uyghurkitap.com

جاڭگالنىڭ يېنىدىن سوزۇلۇپ، ئۇزاقلارغا قاراپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئەزىم دەريانىڭ بويىغا كېلىپ چۈشلۈك قىلىشتۇق ۋە ھېرىپ كەتكەنلىكىمىزدىن بىرئاز يانپاشلاپ ئارام ئېلىشتۇق.

— يولداش مەرۇپ، — دېدى ئۇ سەممىمى بىر ئاھاڭ بىلەن، — سىزنىڭ بوۋىڭىزدىن تارتىپ ياغاچچى ئىكەنسىلەر-ھە؟!

— ھەئە، — دېدىم مەنمۇ سەممىمى نىيىتىم بىلەن جاۋاپ بېرىپ تۇرۇپ، — بولغاندىمۇ ناھايىتى ماھىر ئۇستىلاردىن بولغان، مۇشۇ شەھەردىكى ھازىرمۇ ساقلىنىپ قالغان، ئۆتمۈشتە باي-سودىگەرلەر تەرىپىدىن ياسىتىلغان قورا-جايلار، گۈزەل ئىمارەتلەر بوۋامنىڭ، دادامنىڭ چېۋەر قوللىرى بىلەن ياسالغان. لېكىن ئۇلار ناھايىتىمۇ ۋىجدانلىق، ئۆز كەسپىگە — ھالال مېھنىتىگىلا تايىنىدىغان، بايلارغا بېقىنماي مۇستەقىل ياشاپ ئۆتكەن ئىكەن.

بىردەمدىلا غىلاجىدىن شۈجىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ، ئۇشتۇمتۇت دېيىلگەن بۇ گەپلەرنىڭ مېنىڭ روھىي كەيپىياتىمنى ئەكس ئەتتۈرۈپ قويغىنىنى تۇيماي قاپتىمەن، ئۇنىڭ: "توغرا، مەنمۇ شۇنداق ئاڭلىغان ئىدىم. دادىڭىز ھەقىقەتەنمۇ غۇرۇرى بار، توغرا يول بىلەن ياشاشنى ئۆزىگە ئېتىقات قىلغان ئادەم ئىدى، دېيىشىدۇ. ئۇنىڭ قۇرداشلىرىمۇ توغرا، مۇستەقىل بىر يولنى تاللاپ ياشىشى، ھەرگىز بىر شەخسكە، بىراۋنىڭ ئىلتىپاتىغا تايانماسلىقى، تەقدىرىنى ئۆتكۈزماسلىقى كېرەك. كىمەركى شۇنداق قىلىدىكەن، ئاخىرى ۋىجدانىنى يوقىتىدۇ-دە، ئۆزىنى ھالاك قىلىدۇ" دېگەن يېقىملىق ۋە تەسىرلىك سۆزلىرىدىن چۆچۈپ كېتىپ ھوشۇمغا كەلدىم: "ماڭا دەۋاتمايدىغاندۇ، ھە؟!" — دېگەنلەرنى كۆڭلۈمدىن ئۆتكۈزۈپ، كۆز قىرىمنى ئۇنىڭغا تاشلىدىم. ئۇ بولسا ئۇيچان ھالدا دەريانىڭ شاقىراپ ۋە ئۇزاقلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقان ئېقىمىغا نەزەر سالغان ھالدا بىرئاز سۈكۈتكە چۆمدى.



ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەق ئىدى. دادام رەھمەتلىكمۇ بىزگە دائىم شۇنى دەيدىغان. ئەينى ۋاقىتتا دادامنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىغان بۇ گەپلەر ئەمدى غىلاجىدىن شۈجىنىڭ ئاغزىدىن چىققاندا خىجالەتتىن تەرلەپ كەتكەندەك بولدۇم. تۇرەخمەت كويىجى، تۇرمە، پۇل-جاھازلار، بەزمە-زىياپەتلەر، جاپالىق كەسىپ بىلەن ياغاچتىن خەشەك چىقىرىپ ئىشلەۋاتقان كەسىپداشلىرىم كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالدى...

— مەرۇپ، ئۇزۇندىن بېرى سىزدىن بىر نەرسىنى سوراي دەۋاتاتتىم، لېكىن پۇرسەت چىقمىدى. چىققان بولسىمۇ كۆڭلۈمدىكىنى ئوچۇق-يورۇق ئېيتالمىدىم. توغرا جاۋاپ بەرسىڭىز. كۆپىنچە كىشىلەر: "تۇرەخمەت ناھەق كېتىپ ئۇۋال بولدى، بۇنىڭدا بىر سىر بار، بۇ سىرنىڭ ئاچقۇچى بىر كىشىدە" — دېيىشىدۇ. بۇ راستىمۇ؟ سىزنىڭچە بۇ سىرنىڭ ئاچقۇچى كىمدە بولۇشى مۇمكىن؟

بېشىمدىن بىر قاپاق سۇ قۇيغاندەك تېنىم شۈركىنىپ كەتتى. ئۇۋنىڭ خۇشال كەيپىياتىمۇ نەلەرگە كەتتى-دە، يەنە ئەسلىدىكى ھالىمغا قايتىشقا باشلىدىم.

— ياق، بىلمەيمەن! — دېدىم مەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرغان ھالدا. — تۇرەخمەت راستىنلا خىيانەت بىلەن قولغا ئېلىنغان. بۇنىڭدا قىلچە شەك يوق. كىشىلەر ھەرنىمە دەۋېرىدۇ. مەن ئۇ گەپلەرگە ئىشەنمەيمەن!

غىلاجىدىن شۈجى كۆرۈلۈپ باقمىغان بىر غەمكىنلىك بىلەن شۇنداق دېدى:

—ھەرھالدا ھەممىمىز بىر ئويلىنىپ كۆرسەك بولىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن تۇرەخمەتنىڭ مەسىلىسى — ھايات-مامات مەسىلىسى، بىر ھەق-ناھەق مەسىلىسى. ئەگەر ئۇنىڭ جىنايىتى راستلا بولسىغۇ مەيلى، لېكىن ئازراقلا تۆھمەت ئارىلاشقان بولسا، ئۇنىڭغا ئۇۋال ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭمۇ ئۇششاق بالىلىرى بار-دە!...

ئۆزەم سۈنئىي ھالدا يىراقلىشىۋاتقان بۇ ئادەمنىڭ يۈرىگىدىن ئۇرغۇپ چىقىۋاتقان، سالمىقىنى مولچەرلەش قىيىن بولغان ئىنسانىي پەزىلەتلىك خاراكتېر ئالغان سۆزلىرىگە ئەمدى ئارتۇقچە چىدىيالماسلىغىمنى، ئاخىرغىچە ئاڭلىسام، ۋىجدان چاقمىقىنىڭ يالقۇنلىرىدا كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىشىمنى پەملەپ، تېزدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. گەپنى ئاخىرلاشتۇرماقچى بولۇپ:

—غىلاجىدىن شۈجى، كەچ كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئەنە بۇلۇتلارمۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ، يامغۇردا قالمايلى يەنە، — دېدىم.

—راستىنلا بۇلۇت پەيدا بولۇشقا باشلاپتۇ، قايتساق قايتايلى، — دېدى ئۇمۇ ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ ۋە يەنە شۇنى قوشۇمچە قىلدى:

—ھەرھالدا سىز يىراققا نەزەر سېلىڭ!

موتۇتسىكلىت گۈرۈلدەپ ئوت ئېلىشى بىلەنلا ھاۋا تۇتۇلدى-دە، قاراسلاپ چاقماقلار چېقىلىپ قالدى. ئاندا-مۇندا چۈشكەن يامغۇر تامچىلىرى ئاستىدا ئۇۋدىن قايتتۇق...

## 9

ئەخمەت چاڭجاڭنىڭ ئۆتكەندە مېنىڭ ئۆيۈمدە ئېيتقانلىرى رىياللىققا ئايلاندى. شۇنىڭدىن بىر ئاي كېيىنلا، ناھىيىنىڭ، غىلاجى-



دىن شۈجىنى يۆتكەش ئۇقتۇرۇشى چىقتى. بۇ خەۋەر پۈتۈن كارخانىنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈۋەتتى. غىلاجىدىن شۈجىنىڭ كېلىشى بىلەن ئومۇمىي بىر خۇشاللىققا ئېرىشكەن كارخانىدىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولۇشتى. قىسقىغىنا سەككىز ئاي ۋاقىت ئىچىدە "مۈرەككەپ ۋە چىگىش ئورۇن" دەپ قارالغان بۇ قورغان ئاشۇ قەيسەر ئادەم تەرىپىدىن ئىگەللەنگەن، قالايمىقانچىلىقلار ئوڭشىلىپ، ئىشچىلارنىڭ ھەقىقىي ئارزۇسى ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان، قىسقىسى ئۇنىڭ تۆھپىسى جامائەتچىلىكنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورۇنلاشقان ئىدى. شۇڭا كۆپچىلىكتىن غۇلغۇلا چىقىشقا باشلىدى.

—كارخانا ئەمدىلەتىن ئوڭشىلىۋاتقاندا ئۇنى نەگە ئېلىپ كەتمەكچىكەن؟

—كارخانىنى يەنە بىر بۇلۇك نەپسى يوغانلار ئىگەللەيدىكەن-دە!

—ھەممىمىز ناھىيىلىك پارتكومغا بېرىپ ھال ئېيتىپ، ئۇنى ئېلىپ قالساقمىكىن!

ھەتتا مەنمۇ ئۇنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىدىن ناھايىتى بىئاراملىق ۋە خىجىللىق ھېس قىلىشقا باشلىدىم، چۈنكى، ئۇنىڭ يۆتكىلىپ كېتىشىدىكى قۇۋلۇق-شۇملۇقتىمۇ مېنىڭ ھەسسەم بار-دە. بۇ ئىشقا كارخانىمىزدا پەقەت بىرلا ئادەم — ئەخمەت چاڭجاڭلا خۇشال ئىدى. شۇ پەيتتە ئۇ، ھەقىقەتەنمۇ خۇشاللىقىنى باسالمىغان ھالدا دەرھاللا ئوتتۇرىغا چىقتى.

—يولداشلار! — دەيتتى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە بىگىز قولىنى ئادىتى بويىچە جوڭۇپ تۇرۇپ، — نېمە داۋراڭ بۇ؟ بۇ دىگەن پارتىيىنىڭ قارارى. تەشكىل ئۇنى "ئىشلىيەلمىدى" دەپ يۆتكىگىنى يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ توھپىسىنى باھالاپ، ئۇرۇمچىگە — قول - سانائەت ئىدارىسىگە ئۇستۇرۇپ يوتكىدى. ئۇ يەردە تېخىمۇ چوڭراق توھپە قوشالايدۇ ئەمەسمۇ؟ قارشى ئېلىشىمىز كېرەكتە!

ئىشچىلارمۇ بوش كەلمىدى.

— يوتكىلىشكە تېگىشلىكلەرنى يوتكىسۇن!

— بىزگە قۇرۇق گەپچى، ئەجدىھالارنىڭ كېرىكى يوق، ھالال ئىشلىگۇچىلەر كېرەك.

بۇ تالاش - تارتىشلارغا نېرىدا زەڭ قويۇپ تۇرغان غىلاجىدىن شۇجى چاندۇرماستىن روھلۇق ھالدا كوپچىلىكنىڭ قېشىغا كېلىۋاتاتتى. گەرچە ئۇنىڭ چىرايى خاتىرجەم كورۇنسىمۇ، لېكىن ماڭا نىمىشقىدۇ بىرئاز غەمكىن — پۇچۇلغاندەك بىلىندى.

ئۇنىڭ بۇ يەردىكى ۋەزىپىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا قىلچە ئوكۇنمەيدىغانلىقىغا ئىشەنچەم كامىل. چۈنكى ئۇنىڭ ماڭا بەش قولدەك ئايان بولغان ئىنقىلاۋىي پەزىلىتى بۇنداق خىياللاردا بولۇشقا يول قويمايتتى. ئۇ قەيەرگىلا بارمىسۇن، خالىس، توغرا خىزمەت ئىستىلى بىلەن گۈللەپ ياشنىيالايتتى ۋە يېڭى جايغا ئۇزلىشىپ چوڭقەلەيتتى. لېكىن ئۇنى بىئارام قىلىۋاتقىنى، ئەمدى باشلىغان ئىشنىڭ ئاخىرىغا چىقالماي قېلىشى ئىدى. ئۇ ھازىرقى ئىشلارنىڭ سەۋەپلىرىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەنلىكىن كۆتۈلمىگەندە كېلىپ تەككەن بۇ زەربىدىن ئانچىلا ئىسەڭكىرەپ كەتمىدى. مۇشۇ ئۇقتۇرۇش چىقىشتىن ئون بەش كۈن بۇرۇن، ئۇنى دىۋىيى تەشكىلات بولۇمىدىن چاقىرىشتى. قەۋەتلىك بىنانىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان تەشكىلات بولۇمى يەنى دىڭ بۇجاڭنىڭ ئىشخانىسى ھەشەمەتلىك، پاكىز ۋە ناھايىتى سەرەمجان ئىدى. ئۇزىمۇ ناھايىتى پاكىز ۋە



روھلۇق تۇرقى بىلەن غىلاجىدىن شۇجىنى قارشى ئالدى.

— ۋاقتىدا كەلدىڭىز، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە ئۇنى سافاغا تەكلىپ قىلغاچ تاماكا سۇندى، — سىز بىلەن ئازراق سوزلەشمەكچىمەن.

غىلاجىدىن شۇجى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان تاماكىنى قۇتىغا سېلىۋېتىپ رەنجىشنى يوشۇرمىغان ھالدا، ئۇنىڭ خاتىرجەم، مەزمۇت ئولتۇرغان گەۋدىسىگە سوغۇققىنا نەزەر تاشلاپ قويدى-دە، بىرئاز ياقتۇرماسلىق، كەمسىتىش تەلەپپۇزى بىلەن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقاردى.

— ئاڭلىسام كارخانىدا خېلى ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپسىز، بۇ بىر ياخشى تەرىپىڭىز. بىراق، بىر نەرسىگە دىققەت قىلمىغانسىز، يەنى ئوزىڭىزنىڭ ۋەزىپە دائىرىسىدىن بىر تەرەپلىمە ھالدا ھالقىپ كونا كەسپىي خادىملارنىڭ ھوقۇقىغىمۇ چاڭ سېلىپ، ئۇلارنى پالاچ ھالغا چۈشۈرۈپ قويۇپسىز، توغرىمۇ؟

غىلاجىدىن شۇجى بۇ سوزلەردىن بىر يۈرۈش قەستلىشىشنىڭ ھىدىنى سەزدى.

— ياق! — دېدى ئۇ دېدىل ۋە كەسكىن ھالدا رەت قىلىپ تۇرۇپ. — مەن ئوزەمنىڭ بىر كوممۇنىستلىق بۇرچۇمنى بىرقەدەر ۋىجدانلىق ئادا قىلدىم دەپ بىلىمەن، ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ ھوقۇقىغا چاڭ سالمىغانمەن!

— بۇ پەقەت سىزنىڭلا پىكرىڭىز! — دېدى دىڭ بۇجاڭ تىرىككەن ھالدا ئەلمىنى تاماكىدىن ئالماقچى بولغاندەك قاتتىق شوراپ تۇرۇپ، — لېكىن بىزدىمۇ ئادالەت دېگەن تارازا بار، ئىشلارنى ئولچەپ تۇرىدۇ. بەزى ئىشلاردا ھەقىقەتەنمۇ ئوزبېشىمچىلىقىڭىز

بىلەن تەشكىلىي ئىنتىزامغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزدىڭىز. شۇڭا سىزنى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنغا — ئاپتونوم رايونلۇق قول سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ مەلۇم باشقارمىسىغا مەسئۇللۇق ۋەزىپىسى بىلەن يوتكىدۇق. پىكرىڭىز يوقتۇ؟ ھەرھالدا بۇ قارار! تەقسىمات ۋە ئىنتىزامغا بويسۇنۇشىڭىز كېرەك!

— يوتكىلىشكە پىكرىم يوق! مەن پارتىيە ۋە خەلقنىڭ بىر كالىسى — مۈلكىمەن. لېكىن كارخانىدىكى ئىشلار چالا، يەنە بىر يىلدىن كېيىن يوتكەلسەم.

— سىز پارتىيىگە ئىشەنمەمسىز؟ — زاڭلىق ئارىلاش سورىدى قوش ئىڭەكلىك، يۈزلىرى كېلىشكەن گەۋدىسىگە ئاجايىپ سىن قوشۇپ تۇرغان دىلىك بۇجاڭ، — سىز كەتسىڭىز يەنە پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي خادىملىرى بىلەن كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ئاممىا قالىدۇ. سىز، «مەن بولمىسام سوتسىيالىزمنىڭ چاقى چوگىلىمەي قالىدۇ» — دەپ ئويلامسىز. يا؟ خاتالىشىڭىزمۇ دەل ئەنە شۇنداق «مەن-مەن»لىكىڭىزدىن كەلگەن. بۇ — قارار! تەييارلىنىڭ!

غىلاجىدىن شۇجى ئارتۇقچە قارشىلىشىشنىڭ ھازىرچە پايدىسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. «مېنى گۇمانلاندۇرماسلىق ئۈچۈن دەردىمنى ئۇستۇرگەن، يىراقلىتىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايون تاجىسىنى كىيدۈرگەن، نېمە دېگەن ئۇستىلىق-ھە! «دېگەنلەرنى خىيالىدىن كەچۈردى ئۇ. ئۇ يەنە مۇنۇلارنىمۇ ئويلىدى: ھازىر بۇنداق بولۇۋاتقانلار يالغۇز مەنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ناھىيىلىك پارتكومنىڭ بىرىنچى شۇجىسى لاۋيەنمۇ، يەرلىك پارتكومنىڭ ئىككىنچى شۇجىسى لاۋخەيمۇ ۋە باشقا بىرقانچىلارمۇ يىراق-يىراق جايلارغا يوتكىلىشتى، بۇ ئىشلار بىر ئېقىم تۇسىنى ئالماقتا.



ئۇ، ھېچنەرسە بولمىغاندەك ئورنىدىن خاتىرجەم تۇردى-دە دىلىك بۇجاڭغا ھېچقانداق پوزىتسىيە بىلدۈرمەستىن، مەردانە قەدەم تاشلىغان ھالدا قايتىپ چىققان ئىدى... غىلاجىدىن مانا شۇ ئىشلارنى يەنە بىر ئەسلىدى-دە، غۇلغۇلا قىلىشىۋاتقانلارنىڭ قېشىغا كېلىپ تەسەللى ئېيتتى:

— بولدى يولداشلار! غۇلغۇلا قىلىشمايلى، مېنىڭ يوتكىلىشىممۇ ئىنقىلابنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن. يەنە پارتىيە رەھبەرلىكى قالىدۇ ئەمەسمۇ؟ پارتىيىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. مەن سىلەرنى ئەسلەپ تۇرىمەن، يىراقتا بولساقمۇ خەت-ئالاقە قىلىپ تۇرايلى.

ئۇ ماڭىدىغان چاغدا پۈتۈن كارخانىدىكىلەر ئايرىلىشقا قىيالماي كوز يېشى قىلىشىپ ئايرۇدۇرۇمغىچە ئۇزىتىپ چىقىشتى.

مەن گەرچە ئايرۇدۇرۇمغىچە چىقالمىغان بولساممۇ، ئاخىرقى ئايرىلىش پەيتىدە قولۇمنى قىسىپ «خەير يولداش مەرۇپ، يەنە كورىشەرمىز، ئەسلىشىپ تۇرۇشايلى، ھەرھالدا ھېلىقى سوزۇمنى ئېسىڭىزدىن چىقارماسسىز» — دېگەن سوزلىرى مەندە قانداقتۇ چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى-دە، كوزلىرىمدىن ئىختىيارسىز ياش توكۇلگەن ئىدى.

## 10

غىلاجىدىن شۇجى كەتكەندىن كېيىنلا، پۇرسەت كۈتۈپ تۇرغان ئەخمەت چاڭجاڭ دېگەندەكلا ئىدارىگە شۇجى بولدى، مەنمۇ «چاڭجاڭ»لىق ۋەزىپىنى ئوتكۈزۈۋالدىم.

گەپنى قىسقا قىلسام، بىزنىڭچە كوڭۇللۈك كۈنلەر قايتىپ كەلگەن-

دەك بولدى. غىلاجىدىن شۇجىنىڭ تەسىرىنى پاك-پاكىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ كارخانىنى ئاۋالقىدىنمۇ بەتتەر ھالغا كەلتۈردۇق. يەنە شۇ نامۇۋاپىق خىزمەت ئۇسۇلى، بۇلارنى يېپىپ تۇرغىنى زىيापەت، سوغات ۋاھاكازالار... ئەخمەت شۇجى تېخىمۇ كېرىلىپ ھېچكىمنى كوزگە ئىلمايدىغان بولدى. غىلاجىدىن شۇجى كەلگەندە، ئۇزىنىڭ ئۈستىدىن پىكىر بەرگەنلەر بىر-بىرلەپ بوشىتىلدى ياكى ئۇلارنىڭ ئەدىۋى بېرىلدى. قىسقىسى ئىشلار يەنە ئارقىسىغا يېنىشقا باشلىدى.

مەن ئاۋال قانداق بولغان بولسام يەنە شۇ پېتىم قالدىم، يەنى "چاڭچاك"لىق چاپىنى كىيدۈرۈلگەن بىر غالچا ئىدىم. مەن چاڭچاك بولغاندىن كېيىن ئەخمەت شۇجىنىڭ تويماس نەپسى، نامۇۋاپىق تەلەپلىرى-بۇيرۇقلىرى تېخىمۇ كۆچەيدى. بارا-بارا بۇلارنى ئىجرا قىلىشتىن يۈرىگالدى بولۇپ، قورقىدىغان بولۇپ قالدىم. "مۇشۇ ئىشلىرىمىز بىلەن يەنە قانچىلىك تۇرالارمىز؟" كوز ئالدىمدا بىر چوڭقۇر قاراڭغۇلۇق دەم تامتارتىپ تۇرۇۋاتقاندەك سېزىلىدىغان بولۇپ قالدى.

ئاخىرى بىزنىڭمۇ "رىسقىمىز توشقان" كۈنلەر كېلىپ قالدى. غىلاجىدىن شۇجى كېتىپ يەنە ئالتە ئايغىچە كارخانىنى ئوزى بەگ-ئوزى خان بولۇپ "سوراپ يىدۇق"، ئاخىرىدا كارخانا كىكىرتەك-كىچە قەرزگە بوغۇلغان، دولەت تەقسىملەپ بەرگەن ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش ۋەزىپىسىنى ئورۇنلىيالماي دولەتكە زىيان سالغان بىر ئورۇن بولۇپ چىقتى. دەل شۇ چاغدا مەركەزنىڭ "تەڭشەش، تەرتىپكە سېلىش، تولۇقلاش، ئوستۇرۇش" دىگەن يوليورۇغى يېتىپ كېلىپ ئىزچىللىشىۋاتاتتى. يەنە دەل شۇ پەيتلەردە، دىڭ بۇجاڭ،



پەن شۇجى ۋە ئالالاكىملەر يوتكىلىپ كېتىپ، ئورنىغا يەنە ئالا... كىملەر كېلىشكە باشلىدى. كارخانىمىزغا يەنە يېڭى بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى چۈشتى.

كارخانىنىڭ ئوڭدا قىلىشى بىزنىڭمۇ پايتىمىزنىڭ چۈۋۈلۈشىنى ئېلىپ كەلدى. چۈنكى تۇرەخمەتمۇ تۈرمىدە "جىم" ياتمىغان، ئوزىنىڭ توھمەتكە كەتكەنلىگى ھەققىدە ئۈستى-ئۈستىلەپ يۇقۇرىغا ئەرز يازغان، ئىشچىلاردىكى ئىنكاس، ئەرزلەرمۇ كوپ بولۇپ، ئاخىرى ناھىيە رەھبەرلىكىنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىپ، بۇ ئىشقا كوڭۈل بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

تەكشۈرە-تەكشۈرە ئاخىرى تۇرەخمەت تۈرمىدىن ئاقلىنىپ چىقتى. سوراق جەريانىدا، پاكىتلار ئالدىدا مەنمۇ جاھىللىغىمدا چىڭ تۇرالمىدىم. ھەقىقەتنى ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

جىسمى پارتىيىدە بولسىمۇ، قەلبى بۇرژۇئازىيىدە بولغان، پارتىيە-مىزنىڭ شەنىگە داغ كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان خىيانەتچى ئەبلەخ ئەخمەت بولسا تۇرەخمەتنىڭ ئورنىغا يەڭگۈشلىنىپ، تۈرمىدە نەق جايىنى تاپتى.

مەنمۇ ئوزەمنىڭ تېگىشلىك نېسىۋەمنى ئالدىم. چاڭچاكلىقتىن ئېلىپ تاشلىنىپ، پارتىيىدىن چىقىرىلدىم ۋە ئىشچىلىققا چۈشۈرۈلدۇم. ئائىلە بالا-چاقام ئۈچۈن مۇۋاپىق تۇرمۇش راسخودى قالدۇرغاندىن باشقا نامۇۋاپىق توپلانغان بارلىق "تەككەن-تەرگەنىم"نى خىيانە-تىمگە سېلىپ بېرىپ، بىر يوللا "گاڭسا-جىسا" بولۇپ تۈگەشتىم.

بۇ مەن ئۈچۈن ياخشى بولدى. ئاچكوزلۇكتە كىشى تويماس بولۇپ كېتىپ، كېچە-كۈندۈز خاتىرجەم بولالمايدىكەن. ھەسەت، ۋەسۋەسە، قورقۇنچ پۈتۈن ھاياتىڭنى قاپلىۋالغان. ئەمدى بولسا



www.uyghurkitap.com

يۇكى تاشلانغان توگىدەك ئۇزەمنى يېنىك ھىس قىلىمەن.

ئىنىسقىلاپ كېتىپ بارغان گەۋدەمنى سالقىن شامالغا تۇتۇپ تۇرىمەن. مەيىن كۇز شامىلى گويا ماڭا تەسەللى بەرمەكچى بولغاندەك يۇزلىرىمنى سىپاپ ئۇيناپ، دىماقلىرىمغا كۇزنىڭ باياشاتلىق پۇراقلىرىنى ئېلىپ كېلەتتى، چەكسىز كەتكەن داللار يېشىللىق ھالىتىنى پەيدىن-پەي ئۆزگەرتىپ ئالتۇن رەڭگە كىرىشكە باشلىغان. بۇ گۇزەل مەنزىرە بىسەرەمجان كوڭلۇمنىڭ نازۇك تارلىرىنى چېكىپ ئۆتىدۇ. مەن ئۆيگە قايتىشنىڭ ئورنىغا تېخىچىلا شەھەرنىڭ يېنىدىن ئاقىدىغان دەريانىڭ گۇزەل ساھىلىدا، ئۇزاقلاۋاتقان كۇز مەنزىرىسىگە نەزەر سالغان ھالدا خىياللارغا پېتىپ تۇرىمەن. خىياللىرىم خۇددى ئاشۇ يىراقلارغا سوزۇلۇپ ئوركەشلەپ ئېقىۋاتقان دەريا سۇيىگە قوشۇلغاندەك ئاقماقتا.

بۇ مەندىكى ئۇمىتسىزلىكمىدى؟ ياق، ھەرگىز ئۇمىتسىزلىك ئەمەس.

شۇ تاپتا ئولتۇرۇشقا باشلىغان قۇياشنىڭ نۇرى ھاسىل قىلغان كەچكى شەپەقنىڭ شولىسى دەريا يۇزىنى ئوتقاشتەك قىزىللىققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. ئەنە شۇ شەپەقنىڭ ئەكسىدە، ئەتە يەنە قايتىپ كەلمەكچى بولغان ھارارەتلىك قۇياشنىڭ ئەكسىنى كورگەندەك بولدۇم.

گەرچە مەن ئۇچۇن كوڭۇلسىز كۇنلەر بولغان بولسىمۇ، ئۇ ئۇزەمنىڭ ھەقىقى خوشاللىغىمنىڭ مەنىسىنى — قەدرىنى بىلمەسلىكىمەدىن بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇمىتسىزلەنمەيمەن. ئەمدى ساپلانغان قەلبىم، داۋالىنىپ روشەنلەشكەن كوزۇم بىلەن ئەتىكى بەختكە — نۇرلۇق، داغدام يولغا دادىل كوز تىكىمەن. غاپىللىق ئىچىدە قايمۇقۇپ يۇرگىنىمدە، مەشئەل بولۇپ ماڭا توغرا يولنى كورسەتكەن ئاشۇ قەيسەر-ياخشى ئادەمنى چەكسىز سېغىنىش بىلەن يادلايمەن.

1981-يىل 12-ئاينىڭ 5-كۇنى.

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب ئۇيغۇر كىتابلىرىنىڭ يېڭى ئادرېسى

# چاكار

قاھار جېلىل

سادىق روزى شۇ كۈنىلا يېڭى خىزمەت ئورنىغا يۈرۈپ كەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى ئۈزۈلمەي ياققان قار تاڭغا يېقىن توختىغان بولسىمۇ، قاتتىق شۇۋرغان ئىلاندەك ۋىشىلداپ، يۈزگە يىڭنىدەك سانچىلاتتى. سادىق روزى ناھىيە بازىرى ئەتراپىدىكى كوچۇم مەھەللىدىن ئوتۇپ تاقىر يالاڭلىقتا چىققاندا سوغاق تېخىمۇ كۈچەيدى. يول تېخى تولۇق ئېچىلمىغانلىقتىن، ئۇ قانچە كۈچەپ باقسىمۇ، ۋەلسىپىت تېز ماڭالمايتتى.

سادىق روزى شۇ ھالەتتە كېتىۋاتقاندا ۋەلسىپىت يەنە بىردىنلا ئوڭ تەرەپكە بۇرۇلۇپ، ئالدى چاقى ئاللىقانداق بىر ئازگاللغا پاتتى-دە، ئۇ ۋەلسىپىت ئۈستىدىن موللاق ئېتىپ قار ئىچىگە چوكۈپ كەتتى ۋە گويا مۇشۇنداق بولۇشنى كۈتۈپ كەلگەندەك، بىر كۈلۈۋېتىپ، يۇمشاق قار ئىچىدە بىر پەس ياتقاندىن كېيىن ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ، ۋەلسىپىتنى قار ئىچىدىن چىقىرىۋالدى. خەيرىيەت، ۋەلسىپىتكە ھېچقانداق زەخمەت يەتمەپتۇ. سادىق روزى بۇ ۋەلسىپىتنى 8 يىل بۇرۇن سېتىۋالغان ئىدى. شۇندىن بۇيان بۇ ئىككى قەدىناس بىر بىرىدىن زادى ئايرىلمىدى. بۇ يىللار سادىق روزىدا ئىككى نەرسىنى—چاچ-ساقاللىرىدىكى ئاق بىلەن چىرايىدىكى قورۇقلىرىنى كوپەيتكەن بولسا، ئەكسىچە ئۇنىڭ ھەمرايىدا ئىككى نەرسىنى—پاقىراق سىرلىرى بىلەن قانات-قۇيرۇقلىرىنى كېمەيتۋەتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى خۇددى ئىگىسىنىڭ قاۋۇل گەۋدىسىگە ئوخشاش مەزمۇت، پۇختا ئىدى.



سادىق روزى ۋەلسىپىتنى يولغا چىقىرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىكى قارلارنى سىېرىپ چۈشۈرگەندىن كېيىن، نىمە ئۈچۈندۇ بىردىنلا شوخلۇغى تۇتۇپ قالدى:

—بۇنچىلىك ئازگاللار نىمىكەن؟—دىدى ئۇ گويا ۋەلسىپىت راستىن ئاڭلايدىغاندەك چاخچاق قىلىپ،—بۇنىڭدىن چوڭ كاتاڭلاردىنمۇ ساق چىققان ئەمەسمىدۇق. يەنە تېخى، تالاي يىللار بەرداشلىق بېرىمىز-ھە، ئاغىنە؟

"ئاغىنە" جاۋاپ بەرمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئىگىسى ئۈستىگە چىقىپ، پىدالنى تەپكەندە "غاچۇر-غۇچۇر" ئاۋاز چىقىرىپ يەنە ئاۋالقىدەك يۈرۈپ كەتتى.

مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن يەنە توپ-توغرا 25 كىلومېتىردىن ئارتۇق يول يۈرۈش كېرەك. لېكىن، سادىق روزى قىلچە ھارغىنلىق ھىس قىلمىدى. "قارنىڭ مۇنداق كوپ ياققىنى مول ھوسۇلنىڭ بىشارىتى،—دىدى ئۇ بۇرۇن ۋە قولاقلىرىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشىنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ،—بۇ ماۋۇق يوتقان ئاستىدا كۈزگى بۇغداي مايسىلىرى راسا تەرلەپ ئۇخلايدىغان بولدى-دە..."

ئۇ "بوستان" گۇڭشېسىدا بۇ يىل ئومۇمى يۈزلۈك مول ھوسۇل ئېلىشنىڭ پىلانىنى كۈزدىلا ياخشى پىلانلاپ، كادىر ۋە ئەزالارنىڭ مۇزاكىرىسىدىنمۇ ئوتكۈزۈشكە ئۈلگۈرگەن ئىدى. بىراق، كۈتمىگەندە ئورنىنى ئالماشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. قوشئېرىقنىڭ ئىشلىرى قانداقراق كېتىۋاتىدىكىن؟ ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىمۇ ئالدىراپ تۇرغان ئىكەن، "ئەتە يەنە سوزلىشەرمىز" دەپلا يىغىنغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىگىچە ساقلاپ تۇرسىغۇ بولاتتى. لېكىن شۇنچىۋالا چوڭ مەملىكەتتە ھەر بىر كىشى ئەنە شۇنداق بىر كۈندىن "ساقلاپ" تۇرىدىغان بولسا، ئۇ قانچىلىك كۆپ سانىنى تەشكىل قىلىدۇ؟ ئۇنىڭسىزمۇ كۈنلەپ ئەمەس، ھەپتىلەپ، ئايلاپ "ساقلاپ" تۇرۇۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس. ئالغا مېڭىش كېرەك! قەدىناس دوستۇم، ئالغا! ساقلاپ تۇرغان، ھەتتا ئارقىغا قاراپ خېلى يىراق چېكىنگەن ۋاقىت ئاز بولدىمۇ؟ ئۇنى تولدۇرۇش ۋەزىپىسىمۇ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن. ياق، توختاشقا بولمايدۇ! مېڭىش كېرەك!...

سادىق روزى پېدالىنى تېخىمۇ كۈچ بىلەن تەپتى. ئۇنىڭ قەدىناس دوستى گويا ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك يېنىك يورغىلاپ كەتتى.

ئارقا تەرەپتىن ھاۋا قوڭغۇراقلىرىنىڭ شوخ جاراڭلىشى ئاڭلانغاندا، سادىق روزى 4 كىلومېتىردەك يولنى بېسىپ بولغان ئىدى. ئۇ تېز كېلىۋاتقان ھارۋىغا يول بېرىش ئۈچۈن ۋېلسىپتتىن چۈشۈپ، چەتكىرەك چىقتى.

— ۋو-ۋو-ۋو! — ھارۋىكەش يىگىت قىزىپ كەتكەن ئاتلارنى توختاتقاچ سادىق روزىدىن سورىدى، — يولداش، نەگە ماڭدىڭىز؟

— قوشئىرىققا، — دەپ جاۋاپ بەردى سادىق روزى كۈلۈمسىرەپ.

— ھەمسەپەر ئىكەنمىز، قېنى، شەيتان چاقىڭىزنى ئېلىپ ھارۋىغا چىقىڭ، بىللە ماڭايلى.

— رەھمەت، مەن ۋېلسىپتتە ماڭاي، — سادىق روزى بۇ خۇش خۇي يىگىتكە مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

— تارتىنماڭ، — ھارۋىكەش سۆزلىگەچ ھارۋىدىن چۈشۈپ سادىق روزىنىڭ ئالدىغا كەلدى، — چوڭ ھاۋا تۇرغان يەردە كىچىك



ھاۋا بىلەن مېڭىشمۇ ئىشمۇ؟ — ئاندىن ئۇ سادىق روزىغا قول ئۇزاتتى، — تونۇشۇپ قويايلى، ئىسمىم خېلىل، كەسپىم ھارۋىكەش.

سادىق روزىمۇ ئۆز ئىسمىنى ئېيتىپ، يىگىت بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

بىرئازدىن كېيىن ھاۋا قوڭغۇراقلىرىنى جىرىڭلىتىپ، يەنە يولغا چۈشكەندە، خېلىل ئۆزىنىڭ ھەمرالىرىنى سادىق روزىغا تونۇشتۇردى.

— بۇ كىشى ئابدىۋېلىكام بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئۇسكىلەك بۇرۇتلىرى ئارىسىدىن كوكۈش ئىس چىقىرىپ كۈلۈمسىرەپ ئولتۇرغان 45 ياشلار چامىسىدىكى كىشىنى كۆرسىتىپ، — گۇڭشېمىزنىڭ ئۇرۇقلۇك دادۇيىدىن، لەقىمى "چاققان". بۇ يىگىت بولسا، گۇڭشېمىزغا يېڭىدىن تەقسىم قىلىنغان ئوقۇتقۇچى ئىكەن، ئىسمى ئەزىز رېھىم.

سادىق روزى نىمىشقىدۇ ئۆزى توغرىسىدا تەپسىلىرەك سۆزلەشنى ئارتۇقچە دەپ قارىغان بولسا كېرەك، بايىقىدەك ئىسىم-پەمىلىسىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاش بىلەنلا كۇپايىلەندى. يېڭى تونۇشلارمۇ ئارتۇقچە كوچىلاپ ئولتۇرماي، بۇرۇن باشلانغان پارىڭىغا كوچتى.

— ھە، ئابدىۋېلىكا، — دېدى ئەزىز رېھىم سۆز باشلاپ، — شۇنداق قىلىپ، مۇسا دۇكانچىغا تۇخۇم ئەكىلىپ بەردىڭىزمۇ؟

— ئەكەلمەمدىغان، ئۇنى ئەكەلمىسەم چىپەرقۇتنى قانداق ئالاتتىم، — دەپ جاۋاپ بەردى ئابدىۋېلى ئاكا. سادىق روزى بىردىنلا ئۇنىڭ قوي كۆزلىرىنىڭ ئاللىقانداق شوخ ئۇچقۇنلار بىلەن چاقناپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قالدى. — لېكىن ئاشۇ ۋەقەدىن كېيىن مۇسا دۇكانچىدىن زادى رەخت سېتىۋالمايدىغان بولدۇم. بەزىدە چاي، تۇز، قەن-گېزەك دېگەندەك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن ياكى مۇنداقلا قىزىقىپ دۇكانغا كىرىپ قالغۇدەك بولسام، مۇسا دۇكانچىغا

قاراپ بىر كوزۇمنى قىسىپ كۈلۈپ قويىمەن، ئەمما ئۇ بولسا، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ماڭا غەزەپ بىلەن ئالىيدۇ. "ئۆزەم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا" دىگەندەك ئۆز دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ يۈرىدۇ، بىچارە...

—قىزىق، سىز ئۇنىڭ تەلۋىنى ئورۇنلاپسىزغۇ، يەنە نىمىشقا سىزگە ئوچلۇق قىلىدۇ؟—بۇ پاراڭغا تېخىمۇ قىزىقىپ قالغان ئەزىز رېھىم ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى.

ئابدۇۋېلى ئاكا ئېغىز ئېچىپ بولغىچە خېلىل تۇيۇقسىز قاتتىق كۈلۈۋەتتى-دە، تاماكىدىن قاقىلىپ كېتىپ بىرنەچچىنى يوتەلگەندىن كېيىن، كوز يېشىنى سۈرتۈۋېتىپ دىدى:

—ئابدۇۋېلىكام ئۇنى راسا باپلىغان تۇرسا، ئوچلۇك قىلماي قانداق چىدىسۇن!؟

—شۇنداقمۇ، قېنى، قېنى، ئېنىقراق سوزلەپ بېرىڭا،—دەپ ئالدىراتتى ياش مۇئەللىم تاقەتسىزلىنىپ،—سادىق روزىمۇ پاراڭغا قىزىقىپ، ئابدۇۋېلى ئاكىغا يېقىنراق سىلجىدى.

—مۇسا دۇكانچى بىلەن پۇتۇشكەندىن كېيىن ئويگە قايتىۋېتىپ، بۇ ئىش ھەققىدە باش قاتۇردۇم،—ئابدۇۋېلى ئاكا تۈگەي دەپ قالغان تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم ئىشتەي بىلەن شوراپ تاشلىۋەتكەندىن كېيىن، كۈلۈپ تۇرۇپ سوزىنى داۋاملاشتۇردى،—مۇسا دىگەن بۇ مۇتىھەم تازا نائىنساپ ئىكەن، ئازراق سورىسىمۇ بىر نورى ئىدى، بەچچىغەر! شۇكەملەردە بىر تۇخۇمنىڭ باھاسى 2 مو 5 پۇڭ تۇرسا، 50 تۇخۇم دىگەن بىزدەك دىخانلار ئۈچۈن ئاز نەرسىمۇ؟! مۇسانى ئىچىمدە: "قارنىڭ يېرىلغۇر مۇتىھەم" دەپ نەچچىنى تىللىدىم. ئويلا-ئويلا كوڭلۇمگە بىر ئەقىل كەلدى، نىملا



بولمىسۇن، چىپەرقۇتنى ئالمەن دەيدىكەنمەن، مۇساغا 50 تۇخۇم بەرمەي بولمايتتى. شۇڭا ئويۇمگە كېلىپلا تۇخۇملارنى سېۋەتكە قاچىلاپ، ھايال قىلماي يەنە دۇكانغا باردىم. كېلىشىم بويىچە مۇسا 50 تۇخۇمنى ئېلىپ قالدى، مەن 10 مېتىر چىپەرقۇتنىڭ پۇل، بىلەتلىرىنى تولەپ، ئۇنى قولتۇغۇمغا قىسىپ، دوپپامنى قىرلاپ ئويگە قايتىپ چىقتىم. زىخمۇ كويمىدى، كاۋاپمۇ كويمىدى. خېلىل، تاماكاڭنى ئەكىلە، ئۇكام، بىر چېكىۋېتەي.

سوز شۇ يەرگە كەلگەندە خېلىل يەنە ئۇزىنى تۇتالماي قاتتىق كۈلۈۋەتتى-دە، ئادىتى بويىچە سوز قىستۇردى:

—ئاخىرقى قىزىقىنى مەن ئېيتىپ بېرەي. ئابدۇۋېلىكامنىڭ "ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ" دىگەن سوزىگە دىققەت قىلدىڭلارمۇ؟ ئۇ مۇسا دۇكانچى بىلەن پۇتۇشۇپ ئويگە بارغاندىن كېيىن، ئۇزىنىڭ ھەم خولۇم-خوشنىلىرىنىڭ چۈجە چىقارماي سېسىپ قويغان پالاق تۇخۇملىرىنى يىغىپتۇ-دە، مۇساغا ئاپىرىپ بېرىپ ۋەدىسىنى ئورۇنلاپتۇ...

خېلىلنىڭ سوزى تېخى تۈگىمەيلا سادىق روزى بىلەن ئەزىز رېھىم ئۇزىنى تۇتالماي، ئۇزاققىچە كۈلۈشتى.

—باپلاپتۇ، قاتتىق باپلاپتۇ!—دىدى قاتتىق كۈلكىدىن كوزىگە ياش ئالغان مۇئەللىم ئۇزىنى ئاران توختىتىپ. ئاندىن بۇ ئىش ھەققىدە ئۇزىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزدى،—ئۇ پارىخورنىغۇ تازا كېلىشتۇرۇپ مات قىپسىز، لېكىن، ھەر ھالدا بۇ ئىشنى گۇڭشې رەھبەرلىكىگە ئىنكاس قىلىپ، سىياسى-تەشكىلىي جەھەتتىنمۇ ئەدىۋىنى بېرىش كېرەك ئىدى. مۇسا دۇكانچىغا ئوخشاش مۇتىھەملەرنىڭ دىخانلارنىڭ ئېلىگىنى شوزاۋېرىشىگە يول قويغىلى بولامدۇ؟

—ھەي، ئۇكام، سىز تېخى مەكتەپ قويىنىدىن ئەمدىلا چىقىپسىز، —دېدى ئابدۇۋېلى ئاكا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، —كېيىن تېخى كوپ نەرسىلەرنى چۈشىنىۋالىسىز. ناھەقچىلىق دىگەن تۈگىمەيدىكەن. باشقىلارغا بوزەك بولماي دىسەڭ، ئوزەڭمۇ پەخەس بول، كاللاڭنى ئىشلەت.

سادىق روزى كوپنى كورگەن كىشى بولغاچقا، ئابدۇۋېلى ئاكىنىڭ سوزلىرىدىن ئانچە ھەيرانمۇ بولمىدى، ئەكسىچە، بۇ چىچەن، خۇشخۇي كىشى بىلەن تېخىمۇ كوپرەك پاراڭلاشقىسى كەلدى.

—مۇئەللىمنىڭ ئېيتقىنىمۇ توغرا، ئابدۇۋېلى ئاكا، —دىدى ئۇ پاراڭنى داۋاملاشتۇرۇش مەقسىدىدە، —سىزغۇ مۇسا دۇكانچىغا بوزەك بولماپسىز، لېكىن ئۇنىڭ خاتا ھەركىتى ئاشكارىلانمىغاچقا، شۇ كەمگىچە قانچىلىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا بوزەك بولغاندۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى رەھبەرلىك بىلسە، ئەلۋەتتە ئالدىنى ئالغان بولاتتى، قېنى، ئېيتىپ بېقىڭا، يا گېپىم خاتامۇ؟

—گەپلىرىڭىز توغرا يولداش كادىرىم، —دىدى ئابدۇۋېلى ئاكا ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، —لېكىن بىزدە ھەق دادىغا يەتكىچە بېلىڭ سۇنۇپتۇ، دەيدىغان گەپ بار. ئاۋامۇسلىم① ئۇچۇن جەڭ قىلىپ، زىيان تارتقانلار ئازمۇ؟

—يولداش، سىز گۇڭشېمىزنىڭ ئەھۋالىنى بىلمەيسىز، —دەپ سوزگە ئارىلاشتى خېلىل، —"4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، شۇجىمىزنىڭ خىزمىتى ئەسلىگە كەلتۇرۇلگەن بولسىمۇ، لېكىن

① ئاۋامۇسلىم — ئابدىراخمان ئابۇمۇسلىم، ئىسلامىيەت تارىخىدىكى مەشھۇر سەركەردىلەردىن بىرى.



ئاغرىق بولغاچقا ھازىرغىچە دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتىدۇ. گۇڭشېمىزنىڭ باشلىقى ئەسلىدىلا يۇۋاش ئادەم ئىدى. "مەدەنىيەت ئىنقىلابى" دىن كېيىن تېخىمۇ ئېھتىياتچان بولۇپ قالدى. كىشىلەرنىڭ چىشىغا تېگىشتىن ئوزىنى تارتىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ۋاقتىنىڭ كوپ قىسمىنى دادۇيلەردە ئوتكۇزۇپ، ئىدارىدە كوپ تۇرمايدۇ. شۇنداق قىلىپ گۇڭشېنى ئەمىلىيەتتە مەدەنىيەت ئىنقىلابىدا ئوسكەن مۇئاۋىن شۇجى سورايدۇ. مۇسا دۇكانچىغا ئوخشاشلار ئۇنىڭ بۇرنىدىن چۇلۇك ئوتكۇزۇۋالغان، قاياققا تارتسا مېڭىۋېرىدۇ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، ھىلىقىدەك ئىشلارنى قايسى رەھبەرلىككە ئىنكاس قىلىدۇ؟ ئىنكاس قىلساڭ، يامان ئاتلىق بولىسەن شۇ.

خېلىلنىڭ سوزىدىن كېيىن ئابدۇۋېلى ئاكا گويا ئەمدى چۈشەنگەنسىلەر، دىگەندەك ئىككىيلەنگە مەنىلىك قاراپ قويدى.

—"4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقىغا بىر يېرىم يىلدەك بولدى، ئەھۋالدا يەنىلا ئوزگىرىش بولمىدىمۇ؟ —دەپ سورىدى ياش مۇئەللىم.

—ئەلۋەتتە ئوزگىرىش بولدى، —دەپ ئالدىرىماي جاۋاپ بەردى خېلىل، —ھازىر كىشىلەر ئەركىن نەپەس ئالىدىغان بولدى، ئاشكارا زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىدىغانلار قالمىدى. لېكىن، بۇنىڭلىق بىلەن ھەممە ئىشنى تۈزۈلۈپ كەتتى دىگىلى بولمايدۇ. "بوستان" گۇڭشېسى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، بىزدە تېخى كوپ ئىشلار كونا پېتىچە كېتىۋاتىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ باشلىقلىرىمىزمۇ "بوستان"نىڭ شۇجىسىدەك بولغىنىدا... ھەي... بىز تازىمۇ بىتەلەي ئىكەنمىز... —خېلىل ئۇشتۇمتۇت سوزىنى ئۇزۇپ قويۇپ، ئاپپاق قار باسقان دالاغا ئويچانلىق بىلەن تىكىلگىنىچە تاماكا ئوراشقا باشلىدى.

ئۇيغۇر كىتابلىرى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سۆزىگە دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقان سادىق روزى ئاخىرقى جۈملىنى ئاڭلىغاندا، نىمىشقىدۇ تېنى جۇغىدە قىلدى-دە، خىلىلغا لاپپىدا قاراپ قويدى.

— بىر ئادەمنىڭ قولىدىن نىمە كېلەتتى، — دەپ جىملىقنى بۇزدى ئابدۇۋېلى ئاكا، — "بوستان"نىڭ شۇجىسىمۇ ھەممە ئىشنى بىلىپ كېتەلەيدىغان ئەۋلىيا ئەمەستۇ.

— ئابدۇۋېلىكا، ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ — دەپ قىزغىنلىق بىلەن چۈشەندۈرۈشكە باشلىدى خىلىل، — بىز ھارۋىكەشلەرنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز ناھايىتى كوپ، نۇرغۇن خەۋەرلەر بىز ئارقىلىق تارقىلىدۇ. "بوستان"دا مېنىڭ تونۇش-بىلىشلىرىم ناھايىتى كوپ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شۇجىسى توغرىسىدا كوپ ھېكايىلەرنى سوزلەپ بەردى، مەن سىلەرگە بىرلا ۋەقەنى ئېيتىپ بېرەي: بۇلتۇر كۈزگى بۇغداي تېرىش مەزگىلىدە ھىلىقى شۇجى ئېتىزلىقلارنى ئارىلاپ بىر يەرگە كەلسە، ئۇسا قىلىنغان سالا ئېتىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر زەنجىر تاپان مىدىر-سىدىر قىلماي تۇرغۇدەك، قارىسا، رولدا شوپۇر يوقمىش، تىراكتۇرنىڭ ئەتراپىدا دۈيجاڭ بىلەن ئىككى ئەزا نىمە قىلىشنى بىلمەي، يەرنىڭ قۇرۇپ قېلىشىدىن غەم يەۋاتقۇدەك، شۇڭا شۇجىنىڭ تازا ئاچچىقى كەپتۇ-دە، دۈيجاڭدىن: "شوپۇر قېنى؟" دەپ سوراپتۇ. "سايمان تاپمەن، دەپ كەتكەنتىغۇ تاڭ" دەپتۇ دۈيجاڭمۇ رەللە بولۇپ. ئەسلىدە تىراكتۇر ئوبدان ئىشلەۋاتقان ئىكەن، بىر چاغدا دادۇي شۇجىسىنىڭ 13 ياشلىق ئوغلى كېلىپ، شوپۇرنىڭ قولىغا بىرنىمە دەپ پىچىرلىغان ئىكەن، شوپۇر دەرھال تىراكتۇردىن چۈشۈپ، موتورنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىنى كوچىلىغاندەك قىپتۇ-دە، "چاتاق، تىراكتۇر بۇزۇلدى، سايمان تېپىپ كېلەي"



دەپلا كېتىپ قاپتۇ. ئەھۋالنى ئۇققان شۇجى موتورنى ئوت ئالدۇرغان ئىكەن، تىراكتۇر دەرھال تىلغا كىرىپ يەنە تاتاتلاشقا باشلاپتۇ. "ئالدامچى كاززاپلار، ھارامتاماقلار! ئۇلارنى نەدىن بولسىمۇ دەرھال تېپىپ كېلىڭلار، ھەر ئىككىلىسىنى!" دەپتۇ ئۇ غەزىۋىنى باسالماي، ئاندىن تىراكتۇرنى ئۆزى ھەيدەشكە كىرىشىپتۇ. كوردۇڭلارمۇ بۇ ئەزىمەتنى، ئۇ يالغۇز ئەمەلدارلىق قىلىشنىلا ئەمەس، يەنە تىراكتۇر ھەيدەشنىمۇ بىلىدىكەن، يېزا كادىرى دىگەن شۇنداق بولسۇن-دە! چاقىرىشقا ئەۋەتىلگەن ئادەم شۇجىنىڭ ئۆيىگە بارغاندا، شوپۇر دۇتار چېلىپ، دادۇي شۇجىسى قوشۇقنى چىنىگە ئۇرۇپ: "ئەشىمدە قىشلاپ، پوسكامدا يازلاپ" دەپ نەغمىنى تازا قىزىتىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار مەسلىكتىن تىللىرى كالۋالىشىپ، چىرايى پوكاندەك قىزىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئامال يوق ئېتىزلىققا كېلىشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ چاغدا شۇجى بىرنەچچە مو يەرنى ئاغدۇرۇپ بولغان ئىكەن. ئۇ دادۇي شۇجىسىنى تازا كېلىشتۇرۇپ تەنقىت قىلىپ، شوپۇرنىڭ كىنىشكىسىنى تارتىۋاپتۇ. كېيىن گۇڭشې پارتكومى دادۇي شۇجىسىنى ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇپتۇ. قانداق؟ "بوستان"نىڭ شۇجىسى يارامدىكەن؟

— ئوغۇل بالىدەك كادىر ئىكەن! — دىدى ئابدۇۋېلى ئاكىمۇ چىن كوڭلىدىن رازى بولۇپ، — ئەجەپ بەلەن ئىش قىپتۇ. دىخان خەق بىر قولىنى ئىككى قىلالمايۋاتقان چاغدا، بۇ ھارامتاماقلارنىڭ قىلغىنىنى قارا!

سادىق روزىمۇ ئىختىيارسىز سوزگە ئارىلاشتى:

— تىراكتۇرچىنى ئىشتىن بوشىتىشى توغرا بولمىغان، ئۇ...

خىلىل ئۇنىڭ سوزىنى دەرھال بولۇۋەتتى:

— تازا توغرا بولغان! مېنىڭچە، ئۇ مۇتىھەمگە بۇ ئىش تېخى

ئازلىق قىلىدۇ. ئۇمۇ دېخان بالىسى بولغاندىكىن، تىراكتور توختاپ قالسا، يەرنىڭ نېمى كېتىدىغانلىغىنى بىلمەمدۇ؟ بىلىدۇ. ئويلاپ كورۇڭا، مۇساغا ئوخشاشلار رەخت سېتىش ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ دېخانلارنى بوزەك قىلسا، تىراكتۇرچىلارمۇ ئوز كەسپىدىن پايدىلىنىپ دېخانلارغا زىيان سالسا، بىچارە دېخانلارغا نىمە دىگەن ئۇۋال.

—كوڭلىڭىزنى ئەلۋەتتە چۈشىنىشكە بولىدۇ، —دىدى سادىق روزى ئالدىرىماي سوزلەپ، —لېكىن ئويلاپ كورۇڭا، ھىلىقى تىراكتۇرچى نىملا بولمىسۇن كەسپ ئەھلى، ئۇنى باشقا ئىشقا قويغاندىن كورە، تەربىيە بېرىپ يەنە ئوز كەسپىنى ئىشلەشكە قويسا، تېخىمۇ كوپرەك مەنپەئەت يەتكۈزەلەيدۇ ئەمەسمۇ.

—بىر ئادەمنىڭ ھەيدىمىگىنى بىلەن تىراكتۇر توختاپ قالامتى؟

—توختاپ قالمايدۇ، ئەلۋەتتە، لېكىن گەپ بۇنىڭدا ئەمەس، مۇھىمى، ئادەملەرنى تەربىيلەش، ئوزگەرتىش كېرەك. خاتالاشتىڭ دەپلا جازالاۋەرسە، كوپلىگەن كىشىلەر نابۇت بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ھىلىقى شۇجىمۇ باشتا بىردىنلا مىڭىسى قىزىپ كېتىپ تىراكتۇرچىنى ئىشتىن بوشاتقان بولسىمۇ، ئەتىسىلا بۇ ئالدىراڭغۇلۇغىنى تۈزىتىپ، ئۇنى يەنە ئوز تىراكتۇرىنى ھەيدەشكە ئورۇنلاشتۇردى.

خېلىل يەنە سوزلەشكە ئاغزىنى ئېچىۋىدى، ئاڭغىچە ئابدىۋېلى ئاكا سوزنى تارتىۋالدى:

—بولدى، تالاشما خېلىل، بۇ يولداشمۇ جېنى بار گەپ قىلدى. بىر ئادەم كىچىككىنە پۇتلاشسىلا، ئۇنى يولىۋالماي، ئۇستىلەپ ئىتتىرىۋەتسە بولماس. بۇنىڭ زىيىنىنى ئاز تارتتۇقمۇ بىز، —ئاندىن ئۇ بايىقى گېپىنى يەنە بىر قېتىم تەكرارلىدى، —ئەمما نىملا بولمىسۇن، "بوستان"نىڭ شۇجىسى ئوغۇل بالىدەك كادىر ئىكەن.



—ھەقىقەتەن دېخانلارنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن، بىزدە بولسا، ھەي...—خېلىل ئەمدى مۇنازىرىلىشىشنى قويۇپ، ئوزىچە قايناپ سوزلىگىلى تۇردى، —بىچارە دېخانلار ھەر كۈنى يۇلتۇز تارقىماستا ئېتىزلىققا چىقسا، ئېغىر ياتقۇ مەزگىلىدە ئويىگە قايتىدۇ. ھەر يىلى تېرىقچىلىقنى يېڭى باشلىغاندا: "بۇ يىلغۇ دارامىتىمىز ئاشار" دىگەن ئۈمىت بىلەن ئوزىگە تەسەللى بېرىپ ئىشلەۋېرىدۇ، لېكىن كۈزدە قارىساڭ، ئەھۋال يەنە شۇ ئاتام ئېيتقان بايىقى. دېخان دىگەننىڭ جېنى قەۋەتمۇ مەھكەم كېلىدىكەن، ئۇلارنىڭ سوڭگىنى پولاتتىن ياسالغان دىسىمۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان كادىرنىڭ بۇرۇنقى بايلاردىن نىمە پەرقى بار؟!

خېلىل بىردىنلا سوزىنى توختاتتى-دە، گويا غەزىۋىنى قامچىدىن ئالماقچى بولغاندەك ئاتلار ئۇستىدىن ئايلاندۇرۇپ "قارس" چىقاردى، سوھبەت يەنە ئۇزۇلۇپ قالدى. ئاتلار قېلىن قار ئۇستىدىن يول ئېچىپ پۇشقۇرۇپ-پۇشقۇرۇپ مېڭىشاتتى، چاقلار يۇمشاق قار ئۇستىدە يەڭگىل غىچىرلايتتى. سوھبەتنىڭ مۇنداق ئېغىر ۋەزىندە ئاياقلىششى ھەممەيلەننىڭ كوڭلىدە مۇڭلۇق تەسىرات قوزغاپ، ئۇلارنى چوڭقۇر خىيالغا باشلىۋەتكەن ئىدى.

بىرنەچچە يىلدىن بېرى يېزىلاردا سادىر بولۇۋاتقان غەيرى نورمال ئەھۋاللاردىن سادىق روزىنىڭمۇ خەۋىرى بار ئىدى، ئەلۋەتتە. ئۇ، شۇ يىللار ئىچىدە مەيلى ھوقۇق تۇتۇپ تۇرغاندا بولسۇن، مەيلى خىزمىتىدىن قالدۇرۇلغاندا بولسۇن، چامىسىنىڭ يېتىشىچە دېخانلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇشقا تىرىشقان. ئۇ، ھەر قېتىم "بوستان"دىكى كادىرلار بىلەن يىغىن ئاچقاندا: "بىز يېزىلاردا سوتسىيالىزىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، دېخانلارنى پاراۋان تۇرمۇشقا ئېرىشتۈرىمىز

دەيدىكەنمىز، ئۇلار ئۇچۇن بىر ماھىر تەشكىلاتچى بولۇپلا قالماي، ئەڭ مۇھىمى، ئۇلارنىڭ چىن دوستى، چاكىرى بولۇشىمىز كېرەك“ دىگەن سوزنى ئېيتىشنى زادى ئۇنتۇمايتتى. شۇڭا خېلىلىنىڭ بايىقى سوزلىرى خۇددى كونا دەرتنى قوزغىغاندەك، ئۇنىڭ قەلبىنى تىتىۋەتتى. لېكىن، ئويلىغانسېرى ئۇنىڭ تۇرۇلگەن قوشۇملىرى بارا-بارا ئېچىلىپ، كوزلىرىدە ئاللىقانداق خوشاللىقنىڭ جىلۋىسى ياندى. ئۇ قوشئېرىق گۇڭشېسىنىڭ تۇنجى ئەلچىلىرى بولغان بۇ 3 نەپەر سوھبەتدىشىدىن رازى بولغان ئىدى. مانا مۇشۇ ئەقىللىق، ۋىجدانلىق ۋە قورقماس كىشىلەر ئۇنىڭ بۇندىن كېيىنكى سەپداشلىرى. ئۇ مۇنداق كىشىلەرنىڭ تېخىمۇ كوپلۇگىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ھالال مېھنەت بىلەن پاراۋان تۇرمۇش يارىتىشنى ئويلايدىغان كىشىلەر ئازمۇ؟! ئۇلارنىڭ جىلە بولۇۋاتقىنى، تەقەززالىق بىلەن كۇتۇۋاتقىنى سادىق روزىغا ئايان. ئاشۇ يىللىرى ئۇنىڭ ئوزىمۇ نەچچە قېتىم شۇنداق جىلە بولغان، كۇتكەن ئەمەسمىدى. ئېھتىمال، گۇڭشېنىڭ كېسەل ئازاۋىدا قىينىلىۋاتقان ھىلىقى سابىق شۇجىسىمۇ، يۇۋاش، ئېھتىياتچان گۇڭشې باشلىقىمۇ خۇددى شۇنداق جىلە بولۇۋاتقاندۇ، كۇتۇۋاتقاندۇ، لېكىن جىلە بولۇش بىلەن مەسلە ھەل بولمايدۇ. ئەڭ مۇھىمى، كۇتكەن نەرسىنى قولغا كەلتۇرۇش ئۇچۇن ئىشلەش كېرەك، كۇرەش قىلىش كېرەك.

سادىق روزى شۇ تاپتا گۇڭشېدىكى نۇرغۇن كادىر ۋە ئەزالارنىڭ بەيگىگە چۈشۈشكە تەييارلانغان ئاتلاردەك تىپچەكلەپ تۇرغانلىقىنى ئويلاپ خوشاللىق بىلەن كۇلۇمسىرىدى.

* * *

سادىق روزى گۇڭشې ئىدارىسى ئالدىدا ھارۋىدىن چۈشۈپ



ئۇيغۇر كىتاب توربېتى
www.uyghurkitap.com

پارتكوم ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ، ئىشخانا ئالدىغا كەلگەندە، قىيا ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن ئوي ئىچىدە ۋاقىراپ سوزلەۋاتقان ئاللىقانداق بىر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بالىنى سىز تاپقانمۇ، گۇڭشېمۇ؟ ھەببەللى، شۇنداق بولغاندىن كېيىن، داۋالىتىشقىمۇ ئوزىڭىز ئىگە بولۇشىڭىز، ئوزىڭىز پۇل تولەشىڭىز كېرەك.

ئارقىدىنلا يېلىنغان ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئېيتتىمغۇ، ئوزەم ئىگە بولىمەن، پۇلىنىمۇ ئوزەم تولەيمەن. ھازىر يېنىمدا نەق پۇل بولمىغاچقا، گۇڭشې ماڭا كېپىل بولۇپ، ئىككىلىك خەت يېزىپ بەرسە، پۇلنى كېيىن تولەپ بەرسەم...

— بولمايدۇ! — دەپ ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى قوپال ئاۋاز، — بىز سىلەرنى ياخشى بىلىمىز، بالاڭلارنى ساقايتقاندىن كېيىن ”پۇل يوق“ دەپ مۇرە چىقىرىپ تۇرىسىلەر. بولدى، قويۇڭ، ئىشخانىدىن چىقىڭ، خەت يېزىپ بېرەلمەيدۇ!

ئىشىك ئوچۇق بولغاچقا سادىق روزى چەكمەيلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى، كادىر سىياقىدىكى ياشراق كىشى ئالدىدا تەلپىكىنى غىجىملاپ تۇرغان كىشىدىن كوزىنى يوتكەپ، سادىق روزىغا لاپپىدا قارىدى-دە، توڭلۇق بىلەن:

— ھازىر ئىش بېجىرىلمەيدۇ. كېيىن كېلىڭ! — دىدى ۋە يەنە دىخانغا قاراپ بۇيرۇدى، — مەن ناھايىتى ئالدىراشمەن، قېنى، ئىشخانىدىن چىقىڭ!

— بەزىلەرنىڭ: ”بىز خۇداغا، بىر ئوزەڭگە ئىشەن“ دىگىنى راستكەن، خوپ، چىقاي، بالامنىڭ ئومرى بولسا، خۇدايىم ئوزى ساقايتا! — دىدى دىخان ئەلەم بىلەن بېشىنى چايقاپ ۋە ئىشخانىدىن

تېزلا چىقىپ كەتتى.

—ھە، سىزچۇ، سىز نىمىگە ھاڭۋېقىپ تۇرىسىز؟ — دىدى ياشراق كىشى سادىق روزىغا زەردە بىلەن، — بۇ ياغاچ قۇلاقلاردىن زەپمۇ تويدىغۇ، كىشى!

سادىق روزى ئۇنى قەيەردىدۇ كورگەندەك قىلىسمۇ تونۇيالمىدى ۋە ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن بىر قاراپ قويدى-دە، سوئالىغا جاۋاپمۇ بەرمەستىن سىرتقا چىقىپ، ھىلىقى دىخانغا يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرىدى، لېكىن دىخان تېز ماڭغانلىقتىن پەقەت دوختۇرخانا دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا كەلگەندىلا ئاندىن يېتىشىۋالدى.

—ھوي، تاغا، — دىدى ئۇ دىخانغا ياندىشىپ، — دوختۇرخانىغا كېسەل ئېلىپ كەلگەنمىدىڭىز؟

دىخان يېزا كادىرلىرىچە كىيىنگەن بۇ كىشىنىڭ ئاۋازىدىكى مۇلايىملىقنى بايقاپ دەرھال جاۋاپ بەردى:

— كەنجەمنى دوختۇرغا ئەكىلىۋىدىم، دوختۇرلار ئالدىن 40 كويچەن تولەيسەن، ئاندىن ياتاقىا ئالىمىز، دەپ تۇرىۋالدى. بولمىسا قايتۇرىۋېتىدىكەن. بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە بىز دىخان خەقتە نەدىمۇ تەييار تۇرغان 40 كويچەن بولسۇن. 2ـ3 كۈندىن كېيىن تاپشۇراي دىسەم، ئۇنداقتا گۇڭشى كاپالەت خېتى يېزىپ بەرسۇن، دىيىشتى. مۇئاۋىن شۇجىنىڭ ئالدىغا بارسام، ئۇ... ھەي...— دىخاننىڭ گېلىغا نىمىدۇ تۇرۇلۇپ قالغاندەك سوزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالمىدى. كوزلىرىدە مولدۇرلەپ تۇرغان ياش تامچىلىرى مەڭزىنى بويلاپ پەسكە سىرىلدى. چوپ-چوك بىر ئادەمنىڭ ئوكسۇپ يىغلاۋاتقانلىغىنى كورۇپ سادىق روزىنىڭمۇ ئىچى سىرىلىپ كەتتى. "مۇئاۋىن شۇجى دىگىنى شۇ ئىكەن-دە، بۇرۇن تونۇشمىغان ئىكەن-



مىز، — دىدى ئۇ ئوز ئوزىگە ۋە دىخانغا تەسەللى بېرىپ، — كوڭلىڭىزنى بۇزماڭ، قېنى، يۈرۈڭ، دوختۇرنىڭ ئالدىغا كىرەيلى" دىدى.

دىخان باشتا نىمە قىلىشنى بىلمەي، سەل تېڭىرقاپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ناتونۇش كىشىنىڭ كوزلىرىدىكى ھەمدەردلىك ئىپادىسىنى كورۇپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭغا يول باشلىدى.

تەخمىنەن 15 مىنۇتلاردىن كېيىن سادىق روزى بالىنىتسا ياتىغىدىن قايتماقچى بولغاندا، كېسەل بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى مىننەتدارلىق سوزلىرىگە كومۇۋەتكەن ئىدى.

ئۇ، دوختۇرخانىدىن قايتىپ گۇڭشې ئىدارىسىگە كەلگەندە، بايىقى ئىشخانىمۇ قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. سادىق روزى كىم بىلەن كورۇشۇشنى بىلمەي، تاماكا چەككۇسى كېلىپ، قولىنى يانچۇغىغا سېلىۋىدى، نە تاماكىسى، نە سەرەڭگىسى قالماپتۇ. ئۇ ئىلاجىسىز گۇڭشې ئىدارىسىدىن قايتىپ چىقتى-دە، بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ سودا كوپىراتىۋىغا كەلدى. ماگىزىن ئازادە ئىككى ئېغىزلىق بولۇپ، بىرىدە يەرلىك ماللار، يەنە بىرىدە سانائەت مەھسۇلاتلىرى سېتىلاتتى.

سادىق روزى تاماكا ۋە سەرەڭگە سېتىۋالغاندىن كېيىن، تاماكا چەككەچ باشقا تاۋارلارنى كوزدىن كەچۇرۇشكە باشلىدى. دۇكاندا تاۋارلارمۇ، خېرىدارلارمۇ ئانچە كوپ ئەمەس ئىدى. بىرئازدىن كېيىن دىخان كىيىمىدىكى بىر كىشى دۇكانغا كىرىپ كەلدى-دە، ئوڭ تەرەپتە گەزلىمە ساتقۇچى پىركازچىكنىڭ يېنىغا بېرىپ نىمىدۇ سورىدى. پىركازچىك بولسا، خوشياقمىغان ھالدا بېشىنى "ياق" دىگەن مەنىدە لىڭشىتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

— ئەستاغپۇرۇللا، يەنە كېچىكىپتىمەن، — دېدى دىخان تىت-تىت بولۇپ، — تېخى، تۈنۈگۈنلا دۇكانغا دۇخاۋا كەپتۇ دەپ ئاڭلىۋىدىم، شۇنچە تېز تۈگەپ كەتكەنمىدۇ؟

دۇخاۋا ئالدىغانلار يالغۇز سىزلا ئەمەس-تە، — مال ساتقۇچى پەرۋاسىز قىياپەتتە ئەسنەپ تۇرۇپ جاۋاپ بەردى، — دۇكانغا كېلىدىغىنىمۇ كۆپ ئەمەس، ئۇ ياقتىن كېلىدۇ، بۇ ياقتىن تۈگەيدۇ.

دىخان قاتتىق ئېچىنغان ھالدا دۇكاندىن چىقىپ كەتتى. بۇ سۆھبەتنى خىرە-شىرە ئاڭلاپ قالغان سادىق روزىنىڭ دىققىتى ئىختىيارسىز ھالدا پىركازچىكقا بۇرالدى. پىركازچىك 50 ياشلار ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ، بېشىغا كۆچار كۆپىسىدە تىكىلگەن چىرايلىق قۇلاقچا، ئۈستىگە ئەلتېرە ياقا تۇتۇلغان سوكنو چاپان كىيىۋالغان ئىدى. گوشلۇك يۈزى ۋە سالپاڭ قۇلىقىغا نامۇناسىپ ھالدا تولىمۇ كىچىك بولغان كۆزلىرى ئىشىكتىن كىرىپ كېلىۋاتقان ھەر بىر كىشىگە دىققەت بىلەن تىكىلەتتى. شۇ پەيت يەنە ئىشىك ئېچىلىپ، تاشلانغان جۇۋا كىيگەن بىر كىشى كىرىپ كېلىۋىدى، پىركازچىكنىڭ چىرايىدا يېنىككىنە كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. خېرىدار مەيدىسىنى پۈكەيگە تىرەپ، بېشىنى ئالدىغا ئەگدى.

سادىق روزى گەرچە پوفايكا ۋە مايكىلارنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلسىمۇ، لېكىن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا رەخت ساتقۇچى پىركازچىكنى كۆزىتىپ تۇراتتى. رەخت ساتقۇچى سول تەرەپتىكى شىرىكىنىڭ خېرىدارلار بىلەن سودا قىلىۋاتقان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ، سېرىق قەغەزگە ئورالغان يوغان بىر بوپىنى ئالدىدىكى كىشىگە ئۇزاتتى. ئۇ، بوپىنى ئالدىراپ-تېنەپ جۇۋىسىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ، پىركازچىكقا پۇل ئۇزاتتى، سودا پۈتتى. خېرىدار خوشلىشىۋېتىپ پەس ئاۋازدا:



— خوش ئەمىسە، مۇسا قارىم، ئوگۈنلۈككە كەچتە كۆرۈشەيلى، — دېدى.

"ھىم، مۇسا قارى!... ئابدۇۋېلى ئاكا بىلەن خېلىل ئېيتقان ھىلىقى مۇسا دۇكانچى شۇ ئىكەن-دە! جۇۋىلىققا بەرگىنى نىمىكىن؟" دەپ ئويلىدى سادىق روزى ۋە ئاللىقانداق بىر خىل قىزىقىش ئىچىدە ئاستا دۇكانچىغا يېقىنلاشتى. مۇسا قارىم بولسا، گويا مۇشكۇل بىر ۋەزىپىنى نەتىجىلىك ئادا قىلغان كىشىدەك چىرايىدا بىر خىل غۇرۇر ۋە خاتىرجەملىكنى ئىپادىلەپ، سەرەڭگە تېلى بىلەن چىشىنى كولىماقتا ئىدى. سادىق روزىمۇ بايىقى جۇۋىلىق خېرىدارنى دوراپ كۆكرىكىنى پۈكەيگە تىرىدى.

— مۇسا قارىم، بىر كىيىملىك دۇخاۋا تېپىلارمۇ؟

بىپەرۋا ئولتۇرغان مۇسا قارىم پەس ئاۋازدا ئېيتىلغان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خېرىدارغا لاپپىدە بىر قارىدى-دە، ئورنىدىن تۇرۇپ پۈكەيگە يېقىنلاشتى.

— گۇڭشېمىزدا بۇرۇن سىزنى كۆرمىگەندەك قىلىمەن، — دېدى ئۇمۇ پەس ئاۋازدا، — ئەمما سىز مېنى تونۇيدىكەنسىز. يىراق دادۇيلەردىن بىرىدە بالا ئوقۇتىسىز كېرەك-ھە؟

سادىق روزى مۇنداق سوئالنى كۈتمىگەچكە باشتا سەل ھودۇقۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنە دەررۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئىختىيارسىز ھالدا:

— ھەئە، — دېدى.

نېمە بوپتۇ، سادىق روزىمۇ بىر چاغلاردا بالا ئوقۇتقان ئەمەسمىدى. لازىم بولىدىكەن، بۇندىن كېيىنمۇ ئوقۇتۇۋېرىدۇ. شۇڭا ئۇ، بۇ جاۋاپتىن خىجىللىق ھىس قىلمىدى.

— دۇخاۋا بەك زۆرۈرمىدى؟ — مۇسا قارىم يەنە پەس ئاۋازدا

سورىدى.

— شۇ تاپتا ئاش-ناندىنمۇ زورۇر ئىدى دىسله، قارىم.

مۇسا قارىم سول تەرەپتىكى شىرىڭگە كوز قىرىدا قاراپ قويدى-دە، بېشىنى خېرىدارغا تېخىمۇ يېقىنلاشتۇردى:

— ئاز-پاز سۇ يېغى تېپىلارمۇ؟

سادىق روزى دەرھال جاۋاپ بەردى:

— تېپىلىپ قالار.

— ئالدىغىنىڭىز بىر كىيىملىكمۇ؟ — دىدى مۇسا قارىم تېخىمۇ جانلىنىپ.

— ھەئە.

مۇسا قارىم پۇكەي ئاستىدىن بېرزىنت سومكىنى چىقىرىپ دىدى:

— سومكىنىڭ ئىچىدە ياغ قاچىسى بار، يېغىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ، ئاڭغىچە دۇخاۋىنى تەييارلاپ قويىمەن.

سادىق روزى سومكىنى ئېلىپ دۇكاندىن چىقىپ كەتتى.

* * *

كەچ كىرىپ قاراڭغۇلۇق ھەممىنى ئۆز قوينىغا ئالدى. سادىق روزى دەرىزە تۈۋىدە ئورە تۇرغىنىچە قاراڭغۇلۇققا چومگەن گۈڭشې ھويلىسىغا قاراپ خىيال سۈرمەكتە ئىدى. ھويلىدىكى قارغا كومۈلگەن جىمىكى نەرسىلەر ئاي نۇرىدا خۇددى كۈمۈشتەك يالتىرايتتى. قىش كېچىسى ھەم جىمجىت، ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ، سىرتقا چىقىپ سەيلە قىلىشنىڭ ئىمكانىيىتىمۇ يوق، ئۇخلاپمۇ تۈگمەتەلمەيسەن. ئادەتتە يېرىم كېچىدىن كېيىنلا ئۇخلاپ ئادەتلەنگەن سادىق روزىنىڭ كوزلىرىدە ھازىر ئۇيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىنىڭ ئەتىگەن ئىدارىدە ئېيتقان سوزلىرى بىردىنلا ئۇنىڭ



ئېسىگە كەلدى.

شۇجى ئۇنىڭغا قوشىېرىقتا بېرىشتىن ئىلگىرى بىرەر ھەپتە دەم ئېلىپ، ئۇبدان ھاردۇق چىقىرىۋېلىشنى، دەم ئېلىشنى "بوستان"غا قايتىپ، بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزسىمۇ ياكى ناھىيە بازىرىدا ئۆتكۈزسىمۇ بولىدىغانلىقىنى، ئەتە ناھىيىگە ئۈرۈمچىدىن داڭلىق بىر سەنئەت ئۆمىكى كېلىپ بىرنەچچە كۈن ئويۇن قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاخىرىدا:

— كورگەنلەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇلارنىڭ ئويۇنىنى كورمىگەنلەر ھەقىقەتەن ئارماندا قالارمىش، — دەپ چاخچاقمۇ قىلغان ئىدى.

راستىنى ئېيتقاندا، سادىق روزى بۇ مەسلىھەتكە جان دەپ رازى ئىدى. ئۇ مۇنداق مەشھۇر سەنئەت ئۆمەكلىرىنىڭ ئويۇنلىرىنى بىرەر قېتىممۇ كورۇپ باققان ئەمەس. 3 يىل بۇرۇن ۋىلايەتنىڭ سەنئەتچىلىرى "بوستان"غا ئويۇن قويغىلى بارغاندا، ئۇ نازارەت ئاستىدا ئىشلەۋاتقانلىقتىن ئويۇننى كورەلمىگەن ئىدى. ئاپتونوم رايوندىن كەلگەن سەنئەتچىلەرنىڭ ئويۇنلىرىنى كورۇشكە كىممۇ قىزىقمايدۇ دەيسىز. كۈندۈزلىرى ناھىيە مەركىزىدىكى ئاغىنە-بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، كەچقۇرۇنلىرى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئويۇن كورسە، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! لېكىن يەنىلا "بوستان"غا قايتىپ، پۈتۈن بىر ھەپتىنى بالا-چاقىلىرى بىلەن بىللە ئۆتكۈزسە، تېخىمۇ كوڭۈلدىكىدەك بولاتتى. نىمىشقا دىسىڭىز، ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى بالا-چاقىلىرى بىلەن بىر گۈڭشېدا ياشاۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن بىرەر كۈننى ئۇلار بىلەن بىللە ئارام خۇدا دەم ئېلىپ ئۆتكۈزگىنىنى بىلمەيدۇ، گەرچە بىر ئويدە قونۇپ، بىر ئويدە تاماق يەپ يۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن باللارنىڭ ئۆز دادىسىنىڭ چىرايىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كورمەي، ئاۋازنى ئاڭلىماي ئوتۇپ كەتكەن كۈنلىرى ناھايىتى كوپ. سادىق روزى ئەتىگىنى ئۇيقۇغا قانمىغان كوزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئويدىن چىقىپ كەتكەندىمۇ، ئاخشىمى ھېرىپ-ئېچىپ ئويىگە قايتقاندىمۇ، باللىرى ئوخشاشلا ئۇيقۇغا غەرق بولغان بولاتتى.

ئۇ، ھەر كۈنى ئىشتىن كەلگەندە سومكىسىنى تاشلاپلا 3 بالىسىنىڭ يېنىغا ئايرىم-ئايرىم كېلىپ، ئۇلارنىڭ مەسۇم، ئوماق چىرايىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن بىر ھازا تىكىلىپ تۇراتتى-دە، چوڭلىرىنىڭ پىشانىسىگە، كىچىگىنىڭ لېۋىگە يېنىك سويۇپ قويغاندىن كېيىن، ئۈستەل ئالدىغا ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە تۇتۇناتتى. شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىردىنلا ئامراقلىقى تۇتۇپ قالدى-دە، ئائىلىنىڭ ئەركىسى بولغان كىچىك ئوغلىنى ئويغىتىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بۇرنىنى يېنىك چىكىشكە باشلىدى. ئۇيقۇسى بۇزۇلغان بالا ئاچچىغىدا بىرلا سىلكىنىپ، تام تەرەپكە ئورۇلۇۋالدى. بۇ ئىشتىن مەسىلىگى كەلگەن سادىق بالىسىنى تېخىمۇ جىلە قىلماقچى بولۇپ، قۇلىقىنى يېنىك چىمدىۋىدى، بالا كىچىككىنە قوللىرى بىلەن مۇشت ئاتتى، سادىق قۇلاقىنى چىمدىشنى قويۇپ، بالىسىنىڭ ئالمىدەك سۇزۇك مەڭزىگە لېۋىنى تەككۈزۈشىگە بىر مۇشت كېلىپ بۇرنىغا تەگدى.

—ھا، ھا، ھا!—دەپ كۈلۈۋەتتى ئۇ،—قارا سېنى، چاخچاقنى كوتىرەلمەيدىكەنسەن-ھە! ھە، بوپتۇ، بوپتۇ. ئۇيقۇغا دەخلى قىلىشمۇ بىر خىل بۇزغۇنچىلىق، بۇزغۇنچىنى جازالاش كېرەك. ئۇرە، ھە، قاتتىقراق ئۇر، لېكىن مەنمۇ سېنى قانغىچە سويۇۋالاي.

خېلىدىن بۇيان قىرىلمىغان ساقال-بۇرۇتىنىڭ كۈچى يۇمران مۇشتلار ئۈستىدىن غالىپ كەلدي. بالا چىمدىيالماي، تىپىچەكلىگىنىچە



كوزىنى ئاچتى ۋە ئوزى بىلەن "جەڭ" قىلىۋاتقان رەقىبىنىڭ دادىسى ئىكەنلىگىنى بىلىپ بايا مۇشت ئاتقان قوللىرى بىلەن ئەمدى ئۇنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋالدى. سادىقنىڭ يۈرىگى بولسا، شۇرىدە قىلىپ قەندەك ئېرىپ كەتتى...

ئۇ، ئىشتىن بۇرۇنراق قايتقان كۈنلىرى باللىرى بىلەن بىردەم-يېرىمدەم بىللە بولالايتتى. مۇنداق چاغلاردا بەكمۇ خوشال بولۇپ كەتكەن باللىرى دادىسىنى بىر بىرىدىن تالىشىپ، ئۇنىڭغا ئوزىنى ئېتىشاتتى...

چوگۈننىڭ پورۇقلاپ قايناپ، سۈنىڭ مەش ئۈستىگە پاژىلداپ توكۈلۈشى سادىق روزىنىڭ خىيالىنى بولۇۋەتتى. گۇڭشې ئىدارىسىنىڭ لاۋازىماتچىسى چىرايى تۇتۇق ئادەم بولسىمۇ، لېكىن رەھىمدىل ئىكەن. ئۇ، كۇرۇشكىغا ياڭاقچىلىك چايمۇ سېلىپ قويۇشنى ئۇنتۇماپتۇ. سادىق روزى قايناق سۈنى كۇرۇشكىغا قۇيۇۋىدى، سۇ پارى بىلەن بىللە كوتىرىلگەن چاينىڭ مەزىلىك پۇرىقى دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ بەدىنىگە بىر خىل راھەتلىك سېزىم تارقىدى-دە، بىردىنلا قوسقىنىڭ قاتتىق ئاچقانلىغىنى سەزدى.

سادىق روزى كۇرۇشكىدىكى چاينى تولۇق ئىچىپ تۈگەتتى-دە، يىمەكلىكنىڭ ئاشقان قىسمىنى يەنە گېزىتكە ئوراپ قويدى. ئاندىن تاماكا يوگەپ تۇتاشتۇرۇپ، مەشنىڭ كومۇرىنى جىقلاپ قويۇپ كارۋاتقا قىڭغايدى. "ئەتە دادۇيلەرگە بېرىپ گۇڭشې باشلىقلىرىنى تاپىمەن،—دىدى ئۇ كىيىملىرىنى سېلىپ يوتقانغا يوگىنىۋاتقاندا،— ئۇلار بىلەن كورۇشۇپ، ئاۋال پۇتۇن دۇيلەرنى ئايلىنىپ چىقاي..."

* * *

سادىق روزى ئەتىسى مۇئاۋىن شۇجى بىلەن يەنىلا كورۇشەلمەي،

گۈكشى باشلىغىنى ئىزلەپ دادۈيلەرگە يۈرۈپ كەتتى. 4 كۈندىن كېيىن ئۇ پىشقەدەم گۈكشى باشلىغى بىلەن ئىدارىگە قايتقاندا، خۇددى ئوتكەنكىگە ئوخشاشلا ئىشخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى يەنە قۇلۇپلاقلىق تۇراتتى. كوچىدىمۇ، هويلىدىمۇ ئۇلارغا كادىرلاردىن هېچقايسىسى ئۇچرىمىدى. گۈكشى باشلىغى ئىشخانىسىنى ئېچىپ، سادىق روزىنى ئىشخانىغا كىرىشكە تەكلىپ قىلدى-دە:

—خىزمەتچىنى چاقىرىپ كېلەي،—دېگىنىچە قاياققىدۇ كېتىپ قالدى. ئوي ئىچى ئۇزۇندىن بېرى ئوت يېقىلمىغاچقا، مۇزخانىدەك سوغاق ئىدى. بۇلۇڭدا ئوتۇن ۋە كومۇر دوۋىلەگلىك تۇراتتى. سادىق روزى مەشنىڭ ئىچىنى تازىلاپ ئوت ياقماقچى بولدى. ئۇ، ئوتۇن ۋە كومۇرنى سېلىپ بولۇپ، ئەمدىلا سەرەڭگە ياقاي دەپ تۇراتتى، ئىشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىدىن ئوتۇپ كېتىۋاتقان ئىككى-ئۈچ كىشىنىڭ سوزلىرى ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتتى:

—شۇمۇ ئادالەتمۇ؟ ئىنساپ دېگەن قېنى؟ كېلىدىغان باشلىقنىڭ تېخى قارىسىنى كورمەي تۇرۇپلا، زىمىستان سوغاقتا بىر كىشىنى ئويىدىن هەيدەپ چىقارسا، بۇنىڭغا چىداپ تۇرغىلى بولامدۇ!؟

— "غوجامنىڭ قوسىغى توق، قۇلىدىن خەۋىرى يوق" دېگىنى شۇ-دە.

—شەپىسى شەهەر ئالسا، ئوزى يۇرت ئالغۇدەك.

سادىق روزىنىڭ ياقىسىدىن گويا بىرسى مۇز پارچىلىرىنى قۇيىۋەتكەندەك بولدى، ئۇ، قولىدا سەرەڭگە تېلىنى تۇتقىنىچە ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقتى. هويلىدا هېچكىم يوق ئىدى. ئۇنىڭ كالىسىنى ئاللىقانداق بىر گۇمان چۇلغىۋالغاچقا، تېز-تېز قەدەم تاشلاپ ئىشخانىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئوتتى. ئۇ يەر ئائىلىلىكلەر قوراسىغا



ئوتىشاتتى. ئىككى-ئۈچ كىشى چەتتىكى ئويلەرنىڭ بىرىدىن يوتقان-كورپىلەرنى سىرتقا توشۇۋاتاتتى، يەنە ئۈچ-توت كىشى بىر يەرگە توپلىنىپ، ئاللىنىمىلەرنى دېيىشىۋاتاتتى.

سادىق روزى ئۇلارغا يېقىنلىشىپ سالاملاشقاندىن كېيىن سورىدى:

—بۇ يەردە نىمە ئىش بولۇۋاتىدۇ؟

كىشىلەر بۇ ناتونۇش كىشىگە هەيرانلىق بىلەن قارىدى-دە، ئارىدىن بىرسى قاپىغىنى تۈرۈپ جاۋاپ بەردى:

—نىمە ئىش بولاتتى؟ مۇئاۋىن شۇجىنىڭ ئېيتىشىچە، بىزگە يېڭى شۇجى كېلەرمىش، ئۇ بالا-چاقىلىق ئادەم بولغاچقا، ئازادە ئوي تەييارلاش ئۈچۈن مۇنۇ بىچارىلەرنى ئويىدىن قوغلىشىۋاتىدۇ...

كور ياشلىرىنى يېڭىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتكىنىچە ئويىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ياشانغان ئايالنىڭ يىغىسى ئۇنىڭ سوزىنى بولۇۋەتتى:

—ۋاي، رەهمەتلىك مۇرەببىم، سەن تۈگەپ كېتىپ يىل نەزىرىڭنى ئونكۇزمەي تۇرۇپلا خورلۇققا ئۇچرىدۇق. ۋاي، شور پىشانە باللىرىم، ۋاي، بىتەلەي قوزىلىرىم!...

—بۇ ئويدە ئەسلى گۈكشىمىزنىڭ لاۋزىماتچىسى يۇنۇس ئاكا 15 يىلدىن بېرى ئولتۇرۇپ كەلگەن،—دېدى يەنە بىرەيلەن سوز قىستۇرۇپ،—بىچارە، ئوتكەن يىلى كۈزدە ئاشلىق ئىدارىسىدە ئوت ئوچۇرۇش ۋاقتىدا قۇربان بولۇپ كەتتى، مانا ئەمدى...

—بۇ قىش زىمىستان سوغاقتا 6 جانلىق چوڭ ئائىلە تاملىرى ئوتمە-توشۇك بىر ئېغىزلىق ئويدە قانداق كۈن كەچۈرىدۇ؟!—دەپ لوقما سالدى يەنە بىرەيلەن.

سادىق روزىنىڭ بىردىنلا غەزىۋى ئورلەپ، قېنى يۈزىگە تەپتى.

www.uyghurkitap.com

— بۇلارغا ئۆيدىن كوچۇشنى كىم ئۇقتۇردى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ.

— كىم بولاتتى، مۇئاۋىن شۇجى - دە.

سادىق روزى سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، ئۆيدىن نەرسە - كېرەك توشۇۋاتقانلارغا قاراپ كەسكىن بۇيرۇدى:

— ئۆيدىن چىقارغان نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆز جايىغا ئەكىرىپ قويۇڭلار!

گەرچە ئۇلار سادىق روزىنى تونۇمىسىمۇ، ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى كەسكىنلىكنى ئاڭلاپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي، توختاپ قېلىشتى. ئۆي ئىگىسى ئايال بولسا، دەرھال يىغىدىن توختاپ، ئۇنىڭغا ئۈمىت بىلەن تىكىلدى.

بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ۋىلايەت ۋە ناھىيىدىن بەزى باشلىقلار پات - پات كېلىپ تۇراتتى. كىم بىلىدۇ، بۇ كىشىمۇ شۇلاردىن بىرسىمۇ تېخى. لېكىن، كېيىنىشى سەرەنجانلىقتا ئوخشايدىكەن. ھەر ھالدا ئويلىشىپ ئىش قىلىش كېرەك.

— ۋاھ، بۇنىڭغا مۇئاۋىن شۇجى كونەمدۇ؟ — بىرسى شۇنداق دېيىشكە يەنە بىرسى ئۇنىڭغا ئۇلاپلا:

— ئۆيناشماق ئەرباپ بىلەن، ئەپلەپ سالار ھەر باپ بىلەن، دېگەن گەپ بار. مۇئاۋىن شۇجى ئۆز بۇيرۇغىنىڭ ئورۇنلانماسلىقىنى يامان كۆرىدۇ. ساقال - بۇرۇتتىن ئايرىلىپ قالمايلى، يەنە، — دەپ قوشۇمچە قىلدى.

— يولداشلار، — دېدى سادىق روزى ھەممەيلەننىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتىپ، — كۆكشىپ يالغۇز شۇجىنىڭلا ئەمەس، كۆكشىپنىڭ ئىشىغا ھەممەيلەن ئورتاق مەسئۇل بولۇشىمىز لازىم. قېنى، يۈرۈڭ-



لار، چىقارغان نەرسىلەرنى جايىغا ئەكىرىپ قويايلى، مەرھۇم يولداشنىڭ ئاكىنىڭ بالا - چاقىلىرى ئۆز ئۆيىدە ئولتۇرىۋەرسۇن.

كىشىلەر دەرھال ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، نەرسە - كېرەك توشۇۋاتقانلاردىن بىرسى ئۇلارنىڭ ئالدىنى توستى:

— بىزنى مۇئاۋىن شۇجى بۇيرۇغان، ئەگەر ئۆينى كوچۇرمەيدىغان بولساق، بۇ ئىشقا كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ.

— راست، كىم مەسئۇل بولىدۇ؟ — كىشىلەر يەنە سادىق روزىغا قاراشتى.

— مەن مەسئۇل بولىمەن! — دېدى سادىق روزى، — نەرسە - كېرەكلەرنى ئۆز جايىغا ئەكىرىۋېرىڭلار.

— سىز مەسئۇل؟ — بايىقى كىشى سادىق روزىغا سىناش نەزىرى بىلەن قارىدى، — لېكىن سىزنىڭ كىملىكىڭىزنى بىز بىلمىسەك؟

ھەممەيلەن 40 ياشلار ئەتراپىدىكى بۇغداي ئۆڭلۈك، كۆزلىرى خۇددى تىنىق سۇدىكى ئاي شولىسىدەك چاقناپ تۇرىدىغان، ئوتتۇرا بويلۇق، مىختا كەلگەن بۇ ناتونۇش كىشىگە قىزىقىش ئىچىدە جاۋاب كۈتۈپ قاراپ تۇرۇشتى.

سادىق روزىنىڭ چىرايىدا پات - پات كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان بىر خىل خاپىلىق ئىپادىسى پەيدا بولدى.

سالاھىيەت، ھەي سالاھىيەت، ھەر دوخمۇشتا ئۆزىنى كۆرسىتىدىغان چاكىنا دەرىجە پەرقى! سېنىڭ كارامىتىڭ شۇنچە زورمۇ؟! ھەمىشە ھەممە ئىشتا بىرەر باشلىقنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىپادە بىلدۈرۈشى شۇنچە زۆرۈرمۇ؟!

سادىق روزىنىڭ قەلبى ئۆرتىنىپ، ئۆزى ياقتۇرمايدىغان سوئالغا

نىمە دەپ جاۋاپ بەرسەمكىن؟ دەپ ئويلىنىۋاتقاندا، بۇ يەرگە ئالدىراپ يېتىپ كەلگەن گۇڭشې باشلىغى ئۇنى تەڭلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالدى.

— سادىق شۇجى، بۇ يەرگە كېلىۋاپتىكەنسىز-دە، — دېدى ئۇ نېرىدىنلا سوزلەپ، — يۇرۇڭ، زالدا ھەممە ئادەم سىزنى ساقلاپ قالدى، — ئاندىن ئۇ سادىق روزىنىڭ چىرايىدىكى ھەيرانلىق ئىپادىسىنى كورۇپ ئالدىراپ قوشۇپ قويدى، — مۇئاۋىن شۇجى ئىدارە-جەمىيەت كادىرلىرىغا ھوججەت يەتكۈزۈۋاتقان ئىكەن، بىز شۇ يەرگىلا بارىدىغان بولدۇق.

بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇلار زالغا كىرىپ كەلگەندە، يۇزلىگەن كىشىلەر قاتتىق چاۋاك چېلىپ قارشى ئالدى. پەقەت ئۇلار ئىچىدە ئىككى كىشى — مۇئاۋىن شۇجى بىلەن مۇسا قارىم باشقىلارغا ئەگىشىپ چاۋاك چېلىۋاتقان بولسىمۇ گويا بۇ ئويغۇمىمۇ، چۈشۈمىمۇ دىگەندەك سادىق روزىغا ھەيرانلىق ئىچىدە قاراپ قېلىشقان ئىدى. "شۇمۇ، ئەمەسمۇ؟" دەپ ئويلايتتى ئۇلار. مۇسا قارىم كوزىنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، يەنە ئاچتى، ئاشۇ كۇلۇمسىرەپ تۇرغان قوي كوزلەر ۋە ساقال-بۇرۇتى ئوسۇپ كەتكەن خۇش خۇي چىراي بارغانسېرى ئۇنىڭغا تونۇش بىلىنگىلى تۇردى. "شۇنىڭ ئوزى" دېدى ئۇ ئوز ئوزىگە پىچىرلاپ ۋە شۇ ھامان كوز ئالدىدا ھىلىقى ياغ قاچىسى گەۋدىلىنىپ، پۇتۇن بەدىنىگە ئاللىقانداق تىترەك ئولاشتى. مۇئاۋىن شۇجىنىڭ بىسەرەمجانلىغىمۇ ئۇنىڭدىن قېلىشمايتتى. ئۇنىڭ قوللىرى تىترەپ ئالدىدىكى ھوججەتلەرنى ھىلى ئۇ ياققا، ھىلى بۇ ياققا ئالاتتى. ئۇمۇ سادىق روزىنى تونۇدى: "ھەي، پىشكەل قېرى، — ئۇ ئىچىدە ھىلىقى كېسەل بالىنىڭ دادىسىنى تىللىغىلى تۇردى، — شۇ كۇنى ئاشۇ



قېرى جەھلىمنى قوزغاپ قويمىغان بولسا، سا شۇجى بىلەن باشقىچە كورۇشەتتىمكەن-دە، ئۇنى ئىشخانىدىن قوغلاپ چىقىرىپتىمەن، يامان بوپتۇ، بەك يامان بوپتۇ..." ئۇ گويا ئىچىنى مۇشۇك تاتىلىغاندەك ئازاپلىنىپ، سادىق روزىغا گۇمان بىلەن قارىدى. لېكىن، سادىق روزى گويا ئۇنى بۇرۇن زادى كورمىگەندەك، ئۇنىڭغا دىققەتمۇ قىلماستىن كۇلۇمسىرىگىنىچە زالدىكى كىشىلەرگە قاراپ تۇراتتى.

يىغىن ئاخىرىدا گۇڭشې باشلىغى سادىق روزىنى سوزگە تەكلىپ قىلدى. سادىق روزى ئورنىدىن تۇرۇپ، زالدىكىلەرگە تەكشى قاراپ چىققاندىن كېيىن، سوزىنى مۇنداق باشلىدى:

— يولداشلار، بىز ھەممىمىز خەلقىنىڭ چاكىرى...

(«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 11-سانىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ۋىسال كېچىسى

## توختى ئايۇپ

ئىنسانلار ئارىسىدىكى چىن دوستلۇق ۋە مۇھەببەتنىڭ تۇنجى قەدىمى هايات مۇساپىسىنىڭ ئەگرى-توقاي يوللىرىدىن باشلانغان بولىدۇ، كىشىلىك تۇرمۇشتىكى ئاشۇ ۋەقەلەر بەكمۇ قىزىقارلىق هەم باهار پەسلىدىكى رەڭمۇ-رەڭ گۈل-چېچەكلەرگە ئوخشاش ئاجايىپ گۈزەلدۇر.

1

ئەكبەر ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدىن رېتسىپ قەغىزىنى كوتىرىپ ئامبۇلاتورىيىنىڭ ئۇزۇن كارىدورىغا چىققاندا، دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ئىشتىن چۈشۈشىگە يەنە ئىككى مىنۇتلا قالغان ئىدى.

—ئاپلا! بۈگۈن يەنە كېچىكتىم،—دەپ پىچىرلىدى ئەكبەر ۋە ئالدىراش بېرىپ ئوكۇل بۆلۈمىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى.

—كەچۈرۈڭ، ئىش ئورنۇم يىراق بولغانلىقتىن،—دېدى ئۇ ئىشىكنى ئاچقان هەمشىرە قىزنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشىپ،—قانچە تېز ماڭساممۇ يەنە كېچىكتىم، دوختۇر ئوكۇل ئۇرۇش كېرەك، دەيدۇ. ئۇنىڭ هەممىسىنى مۇشۇ رېتسىپقا يازدىغۇ دەيمەن.

هەمشىرە قىز سوپۇن يۇقى قولىنى سۇدا چايقاۋېتىپ مۇلايىمغىنا جاۋاپ بەردى:



—ئوكۇلىڭىزنى ئەمدى ئەتە ئەتىگەندە ئۇردۇرسىز-دە، ئەكبەر ۋاقتىمۇ توشۇپ قالدى.

دېگەندەكلا كارىدوردىكى توك قوڭغۇرىغى توختاۋسىز جىرىڭلاپ ئەتراپنى بىر ئالغان ئىدى. ئەكبەر ئۆز ئەهۋالىنى چۈشەندۇرۇشكە تىرىشىپ:

—ئەتە كېلەلمەيمەن دەڭا، سىز بىلمەيسىز، ئىشخانامغا بىرلا كىرىدىمۇ كەچتە بىراقلا چىقىدىغان گەپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىرلا يەنە مۇهىم بىر يەرگە بېرىشىم كېرەك،—دېدى.

قىز مەنالىق كۈلدى:

—مۇهىم بىر يەرگە دەمسىز؟ توغرا، بۇ كەچتە ئويۇن-تاماشا ياكى تانسىغا چاپماقچىدۇرسىز؟!

—نىمە؟ تانسىغا دەمسىز!؟... هىم!... رەهمەت سىزگە،—دېدى ئەكبەر سوغاق نەزەر بىلەن قىزغا قاراپ،—هەر ئىككىمىز ئۆز ئىشىمىزغا ئالدىرىساق كېرەك.

ئەكبەر بىر دەقىقە ئىمىنىدۇ ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن رېتسىپ قەغىزىنى پۇرلاپ يەرگە تاشلىدى-دە، ئارقىسىغىمۇ قارىماي كېتىپ قالدى.

قىز يەردىكى مىجىپ تاشلانغان رېتسىپنى ئېلىپ ئاۋايلاپ ئاچتى. قەغەزدىكى لاتىنچە هەرپلەر بىلەن ئومۇچۇك توردەك گادىرماش قىلىپ يېزىلغان گىلىكوزا بىلەن ئاتىروفىن ئوكولىنىڭ نامى ۋە بۇ دورىلارنى يۇقۇرى مىقداردا ئىشلىتىش توغرىسىدا دوختۇرنىڭ يازغان كورسەتمىسىنى ئوقۇپ بىردىنلا سەگەكلەشتى. بۇ دورىلار پەقەت بىرەر نەرسە بىلەن زەهەرلەنگەن كېسەللىكلا مۇشۇنداق يۇقۇرى مىقداردا ئىشلىتىلەتتى.

— يولداش، توختاڭ!

قىز يۈگۈرگىنىچە ئامبۇلاتورىيە ئىشىگىدىن چىقتى، لېكىن بۇ چاغدا ئەكبەر يولدىكى ئۆتكۈنچىلەر ئارىسىدا ئاللىقاچان كۆزدىن غايىپ بولغان ئىدى.

قىزنىڭ كۆڭلى غەشلىككە تولدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر ئالدىغا كەلگەن ھەرقانداق كېسەلنى كېچە-كۈندۈز دېمەي، ئوكۇل قويۇپ، داۋالاپ ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇپ كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ھەر يىلى دوختۇرخانا بويىچە ئىلغار داۋالىغۇچى بولۇپ سايلىنىپ، تەشكىلنىڭ تەقدىرلىشى، خەلقنىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولۇشىمۇ بىكار ئەمەس. دوختۇرخانا ئالدىدىكى شەرەپ تاختىسىغا ئالتۇن ھەل بىلەن يېزىلغان ئىسمى، چاپلانغان رەسىممۇ ئۇنىڭ پىداكارانە ئەمگىكىنىڭ شاھىدى ئىدى!

ئەمما بۈگۈن ئۇ نېمە بولدى، نېمىشقا ھېلىقى يىگىتنىڭ كېسىلىگە باشتىلا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالمىدى؟ ياكى ئۆزىنىڭ يېرىم سائەتلىك ۋاقتىنى قۇربان قىلىشتىن كېچەلمىدىمۇ؟ ياق! بۇنىڭغا ئۇ ۋىجدانەن جاۋاپ بېرەلەيدۇ! دەرۋەقە، ئۆزىنىڭ ئاشۇ يىگىت ئالدىدا دىلىغۇل بولۇپ قالغانلىغى راست. بۇنىڭغا ئەلۋەتتە ئۆزى سەۋەپچى ئەمەس، دادىسىنىڭ تاپشۇرۇغى!

ھەمشىرە قىز بۈگۈن ئەتىگەن دوختۇرخانىغا مېڭىش ئالدىدا دادىسى ئۇنىڭغا: "قىزىم، بۈگۈن كەچتە ئۆيگە ئامال قىلىپ بۇرۇنراق قايتىپ كەل، ئاپاڭغا ياردەملىشىپ شۇنداق مەزىلىك تاماق ئېتىڭلاركى، مېھمانىنىڭ تامىغىدا قالسۇن. مېھماننى كىم دېمەمسەن؟ مېنىڭ ھۆرمەتلىك ئۇستازىم، ئۆزى بىئولوگىيە پىروفېسسورى!" دىگەن ئىدى.



ئۇ دادىسىنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتى. ئۇ، دادىسىنى ئاددى بالىلىق مېھرى بىلەن سۆيۈپ، قەدىرلەۋاتقىنى يوق. دادىسىنىڭ ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيدىغان يېڭىلمەس غەيرەت-شىجائىتى، چاقماقتەك ئۆتكۈر زېھنى ۋە ئۆز كەسپىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشتىكى جاپالىق ئەمگىگى ئۇنىڭدا قايناق مۇھەببەت ئويغاتقان ئىدى.

ئۇنىڭ دادىسى سورتلۇق ئۇرۇقلۇق يېتىشتۈرۈش ئىدارىسىنىڭ پىششىقەدەم تېخنىكى بولۇپ، يېشى ئەللىكلەردىن ھالقىغان چاساقال، خۇش چاقچاق ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئىدارىدە نېمىلەرنى ئىشلەيدىغانلىغى ھەرھالدا قىزىغا مەلۇم ئەمەس. لېكىن ئۇ كەچقۇرۇنلۇغى ئۆيگە قايتقاندا كىلىيونكىدا تاشلىق يوغان سومكىغا ئاللىقانداق نەرسىلەرنى لىقمۇ-لىق تولدۇرۇپ كەلگەن بولاتتى. ئەتىگەنلىگى ئېرىگە گۆش، كۆكتات، تۇز ئۈچۈن سودىلىق جېكىلىگەن خېلىچىخان ئانا سومكىنى ئاچقاندا ئۇنىڭدىن ئادەم چىدىغۇسىز بەتبۇي، سېسىق بىرنېمىلەر قاچىلانغان ئونلىغان ئۇششاق بوتۇلكا ۋە خالتىلار چىققان بولاتتى. ئەلەمدىن يېرىلغۇدەك بولغان خېلىچىخان ئانا سېسىق پۇراقتىن بۇرۇنلىرى ئېچىشىپ، تۆت-بەشنى قاتتىق چۈشكۈرۈۋەتكەندىن كېيىن خالتا ۋە بوتۇلكىلارنى تالاغا زەردە بىلەن پىقىرىتىپ ئېتىشقا باشلايتتى ۋە:

— ئىلاھىم بۇ ناشۋال قاپاق بىلەن سەكسەن خالتىلاردىن ھېچ قۇتۇلمىدىم، — دەيتتى بىر ھازاغىچە جاۋىلداپ.

— سەن ئەخمەق خوتۇن! — دەپ توۋلايتتى ئېرى يۈگۈرگىنىچە خوتۇنىنىڭ قولىنى قاماللاپ تۇتۇۋېلىپ، — شەھەردە بۇغدايىنىڭ ئاق توقچى بىلەن، سەدەپتەك گۈرۈچىنىڭ مايلىق پولوسىنى يېيىشنىلا بىلىسەن، ئۇنىڭ نەدىن كېلىدىغانلىغىنى ئويلاپمۇ قويمايسەن،

www.uyghurkitap.com

دېخاننىڭ ئەۋلادى بولمىساڭ قانداق قىلاتتىڭ؟ ئىست، بىرمۇنچە ئەمگەكلىرىمنى نابۇت قىلىۋەتتىڭ!

ئۇ خوتۇنغا كايىغىنىچە يەردە چېچىلىپ ياتقان بوتۇلكا، خالتىلارنى تېرىپ رەت-رەتى بىلەن يەنە ھېلىقى سومكىغا ئاۋايلاپ سالاتتى. كېيىنچە خېلىچىخان ئانا بۇ "ناسۋال قاپاق، سەكسەن خالتا"لارغىمۇ كونۇپ قالدى. يولدىشى كەچكى تامىقىدىن كېيىن، قېلىن، قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر كىتابنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ئوقۇيتتى. قايسىبىر ۋاراقلىرىغا بىر ھازاغىچە قادىلىپ قالاتتى، ئاندىن كېيىن يەڭلىرىنى تۈرۈپ ئالدىغا مىسقاللىق كىچىك تارازىسىنى قويۇۋالاتتى-دە ھېلىقى سېسىق، بەتبۇي توزۇندىلارنى تارازىدا ئۆلچەپ، ھەر خىل نىسبەتتە ئارىلاشتۇراتتى ۋە ئەتىسى ئىدارىسىنىڭ تەجرىبە ئېتىزلىقىدا سىناپ كورۇش ئۈچۈن ئېلىپ كېتەتتى.

ھەمشىرە قىز دادىسىنىڭ چاك-چاك يېرىلىپ، چاۋىرىپ كەتكەن قاتما قوللىرىغا دورا سۈركەۋېتىپ، چوڭقۇر قورۇقلار ئارىسىدىكى ئۇيقۇسىزلىقتىن قىزىرىپ كەتكەن كوزلىرىگە ئالاھىدە مېھىر بىلەن باقاتتى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ يېزىدىكى تۇققانلىرىغا ئوخشاش مىڭلىغان دېخانلارنىڭ جاپاسىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن جان كويدۇرۇپ ئىشلەۋاتقان مۇشەققەتلىك ئەمگىكىدىن سويۇنەتتى.

"خۇددى دادامدەك ئوز ئەقىل-ئىدرىكى بىلەن ئۇچمەس تۆھپە يارىتىپ، دېخانلارنىڭ بەختى ۋە باياشات تۇرمۇشى ئۈچۈن تەر توككەن كىشىلەرنى سويىمەن، — دەپ پىچىرلىدى قىز، — بۈگۈن كەچتە ئۆيىمىزگە مېھمان بولۇپ كېلىدىغان پروفېسسورمۇ ئەلۋەتتە شۇنداق ھورمەتكە لايىق كىشى بولسا كېرەك. ئۇ بەلكى ئۇزۇن يىللىق ھاياتىنى ئىلىم-پەنگە سەرپ ئېتىپ، كوزلىرىنىڭ نۇرى



كەتكەن، قەددى يادەك ئېگىلىپ، چاچ-ساقاللىرى سۇتتەك ئاقارغان بوۋايدۇ، قېرىلارنىڭ قانداق تاماققا ئامراق ئىكەنلىكىنى كىشىلەردىن سورىسۇنچۇ! بۈگۈن تاماقنى شۇنداق مەزىلىك، شۇنداق يۇمشاق ئېتەيكى، پروفېسسورنىڭ چىشى بولمىسىمۇ بىمالال يېيەلەيدىغان بولسۇن..."

قىز سوغاق بىر نەرسىدىن ئەندىكىپ كەتتى، ئۇ دادىسى ۋە قېرى پروفېسسور توغرىلىق ئىلھامبەخش تاتلىق خىياللارغا چومۇلۇپ خالات ۋە ئاق پوسمىسىنىڭ يامغۇردا سۈزمە بولۇپ كەتكىنىنىمۇ سەزمىگەن ئىدى!

ئۇ ھېلىقى يىگىتنى يەنە ئېسىگە ئالدى. ئۇنىڭ كوڭلىدىن: "مەن كېيىن ئۇزرە ئېيتىپ ئوكۇلنى ئۇرۇپ قوياي دەپ چىققىنىمغۇ، ۋاي تاۋى نازۇكەي، بويۇن تولغاپ كېتىپ قالغىنىڭىز بىلەن ئالدىمغا يەنە نەچچە كېلەرسىز تېخى!" دىگەنلەر ئوتتى.

قىز قالىغاچ قانىتىدەك ئىنچىكە ئەگمە قاشلىرىنى سۈزۈپ، تۇمشۇغىنى يېقىملىققىنا ئۇشلاپ قويدى-دە، خالاتلىرىنى سېلىۋېتىش ئۈچۈن كارىدورغا يۈگۈردى.

ئۇ بىرزىنت يامغۇرلۇقنى ئۇستىگە يېپىۋېلىپ، ۋەلسىپىتىنى يېتىلەپ ئاسفالىت يولغا چىققاندا يامغۇر تېخىمۇ كۈچىيىپ يېغىۋاتاتتى. ئۇ ئەپچىللىك بىلەن ۋەلسىپىتكە مىنىپ، پېدالىنى بار كۈچى بىلەن تەپكىنىچە ئوز ئۆيى تەرەپكە قاراپ چاپتى.

قىز توت كوچا كېسىشكەن شەھەر مەركىزىدىن ئەگىپ ئوتۇپ، جەنۇپ تەرەپتىكى چوڭ يولغا بۇرۇلدى. ئەمدى ئۇ بەش مىنۇتتىن كېيىنلا ئۆيىگە يېتىپ بارالايتتى. يامغۇرلۇق كوچىدا ئوتكۈنچىلەر ئاندا-ساندا كېتىپ باراتتى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە يولۇققان بىر ئىش

ئالدىراۋاتقان قىزنى يەنە ۋەلسىپىتتىن چۈشۈشكە مەجبۇر قىلدى. يامغۇردىن كىيىملىرى سۇزمە بولۇپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ھىلىقى يىگىت قىزدىن ئون قەدەم ئالدىدا ئېغىر قەدەملىرىنى ئارانلا بېسىپ كېتىۋاتاتتى. قىز ۋەلسىپىتنى يېتىلىگىنىچە يىگىتكە يېتىشتى ۋە ياندىشىپ ماڭدى.

— قاراڭ سىزنى، شۇنچە تېز كېتىپ قاپسىز، ئارقىڭىزدىن قوغلاپ چىقىپمۇ تاپالمىدىم. مانا ئەمدى سۇغا چۈشكەن ئاسلانغىلا ئوخشاپ قاپسىز...— قىز چاخچاق ئارىلاش خۇش ئاۋازدا قىزىقسىنىپ كۈلدى ۋە ئۈستىدىكى يامغۇرلۇقنى يىگىتنىڭ كەڭ يەلكىسىگە يېپىپ قويۇپلا ۋەلسىپىتكە مىندى. يىگىت ھېچنەرسىنى چۈشەنمىگەن ھالدا چوڭ كۆزلىرىنى قىزغا تىككىنىچە:

— بۇ...بۇ...نېمە ئىش؟ — دېدى ھەيران بولۇپ.

— ئەسكى چاپان يامغۇردا ياخشى، دېيىشىدۇ، كىيىۋېلىڭ! سوغاق تېگىپ كېسەللىكىڭىز ئېغىرلىشىپ كەتمىسۇن. ئەتە ئوكۇلغا كەلگەندە ئالغاچ كېلەرسىز!...— قىز جىنەستىدەك لەۋلىرىنى پۈرۈشتۈرۈپ ئۇماققىنا كۈلدى، ئەكبەر ئۆز لايىغىدا جاۋاپ قايتۇرغىچە ئۇ ئاللىقاچان ئۇزاپ كەتكەن ئىدى.

— ھەي شەيتان قىز، — دېدى ئۇ قىزنىڭ ئارقىسىدىن مەسلىگى كەلگەندەك قاراپ. ئەمما ئۇنىڭ ئوكۇل بولۇمى ئالدىدىكى ئۆزىگە بىپەرۋا قارىغان ساددە ھالىتىنى ئويلىغىنىدا بىردىن قوشۇمىسى تۈرۈلدى:

”ئەجىبا، دوختۇرلار كېسەل كۆرسەتكۈچىلەر ئۈچۈن نوقۇل ھالدا ۋاقىت بەلگىلەپ بېرىشى كېرەكمۇ؟ مەيلى، ئۆزەم ئېغىر گازىدا قانچىلىك زەھەرلەنگەن بولاي، ھازىر ئۆزەمنى ئويلايدىغان ۋاقىت



ئەمەستە. مۇبادا بۈگۈن مەن كېسەل كۆرسىتىشكە ئالدىرايدىغان بولسام، بۇ دورىلار ئۈستىدىكى خىمىيىۋى تەكشۈرۈش ئاياقلاشمىغان بولاتتى. ئۇنداقتا ئۆز ئەمگەكلىرىنىڭ ئىلمىي نەتىجىسىگە تۇت كوز بىلەن تەقەززا بولۇپ تۇرغان پىشقەدەم تېخنىكقا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ خەيرىيات، لابوراتورىيىدە ھەممىسى تەكشۈرۈلدى... خەپ! ھېلىقى قىزنىڭ توڭ گېپىچۇ؟ 'تانسىغا چاپماقچىدۇرسىز' دەيدىيا تېخى!...“

ئەكبەرنىڭ پىكىر-ھېسسىياتى گويا دېڭىز دولقۇنلىرىدەك مەۋج ئۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالغا چۆمگىنىچە كېتىۋاتقىنىدا بىردىن يەلكىسىنىڭ ئىللىپ بېرىۋاتقىنىنى سەزدى، ئۇ يامغۇرلۇقنى يەلكىسىدىن ئېلىپ باشقىدىن كىيگىنىدە ئەتىر ۋە رەيھانگۈلدىلا بولىدىغان بىر خىل خۇش پۇراق ئەكبەرنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلدى-دە، ئۆزگىچە شېرىن بىر كۈچلۈك سېزىم ۋۇجۇدىنى ”شۇر“ قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ قامەتلىك گەۋدىسىگە يامغۇر تاراسلاپ ئۇرۇلاتتى، تېخى ھېلىلا سوغاقتىن دىر-دىر تىترەپ كېتىۋاتقان بۇ يىگىت ئەمدى ھاياتىدا ھېچقاچان ھېس قىلمىغان ئاجايىپ ئىللىق بىر ھارارەتنىڭ يۈرىكىنى قىزدۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزمەكتە ئىدى.

## 2

— ھاشىم تاغامنىڭ ئۆيى مۇشۇمىكىن؟

— ھەئە، شۇ، كېلىڭ!

ئەكبەر سورىۋالغان كوچا ۋە ئىشىك نومۇرى بويىچە ھاشىم ئاكىنىڭ ئۆيىنى جەزملەپ مۇشۇ ئىشىكنى قاققان ئىدى. ئالدىغا گۈللۈك پەرتۇق تارتىۋالغان خېلىچىخان ئانا ئىشىك ئالدىدىكى نا-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

تونۇش يىگىت بىلەن سالاملاشتى. يۈز-كۆزىگە يامغۇر تاراسلاپ ئۇرۇلۇۋىدى، خېمىر يۇقى قولى بىلەن يۈزىنى توسقىنىچە ئۆي ئىچىگە قاراپ توۋلىدى:

—قىزىم، داداڭنى چاقىرىۋەتكىنە.

ھاشىم ئاكا كەشىنى شاقىلداتقىنىچە يۈگۈرۈپ دىگۈدەكلا مېھمانخانىدىن چىقتى.

—ئەسسالام پىروفېسسور! كېلىڭ، ئۆيگە مەرھەمەت قىلىڭ. قېنى مېھمانخانىغىلا، ۋاي خۇدايىم، بەكلا ئاۋارە بولدىڭىز، بۇ لەنتى يامغۇرنى دىمەمسىز؛ بۈگۈن قىرىشقاندەك ئەجەپ ياغدىيا...

ھاشىم ئاكا خۇشاللىقتىن ئاغزى بېسىقماي سۆزلەيتتى، ئۇ ئەكبەرنى قولتۇقلىغىنىچە ئازادە، قەدىمىي ئۇيغۇر پوسۇنىدا بىزەلگەن ھەشەمەتلىك مېھمانخانىسىغا باشلاپ كىردى.

تامدىكى ئوتقاشتەك خوتەن گىلەملىرى كۆزنى قاماشتۇرسا، كارۋات ۋە دەرىزىگە تۇتۇلغان سۇس ھاۋارەڭ گۈللۈك رىشلىيە ئىشلەنگەن پەردە كىمنىڭدۇ ئاجايىپ نەپىس گۈزەل قول سەنئىتىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى.

ئەكبەر يامغۇرلۇقنى سېلىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئىلدى. ھاشىم ئاكا ئۇنىڭ ھۆللۈكتىن بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن كىيىملىرىنى كۆرۈپ بېشىنى چايقىدى.

—قىزىق ئىش، يامغۇرلۇغىڭىزدىن سۇ ئۆتۈپ كېتىدىكەن-ھە؟ ئەتىمالىم سىرتتا ناھايىتى كۆپ ئاۋارە بوپسىز.

ئەكبەر يولدا كېلىۋېتىپ، سوغاقتىن تىترەشكە باشلىغاندا، ھېلىقى ھەمشىرە قىزنىڭ خۇددى پەرىشتىدەك يېنىدا پەيدا بولۇپ، ئۈستىدىكى يامغۇرلۇغىنى ئۇزىگە يېپىپ قويۇپلا قۇيۇندەك چىپىپ كەتكەن-



لىرىنى، جانان چىنىدەك ئاۋازى بىلەن "خەير-خوش" دەپ خۇشخۇي كۈلگەنلىكلىرىنى ئەسلەپ مېيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

بۇنى ئۇز تەسەۋۋۇرىدا باشقىچە چۈشەنگەن ھاشىم ئاكا "ھەي ياشلار-دە بۇلار، بۈگۈنكى يامغۇر ئۇنىڭغا كار قىلامدۇ؟ مېنىڭ بولسا ئاللىقاچان پېيىم تارتىپ قالاتتى" دەپ ئويلىدى.

ئەكبەرنى ھاشىم ئاكىنىڭ پاكىز، لايىغىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئازادە ئويىدىن كۆرە، داستىخانىنىڭ مول-لۇغى ھەيران قالدۇردى. ھەر خىل نازى-نېمەتلەر يۇمۇلاق جوزىغا سېلىنغان گۈللۈك داستىخان يۈزىنى بىر ئالغان ئىدى.

ئەكبەر يولەنچۈكلۈك يۇمشاق ئورۇندۇققا ئولتۇرۇۋېتىپ كوڭۇل ئېيتتى:

—ھاشىم ئاكا، جىق جۇۋاپسىز، كۆندە ساڭزا-قۇيماق يەيدىغان ھېيت ئەمەسقۇ بۇ...

—يىسەك نىمە بوپتۇ؟ بۇنىڭ ھەممىسىنى قىزىم تەييارلاپتۇ، قېنى ئېلىڭ، بۇ مېنىڭ كوڭلۇم.

ئەكبەر ھاشىم ئاكىنىڭ "قىزىم تەييارلاپتۇ" دىگەنلىرىگە ئانچە دىققەت قىلمىدى. ئۇ چايدىن بىر ئوتلىۋېلىپ، سومكىسىدىن قارا تاشلىق خاتىرىنى ئالدى ۋە:

—سىز ياساپ چىققان نىتروفىن① بىرىكمە توپىسىنىڭ خىمىيۋى تەركىۋىنى تەكشۈرۈپ چىقتىم، —دىدى.

—ھە، ھە...نەتىجىسى قانداق چىقتى؟ —ھاشىمكام خاتىرىگە

① نىتروفىن — شاللىقتا ئۆسىدىغان كۈرمەك، پېيزەك قاتارلىق ياۋا ئوتلارنى يوقىتىدىغان زەھەرلىك خىمىيۋى دورا.

ئىگىنىشىپ قارىغىنىچە ئالدىراپ سورىدى.
ئەكبەر خاتىرىسىگە يېزىۋالغان خىمىيىۋى رېئاكسىيە نەتىجىلىرىنى
چۈشەندۈرۈشكە كىرىشتى:
— سىز تەييارلىغان ئالتە خالتىدىكى نىتروفىن ۋە پروفانىل①
بىرىكمىسى ئۈستىدە خىمىيىۋى تەكشۈرۈش ئۆتكۈزدۈم. تەكشۈرۈش
نەتىجىسىدە توتىنچى خالتىدىكى 25% لىك نىتروفىن توپىسىنىڭ
پىيىزەك ۋە كۈرمەك ھۈجەيرىلىرىنى بۇزۇش ئىقتىدارىنىڭ بىرقەدەر
يۇقۇرى ئىكەنلىكى ئىسپاتلاندى. بەش-ئالتە يۈز گىرام 25% لىك
نىتروفىندىن زەھەرلىك توپا ياساپ بىر مو يەردىكى شال مايسىلىرىغا
چاچقاندا ئۇنىڭ كۈرمەكنى يوقىتىش ئۈنۈمى 93% ئەتراپىدا، پىيـ-
زەكنى يوقىتىش ئۈنۈمى 94% ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن، ئامېرىكا
ۋە ياپونىيە يېزا ئىگىلىك ئالىملىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى ئىلمىي ماقالـ-
لىرىدىمۇ مۇشۇ مەسىلىلەر ئېنىق قەيت قىلىنغان. ئەڭ مۇھىمى
بۇلارنى يەنە شال ئېتىزلىرىدا سىناق قىلىپ تەكشۈرۈشكە توغرا
كېلىدۇ.
— شال تېرىشقا يەنە ئازلا ۋاقىت قالدى، ئۇكام! — ھاشىم ئاكا
خۇشاللىقتىن ۋاقىرىۋەتتى. — مۇبادا مۇشۇ ئەمگەكلىرىمىز بىلەن ياۋايى
ئوتلارغا جەڭ ئېلان قىلالىساق، دېخانلارنىڭ شال ئوتاش ۋاقتىنى
تېجەپ، دەردىنى يېنىكلەتكەن بولاتتۇق!
ھاشىم ئاكىنىڭ مۇلايىم قوي كوزلىرى ئۈمىت ۋە ئىپتىخارلىق
نۇرى بىلەن ياندى. چىرايىدىكى قورۇقلار ئازىيىپ، بىردىنلا ياشـ-

① پروفانىل — خۇسۇسىيىتى نىتروفىن بىلەن ئوخشاش زەھەرلىك خىمـ-
يىۋى دورا.



رىپ قالغاندەك كورۇندى. ئۇ ھاياجاندا ئەكبەرنىڭ قولىنى چىڭ
سىقىپ "سەن"لەپ سوزلەپ كەتتى:
— سادىغاڭ كېتەي پىروفېسسور ئۇكام، ياردىمىڭنى مەندىن ئايىما،
سەن بولمىساڭ مەن قېرىنىڭ قىلغان ئىشى نىمىگە دال بولالايتتى؟
ھاشىم ئاكا ئەكبەرنىڭ قولىنى قىسىۋېتىپ غەيرى بىر ھالنى
سېزىپ چوچۇپ كەتتى: ئەكبەرنىڭ قولى مۇزدەك سوغاق بولۇپ،
دىر-دىر تىترەپ تۇراتتى.
— ۋاي، نىمە بولدىڭىز؟ قاراڭ چىرايىڭىز تاتىرىپ، كوزلىرىڭىز
ئولتۇرۇشۇپ كېتىپتىغۇ؟
شۇ تاپتا ئەكبەرنىڭ بېشى ئېسىلىپ، كوڭلى ئايىنىپ تۇراتتى.
ئەمما ئۇ يەنىلا ئۇزىنى چىڭ تۇتۇشقا تىرىشىپ:
— ھېچقەسى يوق، بېشىم بىرئاز ئايلىنىپ تۇرىدۇ، — دىدى.
— ئاپلا! نىمىشقا بۇرۇن دېمىدىڭىز، تىلىڭىزنى بىر چىقىرىڭا،
مانا! ھېچقەسى يوقمىش تېخى! نىمىشقا دوختۇرغا كورۇنمىدىڭىز؟
ئەكبەر بىر خىل خاتىرجەم تەمكىنلىك ھېسسى بىلەن كۈلۈۋەتتى:
— ۋاي بارمامدىغان، لېكىن دورا-ئوكۇل بېرىدىغانلار ئىش
ۋاقتى تۈزۈمگە قاتتىق رىئايە قىلىدىكەن، سەللا كېچىكىپ قالدىـ-
ڭىزمۇ، بولدى! "ئەتە كېلىڭ" دەپلا يولغا سالىدىكەن.
ئۇ، ئوكۇلخانا ئالدىدا ھىلىقى ناتونۇش ھەمشىرە قىز بىلەن
ئىملەرنى دېيىشكەنلىرىنى ھاشىم ئاكىغا تەپسىلى سوزلەپ بەردى.
ھاشىم ئاكىنىڭ بەدىنى غەزەپتىن تىترەپ كوزلىرى چەكچەيدى.
— توغرا، ئۇنىڭدەك مائاشنى ھارام يەيدىغانلار بىر دوختۇرخانىـ-
دىلا ئەمەس، ھەممە جايدا تېپىلىدۇ. ھەي... سىزنى بۈگۈن راستىنلا
نەس بېسىپتۇ. بولمىسا، ئۇنداق نان قېپى ھەمشىرىلەرگە بويۇن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىسسىپ تۇرۇشتىن كۆرە، گۈلنارنىلا تاپقان بولسىڭىز ئوكۇلىڭىزنى ئاغرىتماي ئۇرۇپ، كېسىلىڭىزنى ياخشى داۋالىماي قايتۇرمايتتى. ئۇ ئۆز كەسپىگە ماھىر، پوزىتسىيىدە مۇلايىم، ھەر يىللىق خىزمەت ئىلغارى! ئۇ كىم دىمەمسىز؟ مېنىڭ قىزىم گۈلنار!

دۇنيادا ئاتا-ئانىلارنىڭ ئەڭ چوڭ ئۈمىدى ئۆز پەرزەنتلىرىنىڭ بەخت-سائادەتلىك بولۇشىدۇر. پەرزەنتلىرىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات ۋە كىشىلىك تۇرمۇشتا باسقان ئاسايىشلىق قەدىمى ۋە ئىجادىي ئەمگەكلىرىنىڭ تامچىدەك كىچىك نەتىجىلىرىدىنمۇ سۆيۈنمىگەن، ئۆزىنى پەرزەنتلىرىدىنمۇ زىيادە بەختلىك ھېس قىلمىغان بىرەر ئاتا-ئانا بارمىكىن؟

ھاشىم ئاكا ئۆز ھاياتىدا ئاران ئىككى پەرزەنت كۆردى. بۇلار ئۇنىڭ ئۆز تىلى بويىچە ئېيتقاندا "بىر جۈپ كۆز قارچۇقى" بولۇپ، چوڭى — بەختىيار، ئۈچ يىلدىن بۇيان يىراق قارا قۇرۇم تاغلىرىنىڭ چېگرا مۇداپىئە ئالدىنقى سېپىدە جەڭچى بولۇپ يۈرۈپتۇ. "بالا — يۈرەكنىڭ پارچىسى" دەپ بىكار ئېيتمىغان. دۇنيادا بالا مېھرىگە نىمىمۇ تەڭ كېلەلەيتتى؟ مۇبادا بۇ ئۆيدە بەختىيار توغرىلىق سۆز ئېچىلىپ قالىدىغان بولسا، خېلىچىخان ئانىنىڭ كۆز يېشى خۇددى بۇگۈنكى تۆكمە يامغۇردەك قۇيۇلۇشقا باشلايدۇ. ھاشىم ئاكىچۇ؟ ئۇ خېلىچىخان ئانىنى ئالدىدا "ھاي-ھاي...." دەپ بەزلىگىنى بىلەن ئارقىغا چىقىپ قانغىچە يىغلىۋالىدۇ!

ئەمما ئىككى يىلدىن بۇيان بۇ دىلكەش ئاتا-ئانىنىڭ ھىجران ئازاۋىنى پەقەت بىردىن-بىر گۈلنارلا بېسىپ كېلىۋاتقان ئىدى. گۈلنار مېدىتسىنا تېخنىكومىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملىغاندىن كېيىن، مۇشۇ شەھەردىكى دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندى. كىچىگە-



دىنلا ئارزۇلاپ ئۆستۈرۈلگەن بۇ ئەركە قىز بۇگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭ تەسىرلىك ئىش پائالىيەتلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىگە ئېرىشىپ، شەرەپ تاختىسى ۋە گېزىتلەردە ماختىلىپ كېلىۋاتىدۇ. ھاشىم ئاكا شۇڭا گۈلناردىن سۆيۈنەتتى ۋە ئۆزىدە بىر خىل ئىپتىخارلىق ھېس قىلاتتى.

— قىزىڭىزنىڭ دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىغانلىغىنى ئاڭلىماپتىكەنمەن. ئۇمۇ سىزنىڭ ئىسىل پەزىلىتىڭىزنىڭ ۋارىسى بولغاندۇ بەلكى.

ئەكبەرنىڭ سۆزى ھاشىم ئاكىنى ئېغىر خىيالدىن ئويغاتتى، ئۇ ئاشخانا ئۆيگە قاراپ ۋاقىرىدى:

— گۈلنار!... ھاي گۈلنار، بۇ ياققا چىق قىزىم!

نېرىقى ئۆيدىن "مانا ھازىر" دېگەن زىل ۋە سۈزۈك ئاۋاز ئاڭلاندى. ئەكبەر ھاشىم ئاكىنىڭ تەخسىدىكى ھالۋىغا نان توگۇرۇۋاتقانلىغىدىن پايدىلىنىپ، پاخپىيىپ كەتكەن چاچلىرىنى كەپكىسىنىڭ ئارىسىغا تىقىپ، كىيىملىرىنى تۈزۈۋېلىشقا ئۈلگۈردى. ئىشىككە تارتىلغان گۆشرەڭ دۇخاۋا پەردە يېنىك تەۋرىنىپ قالدى. قىز پەردىنى قايرىپ ئۆيگە كىردى. ۋاي! بۇ سېھىرلىك چۈش ئەمەستۇ!؟ ئۇلار قايسى كۆز بىلەن قاراشسۇن؟

جۈپ كۆزلەر تاسادىپىي ئۇچراشقاندا گويا قاراسلاپ چاقماق چېقىلغاندەك، كۆز ئالدىدا ئوت چاقناپ كەتتى.

گۈلنار ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەيتتى! خىجىللىق ياكى قورۇنۇشقا ئوخشىمايدىغان بىر تۇيغۇ ۋۇجۇدىنى گويا يامغۇرلۇق كوچىدا قالغاندەك مۇزلىتىۋەتتى. ئۇ نىمە قىلارىنى بىلمەي ئىشىك يېنىدا ياغاچتەك قېتىپلا قالدى.

ئەكبەرمۇ ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا ئازلا قالغان ئىدى! ئۇ پەقەت

بۇگۇنلا هايات ۋە ياشلىقنىڭ تۇيغۇن ھىسلىرى يالىلداپ تۇرغان ئاشۇ بىر جۇپ كوز ئالدىدا، ئۇزىنىڭ تولىمۇ ئاجىز ئىكەنلىگىنى ھىس قىلدى. ۋۇجۇدى تونۇردەك يالقۇنجاپ، جوزا يېنىدىلا ئىختىيارسىز تۇگۇلۇپ قېلىشقا باشلىدى. خەيرىيەت، ھاشىم ئاكا ئارىدىكى ئېغىر سۇكۇنات ۋە ئوڭايسىزلىقنى بۇزۇۋەتتى:

—مەن سىزگە ھىلى تەرىپىنى قىلغان قىزىم گۇلنار مۇشۇ. كەسپتە پۇختا، پوزىتسىيىسى مۇلايىم، شۇنداقلا...

—دادا، —قىزنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئۇ دادىسىغا بىر ئالىيۋالدى-دە، مېهمانخانىدىن يۇگۇرۇپ دىگۇدەكلا چىقىپ كەتتى.

ھاشىم ئاكا بۇلارنىڭ ھاياجانلىق يۇرەك ھىسلىرىنى بايقاشقا ئاجىز ئىدى، ئۇ تامىغىنى سەل قىرىپ قويىدى-دە:

—پىروفېسسور، سىز چوقۇم ئەته ئەتىگەنىدىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوكۇلىڭىزنى ئۇنىڭغا ئۇردۇرۇۋېلىڭ. ئاڭلىسام گۇلنار ئوكۇل ئۇرغاندا كېسەللەر ئۇخلاپ قالارمىش.

ئەكبەر بېشىنى تەستە كوتەردى. ئىلىم-پەن دېڭىزىدا مەردانە غۇلاچ تاشلاپ، شىددەتلىك ئۇچقۇنلارنى يېرىپ ئوتۇۋاتقان بۇ ياش پىروفېسسور دۇدۇقلىغىنىچە ئارانلا:

—با... رىمەن،... با... رىمەن، —دىيەلىدى.

گۇلنار يۇگۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپلا ئىشىكنى جالاقىلىدە يېپتى ۋە ئىشىككە يولەنگىنىچە ئۇن-تىنسىز تۇرۇپ قالدى.

—نىمە بولدۇڭ؟ —دىدى ھەيران بولغان خېلىچىخان ئانا، —چىرايىڭ ئۇمسە بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

قىز جاۋاپ بەرمىدى، جىددىيلەشكەن كوزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن بولۇپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا سىماپتەك تەر تامچىلىرى پاقىراپ



تۇراتتى.

داستىخاندىكى يىمەكلىكلەر يىغىشتۇرۇلۇپ، يوغان تەخسىلەرگە گوشلىرى ھىل-ھىل پىشقان ياغلىق شويلا كەلتۇرۇلدى. مېھمانخانىغا بىردىنلا زىرە ۋە قارىمۇچىنىڭ مەزىلىك ھىدى تارقالدى.

ئەكبەر شويلىنى شۇنچىلىك مەززە قىلىپ ئىشتەي بىلەن يىدىكى، ئۇزىنىڭ قانداق قىلىپ ئىككى تەخسىنى پاك-پاكىز بوشىتىۋەتكىنىنىمۇ سەزمەي قالدى.

تاماقتىن كېيىن ھاشىم ئاكا ياش پىروفېسسوردىن تۇپراقشۇناسلىق ۋە زىرائەتلەرنىڭ ئوسۇش قانۇنىيەتلىرىگە دائىر بىرمۇنچە مەسىلىلەرنى سورىۋالماقچى بولدى-يۇ، لېكىن ئۇنىڭ شۇ تاپتا تولىمۇ بىئارام ئىكەنلىگىنى نەزەرگە ئېلىپ پىكرىدىن يالتايدى.

يامغۇر توختاپ كۇن ئېچىلغاندىن كېيىنكى تەبىئەتنىڭ گۇزەل مەنزىرىسىنى كىتاپخانلارنىڭ تەسەۋۋۇر قىلىشى تەس ئەمەس. بۇگۇنكى باھار كېچىسى تولىمۇ گۇزەل ئىدى! بۇلۇتلار تارقىغان تىنىق ئاسماندا يۇلتۇزلار چاقنايتتى، تىنىق ئاسماندىن كورە، كېچىدىكى شەھەر كوركەم كورۇنەتتى. سالقىن تاغ شامىلى ئىشىك ئالدىدىكى ئاكاتسىيە يوپۇرماقلىرىنى لەرزان تىترىتىپ ئوتەتتى، يامغۇر بىلەن يۇيۇلۇپ پاك-پاكىز بولۇپ كەتكەن ئېگىز بىنالار، ئاسفالىت يوللار سان-ساناقسىز ئېلېكتىر چىراقلىرىدا ئەينەكتەك پاقىرىماقتا ئىدى.

—خەير-خوش! —دىدى ئەكبەر ئىشىك كىچە ئۇزىتىپ چىققان ھاشىم ئاكىنىڭ قولىنى قىسىپ، —بۇگۇن سىلەرنى كوپ ئاۋارە قىلدىم. "فرومېترىن"[1]نى ئەمدى تەكشۇرۇشكە كىرىشىمەن. ئىشىند-

① فرومېترىن — كېۋەزلىكتىكى يوگىمەچ، لويلا، بۇدۇشقاق قاتارلىق ياۋا ئوتلارنى يوقىتىدىغان خىمىيۋى دورا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

مەنكى، ياساپ چىققان بۇ دورىلىرىڭىز بىلەن كېۋەزلىكتىكى ياۋا ئوتلارنىڭ كېلىشتۈرۈپ تاناۋىنى تارتقىلى بولىدۇ. پات ئارىدا بۇنىڭ خۇش خەۋىرىنى سىزگە يەتكۈزىمەن.

ھاشىم ئاكا يۈرىكىدە ھېچقاچان قوزغالمىغان چەكسىز ھۆرمەت ۋە قايىللىق ھىسسى بىلەن ياش پىروفېسسورنىڭ ئارقىسىدىن ئۇزاققىچە قاراپ تۇردى.

ئۇ بىر ھازادىن كېيىن ئۆيگە كىردى ۋە داستىخان، قاچا-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇۋاتقان خېلىچىخان ئانا بىلەن گۈلنارغا كايىشقا باشلىدى:

—سىلەر زادى كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيسىلەر، —دېدى ھاشىم ئاكا چېچىلىپ، —سىلەر ئۆمرۈڭلاردا مېھمان كۈتمىگەنمۇ-ھە؟!

نىمە ۋەقە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھاڭ-تاڭ قالغان خېلىچىخان ئانا بىر گۈلنارغا، بىر ھاشىم ئاكىغا قارايتتى.

—مەندىن نىمە سەۋەنلىك ئۆتۈپتۇ، ئېيتىڭ! خۇدا ھەققى بىز مېھمىنىڭىزنى يامان كۈتۈپتۇقمۇ؟

—ئاش ئەكىسى بىلەن، قۇش مىكىسى بىلەن-دە. مېھماننى شۇيلا ئېتىپ ئۇزاتقان نەدە بار؟ ئاشنى شۇمۇپ يەيدىغان بوۋاي ئەمەسقۇ بىز!

گەپنىڭ تەكتىنى چۈشەنگەن گۈلنار چاڭىلداپ سۆزلەپلا كەتتى:

—بار ئەيىپ سەندە، پىروفېسسور كەلمەكچى، دېدىڭ. مەن شۇڭا قېرىلارغا خاس سىڭىشلىك تاماق تەييارلىدىم. نەدىكىنى، پىروفېسسور تۇگۇل ئۇنىڭ سايىسىمۇ كەلمىدىغۇ؟ ھىلىمۇ ياخشى ھىلىقى خالىس مېھماننىڭ رىسقى بار ئىكەن، ئىككي تەخسە شۆيلىنى پاك-پاكىز يېۋەتتى.



—ئەخمەق! —تولۇۋەتتى ھاشىم ئاكا كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، — پىروفېسسور كەلمەي كىم كەلدى ئەمەسە؟ بىلمەمسەن، ئۇ ئەكبەر ئەمەسمۇ؟ يېزا ئىگىلىك شۆبىۋەنىنىڭ ھىلىقى ياش پىروفېسسورى؟

—ھە؟ پىروفېسسور دەمسەن؟

گۈلنار ھەيرانلىقتىن سىم كارۋاتقا لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. خېلىچىخان ئانا ئەكبەرنى ھاشىم ئاكىنىڭ شاگىرتى بولۇشى كېرەك دەپلا چۈشەنگەن ئىدى. ئۇ "پىروفېسسور" دىگەن ئاتالغۇنى چۈشەنمىسىمۇ ھەر ھالدا ناھايىتى بىلىملىك، ئەتىۋارلىق كىشى، دەپ بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بىردىنلا سەراسىمىگە چۈشۈپ:

—ۋاي خۇدايىم، ئۇ بالىنىڭ كۆڭلىگە كەلگەنمىدۇ؟ ھەسسىنەي، سېمىز قوي گۆشىنى بولۇشىچە بېسىپ ئوخشىتىپ پولو ئەتسەك بوپتىكەن، —دەپ غودۇڭشىدى.

ھاشىم ئاكا كىرىسلوغا چوكۇپ بىر پەس نىمىنىدۇ ئويلىنىپ قالدى ۋە بىردىنلا كۆزەينىكىنى قېپىدىن چىقىرىپ، تېخىچە ھاڭۋېقىپ ئولتۇرغان گۈلنارغا:

—ماڭ يۈگۈر، قەغەز-قەلەمنى ئېلىپ كەل! —دېدى.

—ئىگەكىم، مۇشۇ داداڭنى، —دېدى خېلىچىخان ئانا رەللە بولۇپ، —گۈلنار، بولدى قوي. خېتى بولسا ئەتە يازسۇن، ھازىر نىكەم!

—خوتۇن! —خىتاپ قىلدى ھاشىم ئاكا كىرىسلودىن ئىرغىپ تۇرۇپ، —سەن ئاغرىمىغان، ھەتتا بالىنىڭسىدىمۇ ياتمىغان ئايال ئەمەسقۇ؟ بۈگۈن پىروفېسسورنىڭ بىتاپ ھالىنى كۆرۈپ، ئىچىم سىرىلىپ كەتتى. كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ ھىلى ئۇستەلدە ئارانلا ئولتۇردى. ئۇ بۈگۈن دوختۇرخانىغا بېرىپتىكەن، نىمە بوپتۇ دىمەمسەن،

قايسىبىر نان قېپى "ۋاقىت توشتى، ئەتە كېلىڭ" دەپ بويىنىنى تولغاپتۇ. ئېيتىقىنا، بىر تىببى خادىم كېسەل ئالدىدا، ئاشۇنداق قىلىشقا ھەقلىقمۇ؟ ئۇنداق ھارامتاماقلار بىلەن قانداقمۇ سوتسىيالىزىم قۇرغىلى بولسۇن؟ بۇ يارىماس ئىللەتلەرنى خۇددى شالىلىقتىكى كۈرمەك بىلەن پىيىزەكنى قۇرۇتقاندەك يوقىتىش كېرەك. قەغىزىڭنى ئەپكەل، دوختۇرخانا پارتكومىغا خەت يازىمەن. رەھبەرلىك ئۇكۇل بولۇمىدىكى ئۇ ھەمشىرىنى چوقۇم تەنقىتلىسۇن.

ھېلىدىن بېرى ئارانلا تۇرۇۋاتقان گۈلنار بىردىنلا يىغلىۋەتتى. ئۇ كوز چاناقلىرىدىن قۇيۇلۇۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىنى سۈرتۈشنىمۇ ئۇنتۇپ ئىشكاپ سىرتىمىسىدىن قەغەز-قەلەم ئالدى-دە، دادىسىنىڭ ئالدىغا قويدى.

—دادا، يېزىڭ، چوقۇم يېزىڭ! مەن پارتكوم ئالدىدا جەزمەن ئۆزەمنى تەكشۈرىمەن.

ھاشىم ئاكىنىڭ ھەيرانلىقتىن كوزلىرى چەكچىيىپلا قالدى.

—ھە؟ سەن...سەن... ئەستاغپۇرۇللا!

ھاشىم ئاكىنىڭ غەزەپلىك ھومىيىشلىرى ۋە زەھەردەك سوزلىرى گۈلنارنىڭ سەبى يۇمران قەلبىنى نەشتەردەك ئاچچىق كويدۇرۇپ ئوتتى. ئۇ، بۇ يۇرەك ئازاۋىغا ئەمدى چىدىيالماس ئىدى.

گۈلنار گويا توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە مايسىرەڭ نىلون چاپىنىنى كىيگىنىچە ئىشىكتىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى.

## 3

بىولوگىيە پاكۇلتېتىنىڭ خاس-ئازادە لابوراتورىيىسىنى قۇياش



نۇرى لامپىسى كۈندۈزدەك يورۇتۇپ تۇراتتى.

ئۈستىگە سۈتتەك ئاق خالات كىيىپ، ئاغزىغا قېلىن ماسكا تاقىغان ئەكبەر يېرىلىپ كېتىدىغاندەك چىڭقىلىپ ئاغرىۋاتقان چىكىسىنى بىر ھازاغىچە ئۇۋۇلاپ ئولتۇردى.

ئەنە، ئۇنىڭ ئالدىدا ھاشىم ئاكا ياساپ چىققان، كېۋەزلىكلەردە كوپ ئۇسىدىغان لويلا، بۇدۇشقاق، يوگىمەچ... لەرنى يوقىتىدىغان بىرنەچچە خىل دورا ئۈلگىسى تۇراتتى، ئەكبەر كېچىچە بۇ دورىلارنىڭ خىمىيۋى تەركىۋىنى تەكشۈرۈپ، خۇلاسە ماتېرىيالى يېزىپ قويۇشى كېرەك. بۇنى كېيىنگە قالدۇرالمايدۇ. چۈنكى ئۇنى ئەتە نۇرغۇن يېڭى-يېڭى خىزمەتلەر—دەرس ۋە ئىلمىي دوكلاتلار كۈتۈپ تۇراتتى، بۇنداق جىمجىت خىلۋەت كېچىدە خىيال سۈرۈش قانداق ياخشى!

ئۇ ئۆزىنىڭ يېزىدا ئوتكەن ئۇنتۇلماس باللىق چاغلىرىنى ئەسكە ئالدى...

ئۇ مەكتەپتىن قايتىپلا ئېتىزلىقتا تەرلەپ-پىشىپ ئىشلەۋاتقان يالغۇز ئاپىسىنىڭ يېنىغا يۈگۈرەيتتى. ئۇ ئاپىسىنىڭمۇ باشقا دىخانلارغا ئوخشاش پايانسىز كەتكەن شال ئېتىزلىرىنىڭ بىرسىدە تىزىغىچە سۇ كېچىپ، بېلىنى يادەك ئەككىنىچە شال ئوتاۋاتقانلىغىنى كورەتتى-دە، شاللىقتا پاقىدەك سەكرەپ چۈشۈپ ئاپىسىغا ياردەملەشكەن بولاتتى. ۋاي-ۋۇي ئىتنىڭ تۈكىدەك نىمە دىگەن تولا پىيىزەك بۇ! ئۇ، ئوتايتتى-ئوتايتتى، قىرغا يېتەلمەيتتى.

—ئاپا، تاپشۇرۇغىمنى ئىشلىۋېتەي،— دەپ بانا تاپاتتى چىدىمىغان بالا. ئاپىسىمۇ تېلىپ كەتكەن بېلىنى ئارانلا تۈزەپ، ئوغلىغا مېھرى بىلەن كۈلۈپ قوياتتى ۋە لەش يۇقى قوللىرىنى يەنە سۇغا

تىقاتتى...

بۇ ئېغىر جاپا ـ مۇشەققەتكە يەنە شۇ دىخان چىدايتتى! قەددى پۈكۈلسىمۇ ئىرادىسى پۈكۈلمەيتتى. ھەرھالدا بۇ كوز يەتكۈسىز شالىلىقنى ئوتاپ تۈگىتەتتى... ئەكبەرنىڭ بالىلىق قەلبىدە شۇ دىكىينلا دىخاننى مۇشۇ ئازاپتىن قۇتۇلدۇرىدىغان بىرەر كەسپ ئۆگىنىش ئىستىكى يانغان ئىدى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارزۇ ۋە ئۈمىت مايىسىنى پارتىيە ئىلىم ـ مەرىپەت سۈيى بىلەن ياشناتتى. ئەكبەر ئىچكىرىدىكى مەلۇم يېزا ئىگىلىك داشۆيىسىنى ئەلا نەتىجە بىلەن تاماملاپ قەلبى يېڭى ئارزۇ ـ ئۈمىتلەر بىلەن تولۇپ يۇرتىغا قايتتى. ئۇ تۇپراقشۇناسلىق ۋە ئوسۇملۈك تەتقىقاتى ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ گۈزەل ياشلىقى ۋە پۈتكۈل ئومرىنى ئاتاپ قويدى. ئەكبەرنىڭ ئوتكەن يىلى نەشر قىلىنغان «ياۋا ئوتلارنى خىمىيۋى دورا ـ گېربىسىدلار بىلەن يوقىتىش توغرىسىدا» دېگەن قىلىن كىتاۋى ئۆزىنىڭ يۇقىرى ئىلمىي قىممىتى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى خوشال قىلدى.

ئۇ جاپالىق تەتقىقات ۋە ئىزلىنىشنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەچكىمۇ ھازىرغىچە بويتاق قېلىۋەردى.

"ئۇغۇ مەيلى...ــ دەيتتى ئۇ بەزىدە بېشىنى تاتىلاپ، ــ ئوتتۇز يەتتە يېشىمدا توي قىلمىسام، قىرىق يېشىمدا توي قىلارمەن. ئەپسۇسكى يېزا ئىگىلىك ئىلمى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ناھايىتى كەم بولۇۋاتىدۇ. بىز قاچانغىچە قالاق يېزا ئىگىلىك مەملىكىتى بولۇپ قېلىۋېرىمىز، ھەي... يەنىلا شۇ دىخانغا تەس بولدى!"

لېكىن تۇپراقشۇناسلىقتىن ئانچە نەزىرىيىۋى ساۋادى بولمىغان ھاشىم ئاكىنىڭ ئەكبەر يازغان ھىلىقى كىتاپنى بېرىلىپ ئۆگىنىش



نەتىجىسىدە ئاشۇ دورىلارنى ياساپ چىقىشنى كىم ئويلىغان؟ يالغۇز يېزىدىكى دىخانلارنىڭ ئۈمىدىنى قەلبىگە پۈككەن كىشىلەر بار ئىكەن!

ئەكبەر ھاشىم ئاكىغا چىن قەلبىدىن مىننەتدار ۋە قايىل ئىدى. مۇنداقچە ئېيتقاندا ھاشىم ئاكا ئۇنىڭغا بىر قامچا سالدى! توغرا، ھاشىم ئاكىنى قوللاپ ياردەم بېرىش كېرەك!

ئەكبەر بىرنىكمىلەر ئۈستىدىكى خىمىيۋى تەكشۈرۈشنى باشلاش ئۈچۈن پروبىركىنى ئەمدىلا قولىغا ئېلىۋىدى، ئىشىكنى بىركىمنىڭ رىتىملىق، يېنىككىنە چەككەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

ــ كىرىڭ! ــ دېدى ئەكبەر پروبىركىغا كىچىككىنە قەغەز قاپتىكى بىرنىكمە تالقاندىن ئازراق قويۇۋېتىپ.

دورا سومكىسىنى كوتەرگەن گۈلنار ئىشىكتىن ئەيمىنىپ كىرىپ كەلگەندە ئەكبەر ھودۇقۇشتىن ئۆزىنى يوقىتىپ قويۇشقا تاسلا قالدى.

ــ گۈلنار، ــ دېدى ئۇ ھاياجاندا ئاۋازى تىترەپ، ــ سىز قانداقچە...

قىز ئەكبەرگە تەبەسسۇم بىلەن ئىللىق بېقىپ:

ــ سىزنىڭ ئوكۇللىرىڭىزنى ئېلىپ كەلدىم، ــ دېدى.

ئەكبەر ئىتتىك بېرىپ گۈلنارنىڭ ئېغىر سومكىسىنى يەلكىسىدىن ئالدى ۋە تەجرىبە جوزىسى ئۈستىگە قويۇۋېتىپ:

ــ ۋاي، نىمانچە ئاۋارە بولغانسىز، مەن ئەتىلا قېشىڭىزغا باراتتىمغۇ، كېلىڭ ئولتۇرۇڭ، ــ دېدى.

قىز ئۆز ئادىتى بويىچە چاخچاق قىلدى:

ــ تايىنلىق، مېنى دادامغا بىرمۇنچە چاققان يەردە، ئەته قېشىمغا باراتتىڭىزمۇ؟



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

—نېمە دېدىڭىز؟ سىزنى كىمگە چېقىپتىمەن؟ ئەزبىرايى، قەسەم قىلىپ بېرەيمۇ زادى؟

قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا ئاناردەك قىزاردى.

—كەچۈرۈڭ، —دېدى ئۇ مەيۇس ئاھاڭدا، —مەن ھەقىقەتەن ئۆز ئىرادەمگە ھەم ۋىجدانىمغا خىلاپ ئىش قىلدىم. بۇ يارىماس ئىللىتىم ئۈچۈن ئەتە تەشكىل ئالدىدا ئۆزەمنى تەكشۈرمەكچىمەن.

ئەكبەر قىزنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ئەگىۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى بەكمۇ قولايسىز ھېس قىلدى. نېمىدۇ بىر نەرسە بوغىزىغا تىقىلغاندەك سۆزلىيەلمەي قالدى. ئۇ، قىزنى بەزلەش ئۈچۈن لايىقراق سۆز تېپىشنى ئويلايتتى.

—مەن سىزگە تولىمۇ قوپاللىق قىلدىم، ئەجەبا بۇ مېنى ئازاپلىماسمۇ؟ مەن... مەن ئەتە چوقۇم دوختۇرخانىغا بارىمەن. پىكىر دەپتىرىگە سىزگە بولغان سەمىمى تەشەككۈرۈم ۋە نۇرغۇن يۈرەك سۆزلىرىمنى يازىمەن.

—ئەكبەر! —قىز يۈرەك ھاياجىنىنى باسالمىغان ھالدا يىغلىۋەتتى.

ئېخ! گۈزەل ياشلىق، ئۇ، ھايات ۋە مۇھەببەتنىڭ ئاجايىپ گۈزەل، لىرىك پوئېزىيىسى! ئۇنىڭ قۇياش نۇرىدەك يالقۇنلۇق مىسرالىرى يۈرەكنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدا تاۋلىنىپ، سۆيگۈ ۋىسالىنىڭ كۈي-نەزمىسىدە ئۆزىنىڭ چەكسىز ئۇلۇغ ھاياتىي كۈچىنى نامايەن قىلىدۇ!

گۈلنار بىرىكتۈرۈلگەن مۇرەككەپ زەھەر قايتۇرغۇچى دورا سۈيۈقلۇقىنى ئەكبەرنىڭ ئوڭ بىلىكىدىكى ۋېنا قان تومۇرىدىن ماڭدۇرماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئەكبەرنىڭ تومۇرلىرى بىرئاز كۆپۈشكەندەك قىلسىمۇ



باشلىرىنىڭ سەگىپ، بەدىنىدىكى ئاغرىقىنىڭ بارا-بارا يوقىلىپ بېرىۋاتقىنىنى سەزدى. توغرا، ياش پىروفېسسورنىڭ ۋۇجۇدىغا دورا سۈيۈقلۇقى ئەمەس، بەلكى قىزنىڭ بىغۇبار كۆڭۈل جامىدىكى پىشىپ قىيامىغا يەتكەن سۆيگۈ شەربىتى ئاقماقتا ۋە يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغىچە سىڭمەكتە ئىدى.

يىگىت بۈگۈن كېچە ئۆزىنى تولىمۇ بەختلىك ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئاجايىپ شېرىن ۋە ئۈچقۇر خىيالى قىزنىڭ چەكسىز گۈزەللىكى مۇجەسسەملەنگەن توم قارا قاشلىرى ئاستىدىكى تىنىق كۆزلىرىدە ئۈيۈپ قالدى.

1981-يىل ئىيۇن، ئۈرۈمچى.

(«تارىم» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 9-سانىدىن)

# ناخشىچى قىز

ئىسلام سادىق

## 1

ناخشا—ئىنسان ھېسسىنىڭ لىرىك ساداسى. مۇھەببەت ھەم نەپ-رەت يارقىن ۋە ئەڭ يۇكسەك دەرىجىدە مۇجەسسەملەنگەن قەلب ساداسىدۇر.

دۇنيادا ناخشا ئېيتمىغان ۋە ياكى ئۇنى چىن يۇرىكىدىن سۆيۈپ ئاڭلىمىغان بىرەر ئىنسان بارمىكىن؟

مەن ناخشىنى قەۋەتلا ياخشى كورەتتىم. ھەر كۇنى خىزمەتتىن چۇشۇپ ئويۇمدە كەچلىك تامىقىمنى يەپ بولۇپ، كارۋاتقا ئوزەمنى تاشلاپ راھەتلىنىپ يېتىۋالىمەن-دە، ئوزەم ئامراق ناخشىلارنى غىڭشىپ ئېيتىشقا باشلايمەن. ئەپسۇسكى ئاۋازىم بەكمۇ يېقىمسىز ئىدى. ناخشىنى سەللا ئۇنلۇك ئېيتىدىغان بولسام ئاۋازىم قېيىپ نەگىدۇر كېتەتتى-دە، ناخشىغىمۇ ئوخشىماي قالاتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن بىرەر ئادەم بار يەردە ھەتتا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقىمۇ جۇرئەت قىلالمايتتىم.

بۇگۇن كەچتىمۇ دەل شۇنداق بولدى. تۇرمۇشىنىڭ ئېيتقۇسىز گۇزەل ھىسلىرىغا چومۇلۇپ، زوقلىنىپ ناخشا ئېيتىپ ياتقىنىمدا، توساتتىن ئىشىكنى بىرسىنىڭ چەككەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ناخشامنى ئىتتىك توختاتتىم-دە، بېشىمنى كوتىرىپ: "كىرىڭ!" دېدىم.



ئۇيغۇر كىتابلىرى تورى
www.uyghurkitap.com

ئىشىك ئېچىلىپ، كورۇشمىگىنىمىزگە خېلى ئۇزۇن بولغان كونا دوس-تۇم—ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلىز كىرىپ كەلدى.

—مەن كەلمىسەم سىز ئىزدەپمۇ بارمايسىز،—تەنبىھ ئاھاڭ بىلەن ئېيتتى ئابلىز،—ئويۇن كورۇشكە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم. ئۇ يانچۇقىدىن بىر دانە ئويۇن بېلىتىنى ئېلىپ جوزامنىڭ ئۇستىگە قويدى.

—ئىدارىدىكى ئىشلار ئالدىراش بولۇپ كېتىپ، راستىنلا سىلەر تەرەپكە بارالمىدىم،—دېدىم مەن ئەيىپكارلارچە،—ئويۇنىڭلارنى بىر كورگۇم بار ئىدى.

—بىز بۇ قېتىم يېزىلاردا بىر تەرەپتىن سەييارە ئويۇن قويدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن خەلق ئارىسىدىكى مول سەنئەت جەۋھەرلىرىنى توپلاپ ئۇگەندۇق،—دېدى ئابلىز پىيالىدىكى چاينى ئوتلاۋېتىپ.

—كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە سىلەرنىڭ بىر ناخشىچىڭلار خەلق ناخشىلىرىنى ئېيتىشقا بەكمۇ ماھىرمىش، شۇنداقمۇ؟

—ئۇ ناخشىچىمىزنىڭ ھەقىقەتەن ماختىغۇچىلىكى بار،—جانلىنىپ جاۋاپ بەردى ئابلىز ۋە چىرايىدا ئىللىق غۇرۇرلۇق تۇيغۇسى جىلۋە قىلدى. ئۇ سائىتىگە قاراپ ئورنىدىن تۇردى-دە، مېنى ئالدى-راتتى،—ۋاقىت توشۇپ قاپتۇ، جۇرۇڭ ماڭايلى.

مەن ئالدىراپ كىيىندىم. ئابلىز بىلەن بىرگە "غالىبىيەت" كۇلۇ-بىغا ناخشا-ئۇسۇل كورۇش ئۇچۇن كەتتۇق.

زال تاماشابىنلار بىلەن لىقمۇ-لىق تولغان ئىكەن. بېلىتىمىز ئالدىنقى رەتنىڭ بولغانلىقى ئۇچۇن رەڭگا-رەڭ سۇۋىت چىراقلىرى يورۇپ بەكمۇ گۇزەللىشىپ كەتكەن سەھنىنى كوزلەپ ئىنتىرىشىپ، سىقىلىشىپ دىگەندەك سەھنىنىڭ ئالدىغا باردۇق ۋە ئورنىمىزنى

تېپىپ ئولتۇردۇق. ئوتتاشتەك قىزىل دۇخاۋا پەردە ئاستا-ئاستا لەرزان ئېچىلىش بىلەن تەڭ زالدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلار بىردىنلا پەسىيىپ تىم-تاس بولۇپ كەتتى. ئېلانچى قىز نوۋەتتىكى نومۇرنى ئېلان قىلدى، ئارقىدىنلا سەھنىگە چورىسىگە رەڭدار زەر يىپلار بىلەن كەشتە چېكىلگەن ئۇزۇن جىلىتكە، بېشىغا مەخمەل تاشلىق قاما تۇماق كىيگەن ئوتتۇرا بويلۇق، يۈزلىرى يۇمۇلاق، كۆزلىرى قاپقارا 28 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئارتىست چىقىپ كەلدى.

—سىز تەرىپىنى ئاڭلىغان ھېلىقى ناخشىچى شۇ،—دېدى ئابلىز مېنى ئاستا نوقۇپ ۋە مەنالىق كۈلۈمسىرىدى. مەن پۈتۈن دىققىتىم بىلەن ئۇنىڭ ناخشىنى قانداق ئېيتىشىغا سەپ سېلىپ ئولتۇردۇم. ناخشىچىنىڭ چىرايىدا شاتلىق تەبەسسۇمى جىلۋە قىلاتتى. ئۇ مۇزىكانتلارغا قىيا بېقىپ، يېنىككىنە باش لىڭشىتتى. شوخ مۇزىكا باشلىنىش بىلەنلا، ئۇ، زوق-شوقى بىلەن «ئەمگەكچى بالا» دىگەن ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى.

كەڭ ئېتىزدا ئىشلەيسەن
ئەتىدىن تا ئاخشامغا.
چىن يۈرەكتىن ئاشىق بوپ،
قاتتىم سېنى ناخشامغا.
.........................

"بۇلبۇل ئىكەن" دىدىم ئىچىمدە ئۇنىڭ كۈمۈچ قوڭغۇراقتەك زىل يېقىملىق ئاۋازىدىن سويۇنۇپ. ئۇ ناخشا ئېيتقاندا لەۋلىرى بەجايىكى ئانار گۈلىدەك ئېچىلىپ، كۆزلىرىدىن نۇر توكۇلەتتى. ناخشىچىنىڭ ئەمگەكچى خەلقنى چەكسىز مۇھەببەت بىلەن كۈيلىگەن بۇ ناخشىسى ھەقىقەتەن يۈرەك تارلىرىمنى چېكىپ، ۋۇجۇدۇمنى ھاياجان ئىلكىگە



ئالدى.

ناخشىچىنىڭ يېقىملىق چىرايى ماڭا تونۇش بولۇپ، ئۇنى قەيەردىدۇر بىر يەردە كورگەندەك قىلاتتىم. لېكىن ئەسلىيەلمەيتتىم. ناخشا تۈگىشى بىلەن زالنى كوتۇرۇۋەتكۇدەك گۈلدۇراس ئالقىش ياڭرىدى. ناخشىچى 2-ناخشىسىنى باشلىدى.

—ناخشىچىنىڭ ئىسمى نىمە؟—دەپ سورىدىم ئابلىزدىن.

—جەملە، تونۇمايۋاتامسىز؟—دىدى ئۇ سەھنىدىن كوزىنى ئۈزمەي. قارىغاندا ئۇمۇ ئاھاڭنىڭ نازۇك رىتىملىرىگە چىرمىشىپ ناخشىنىڭ دولقۇنلۇق ئەزىم دەرياسىدا ئاققاندەك قىلاتتى.

—جەملە؟— دەپ تەكرارلىدىم بىر ئىش ئېسىمگە كەلگەندەك بولۇپ،—راست ھېلىقى جەملەنىڭ ئۆزىمۇ؟! توغرا، بۇنىڭدىن 13 يىل بۇرۇنقى ھېلىقى دىخان قىزى!

مەن ئۇنى قانداقمۇ ئۇنتاي! جەملەنىڭ ھايات سەرگۈزەشتىسىنى ھەر قېتىم ئەسلىگىنىمدە ئېچىنىشلىق پاجىئەلەر كوز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئوتۇپ، يۈرەك باغرىمنى ئېزەتتى...

## 2

مەن جەملەنى 1965-يىلى ناھىيمىزنىڭ "ۋېيشىڭ" گۇڭشېسىدىكى گۈلئاۋات دادۇيىگە ئېتىز پەرۋىشىگە ياردەم بېرىش ئۈچۈن بارغان چېغىمدا ئۇچراتقان ئىدىم. شۇ يىلى باھار ياخشى كەلگەن ئىدى. پۈتۈن جاھان كۆلۈپ، ياپ-يېشىللىقا پۈركىنىپ، باغلار قاراڭغۇلىشىپ، كاككۇكلار سايرىشىپ، كوكۇلنى مەپتۇن قىلغۇدەك گۈزەللىككە چومگەن ئىدى. لېكىن بەس-بەس بىلەن بوي تالىشىپ

www.uyghurkitap.com

تاختىلاشقان قوناق مايسىلىرى يەر يولۋىسىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ يامان بولدى! يەر يولۋىسى مايسا يىلتىزلىرىنى خۇددى قايچىدا قىرقىغاندەك قىيىپ تاشلىغانلىقى ئۈچۈن بىخارامان باۋغانلاپ ئۆسۈۋاتقان قوناق تۈپلىرى بىردىنلا سولىشىپ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ قالغان ئىدى.

بىر كۈنى مەن قۇياش نەيزە بويى ئورلەپ، ئادەم بەدىنىنى قىزدۇرۇشقا باشلىغان ۋاقىتدا خوشنا دۆلەردىن 3-دۆڭنىڭ قوناقلىقىغا يېتىپ كەلدىم ۋە يەر يولۋىسىدىن قانداق مۇداپىئە كۆرۈش، يەر يولۋىسىنى يوقىتىپ مايسىلارنى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرى توغرىسىدا ئەزالار ۋە دۆي كادىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچى بولدۇم.

ئەزالار تاڭ سەھەردىكى دولقۇندىن يېنىپ ئۆيىگە ئەتىگەنلىك تاماقلىرىنى يېيىش ئۈچۈن تارقاشقان ئىكەن. ئۇزۇن كەتكەن سالا ئېتىزنىڭ نېرىقى بۇرجىكىدە يالغۇز ئىشلەۋاتقان بىر قىزدىن باشقا ئېتىزلىقتا بىرەر كىشىمۇ كۆرۈنمەيتتى. قىز كەتمەن بىلەن قوناق تۈۋىنى ئەپچىللىك بىلەن چاناۋېتىپ، باغدىكى كاككۇك بىلەن سىرداشقاندەك يېقىملىق ئاۋازدا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى.

بۇلبۇل بولۇپ ئۇچسام مەن،
گۈلزارلىققا قونسام مەن.
قىلىپ قەلبىمنى گۈلدەستە،
ئىشچانلارغا تۇتسام مەن.

ناخشا ئىللىق باھار شامىلىدا لەرزان ئۇچۇپ يىراقلارغا كەتتى. مەن ئۇدۇل قىز تەرەپكە بۇرۇلدۇم.

ئۇ 18 ياشلاردا بولۇپ، زىلۋا، قوي كۆزلۈك، قېشى قالغاچنىڭ



قانىتىدەك، كىرپىكلىرى ئۇزۇن ھەم تال-تال ئىدى. ئىنچىكە ئۇزۇ[illegible] گەن قاپ-قارا چاچلىرى ئۇنىڭ زىلۋا بويىغا تولىمۇ يارىشىملىق كۆرۈنەتتى. ئىككى مەڭزى ئالمىدەك قىزارغان بولۇپ پېشانىسىدە مەرۋايىتتەك تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. ئۈستىگە كىيىۋالغان گۈللۈك چىت كۆينىكى، بېشىدىكى ئانارگۈللۈك ئىپەك ياغلىقى بۇ چىرايلىق دېخان قىزىغا تېخىمۇ ھۆسۈن قوشقان ئىدى.

— ھارماڭ سىڭلىم، — دېدىم مەن قىزغا ھېرىسمەنلىك بىلەن، ئۇ بىردىنلا قىزاردى ۋە بېشىنى كوتىرىپ ماڭا قارىدى. نەپىس قىزىل لەۋلىرىدە ۋە ئوتكۇر تۇم قارا كۆزلىرىدە ئىللىق تەبەسسۇم ۋە تارتىنىش ئالامەتلىرى جىلۋە قىلدى، — سىڭلىم، سىز ئۆيگە قايتمامسىزغۇ؟

— نان ئېلىپ كەلگەن ئىدىم.

— ئۆيگە قايتقان بولسىڭىز، ئىسسىق چاي بىلەن يەيتتىڭىز، — دېدىم مەن كۆيۈنۈپ.

— مەن سوغاق سۇ ئىچىشكە ئادەتلەنگەن، — دېدى ئۇ قاشلىرىنى ھىمىرىپ ۋە پېشانىسىگە تەر بىلەن چاپلىشىپ قالغان چاچلىرىنى تۈزەتكەچ قىر تۈۋىدىكى ئوتياشلارغا چۈمكەپ قويغان قاپاقنى كۆرسەتتى، — قاپىقىمدا سۈيۈم تەييار. مۇشۇ ئېتىزدىكى قوناق ئارىلىرىنى چانىۋېتىپ، ئاندىن نان يەيمەن.

ئۇ مېنىڭ گېپىمنى كۈتمەستىنلا مايسا ئارىلىرىنى يۇمشىتىشقا كىرىشىپ كەتتى. مەن يەنە قىزدىن نىمىلەرنىدۇ سورىماقچى ئىدىمۇ، لېكىن شىياۋدۇيجاڭ كېلىپ قالغاچقا، ئۇنىڭ سوزلىرىنى ئاڭلاشقا توغرا كەلدى.

— قوناق تېرىلغۇسى ۋاقتىدا ئۇرۇق سالغۇچىلار سۇرئەتنى قوغ-

لىشىپ، ئۇرۇقلۇق قوناقنى ئوبدان دارىلاشنى ئۇنتۇغان، — دىدى دۇيجاڭ قاپىغىنى سىلىپ، — مانا ئەمدى يەر يولۋىسىنىڭ ھوجۇمىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز.

— يەر يولۋىسى ئېغىرراق زىيان يەتكۈزگەن ئېتىزلارنى ھىساپلاپ كوردىڭىزمۇ؟

— تەخمىنەن 10 مودىن ئاشىدۇ.

— بۇ قوناق مايسىلىرىغا دەرھال سۇ قۇيۇۋېتىش كېرەك. ئاپەتنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن يەر يولۋىسىنى پەيدا قىلغۇچى كىچىك كېپىنەكلەرنى يوقىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىسى ئۈستىدە كېڭىشىپ كورەيلى.

دۇيجاڭ بىلەن ئىككىمىز نىسبەتەن ئېغىرراق زىيانغا ئۇچرىغان قوناقلىققا قاراپ كەتتۇق. قىزدىن ئانچە ئۇزۇمايلا، ئۇ يەنە ناخشىسىنى ياڭرىتىشقا باشلىدى:

دىخان يىگىت مەردانە،
بولدۇم ئاڭا پەرۋانە.
بىرگە ئىشلەپ چوللەرنى
قىلىمىز گۈل-بوستانە.

— بۇ قىز ناخشىنى قەۋەتلا ياخشى ئېيتىدىكەن، — دىدىم مەن ھوزۇرلىنىپ.

— ئۇ داڭدار ناخشىچى بولۇپلا قالماي، ئەمگەكتىمۇ قەيسەر باشلامچىلارنىڭ بىرى، — دۇيجاڭ تاماكىسىغا سەرەڭگە يېقىپ تۇتاشتۇردى. قېنىپ بىر شورىۋېلىپ خۇمادىن چىققاندەك بولدى، — ئۇ ھەقىقەتەن گۈلئاۋات داددۇينىڭ گۈلى.

— ئۇ ناخشىنى نەدىن ئۆگەنگەن؟ — ئەجەبلىنىپ سورىدىم مەن.



دۇيجاڭ كۈلدى:

— يېزىدا بىراۋدىن ناخشا ئۆگىنىشكە نەدە پۇرسەت بولسۇن! ناخشىنى ئۆزى ئىجات قىلغان. بۇ ھەقتە سوزلەپ كەلسەم گەپ تولا، — دىدى.

قىزنىڭ ئاجايىپ تالانتى مېنى ھەيران قالدۇردى. ناخشىنى ياخشى ئېيتىپلا قالماي، يەنە ئۆزى ئىجات قىلىدۇ-ھە؟!

مەن دۇيجاڭدىن بۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى تەپسىلى سوزلەپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلدىم ۋە ئاخىرىدا:

— مەن بۇ قىزنى ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە تونۇشتۇراي دەۋاتىمەن، — دىدىم. دۇيجاڭ بىردىنلا ئېچىلىپ، ئېتىز قىرىدىكى كاداڭ سوگەت تۈۋىگە ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى-دە، ناخشىچى قىز توغرىلىق سوزلەپ بەردى.

## 3

دۇيجاڭ قويۇق قاشلىق، قارا ساقاللىق، 45 ياشلار چامىسىدىكى ۋەزمىن ئادەم بولۇپ، زەبەردەس بەستى، غەيۇرلۇق يالىلداپ تۇرغان ئۆتكۈر كوزلىرى ئۇنىڭ جاپالىق مېھنەت سەندىلىدە يۇغۇرۇلغان تەجرىبىلىك دىخان ئىكەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى.

— قىزنىڭ ئىسمى جەمىلە، — دەپ باشلىدى سوزىنى دۇيجاڭ، كوزلىرىنى يېرىم قىسىپ، بىر نەرسىنى ئەسلىگەندەك بولۇپ، تاماكىسىنىڭ ئاخىرقى قىسمىنى قاتتىق شورىدى-دە، ماتاكۇ قالدۇغىنى يەرگە تاشلاپ، چالما بىلەن ئەزدى ۋە سوزىنى داۋاملاشتۇردى، — ناخشىچىلىق ۋە سازەندىلىك جەمىلەنىڭ ئائىلىسىگە ئەۋلاتتىن-

www.uyghurkitap.com

ئەۋلات مىراس بولۇپ قالغان كەسىپ. جەمەلەنىڭ بوۋىسىنى ئەسلەيەلمەيمەن، لېكىن كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە بوۋىسى ئۇستا سازەندە بولۇپ، بۇ ئىقلىمغا داڭقى كەتكەن ئىمىش، جەمەلەنىڭ دادىسى بىلەن مەن تەقدىرىمىز ئوخشاش جاپاكەشلەر ئىدۇق، ئۇنى كىشىلەر "تاھىر قوشاقچى"، "تاھىر سىتە" دەپ ئاتىشاتتى، بىز كىچىك ۋاقىتلىرىمىزدا ئاخشاملىرى توپلىشىپ ئۇيىگە باراتتۇق-تە، "12 مۇقام" نىڭ كوڭۇلنى مەس قىلغۇچى ساز ۋە ناخشىلىرىنى ئېرىلىپ ئاڭلايتتۇق. مەشرەپ، توي-تۆكۈن، نورۇزلارغا تاھىر قوشاقچى كېلىپ ساتار چالمىسا ھېساپ بولمايتتى. تاھىر قوشاقچى ئۆزىنىڭ نامرات ئادەم بولۇشىغا قارىماي، نومۇسچان، توغرا پىكىرلىك، بىراۋ ئالدىدا بويۇن قىسىشنى يامان كورىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ توي-تۆكۈن، مەشرەپلەرنى شۇنچىلىك قىزىتاتتىكى، ئالدىغا پۇل، تەڭگىلەر، ھەتتا 1-2 گەز شاڭ، قاتلىما نان، قەن-گېزەكلەر توشۇپ كېتەتتى. لېكىن ئۇنىڭغا كوز قىرىنىمۇ سالمايتتى، توي-مەشرەپلەر تۈگىگەندە قوپۇپلا كېتىپ قالاتتى. ناۋادا بەزىلەر ئىچى ئاغرىپ: "بۇ كىشىلەرنىڭ ياخشى كوڭلى، ئېلىپ كېتىڭ" دېگەنىدە: "مەن سەدىقە ئالىدىغان دىۋانە ئەمەس" دەيتتى ئۇ بوغۇلۇپ. تاھىر ئاخۇن خۇشپىچىم، ئايىغى ئىتتىك ئادەم بولۇپ، گايىدا بەزىلەرنىڭ كېسىگىنى قۇياتتى، ئېرىغىنى چاپاتتى، يەرلىرىنى ھەيدەيتتى، خامانلىرىنى سورىشاتتى، ئۇز ئەمگىكىگە يارىشا قانچىلىك ھەق بەرسە شۇنچىلىك ئالاتتى، بەرمىسىمۇ رەنجىمەيتتى. ئاخشاملىرى ئۇزىنىڭ غېرىپخانىسىدا قولىغا ساتارنى ئالاتتى-دە، دەرت-ئەلەم، قايغۇ-مۇسىبەت ۋە پاكى ئىشقى-مۇھەببەت توغرىسىدا تەسىرلىك ۋە ئاجايىپ گۇزەل قوشاقلارنى ئېيتاتتى...



لېكىن بىر يىلى تاھىر ئاكا ئېغىر خورلۇق ۋە ئازاپقا ئۇچراپ كەلدى. ئۇ چولاق بولۇپ قالدى.

زومىگەر پومىششىك ئۇسمان بەگ كىچىك قىزىنى ياتلىق قىلىش ئۇچۈن يۇرتتا چوڭ توي قىلدى، ئېيتىشلارغا قارىغاندا بەگ-دوغىلارنى ئەۋەتىپ تاھىر قوشاقچىنى ھەيدەپ ئەكەلگەن ۋە ئۇز قىزىنىڭ توي مەرىكىسىنى ئۇلۇغلايدىغان قوشاقلارنى قېتىشقا زورلىغان، لېكىن تاھىر قوشاقچى بۇنداق قوشاق ئېيتىشقا زادىلا ئۇنىمىغان. قەھرى-غەزىۋى ئورلىگەن قانخور ئۇسمان بەگ ئۇنى 100 كالتەك ئۇرۇشقا بۇيرۇغان. دوغىلار غالجىر ئىتتەك ئېتىلىپ كېلىپ 100 كالتەك ئۇرغان ۋە ئۇنىڭ ساتار پەدىلىرى ئۇستىدە لەرزان ئۇچۇپ يۇرىدىغان خىسلەتلىك سول قولىنى چېقىپ تاشلىغان، خولۇم-خوشنىلار چالا ئولۇك ياتقان تاھىر ئاكىنى ئۇز ئويلىرىگە ئەكىرىپ دەرمانغا كەلتۇرگەن. قولىنى سۇنۇقچىلار تاڭغان...

تاھىر ئاكا ئۇزۇنغىچە قولىنى بويىنىغا ئېسىپ يۇردى. يېقىملىق، مۇڭلۇق ساتار ئاۋازى ئوچتى! ئۇ، ئۇزۇن ئوتمەي بىر كېچىدىلا ساتارنى قولتىغىغا قىسىپ، قاياققىدۇر غايىپ بولدى. بەزىلەر ئۇنى باشقا يۇرتتا باش ئېلىپ كېتىپتۇ دىسە، بەزىلەر تارىم دەرياسىغا ئۇزىنى تاشلاپ بۇ دۇنيادىن خوشلىشىپتۇ دىيىشەتتى.

1950-يىلى ئازاتلىق قۇياشى كوتىرىلىپ، تارىم ۋادىسى بەخت نۇرىغا چومدى. فېودالىزىم كىشەنلىرىدىن مەڭگۇ ئازات بولغان گۇلئاۋات دىخانلىرى چەكسىز يۇرەك شاتلىغىنى تويلاۋاتقان كۇنلەرنىڭ بىرىدە تاھىر ئاكا ساتارنى قولتۇغىغا قىسىپ، تۇيۇقسىز ئۇز يۇرتىغا قايتىپ كەلدى.

ساتار شاتلىق-بەخت كۇيلىرىگە سايرىدى، يېڭى خەلق ھوكۇمىتى

تاھىر ئاكىنى ئازادە ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى، شۇ يىلى زومگەر ئوسماننىڭ مۇستەبىت ئوردىسىدىن مالايلىقتىن ئازات قىلىنغان زەيتۇنە بىلەن توي قىلدى. توي قىلغان يىلى ئۇ 40 ياشلاردا ئىدى. بىر يىلدىن كېيىن جەملە تۇغۇلدى. زالىم قانخور ئوسماننىڭ دەھشەتلىك زۇلمى بىلەن مېيىپلەنگەن تاھىر ئاكا شۇندىن بۇيان ئاغرىقچان بولۇپ قالغان ئىدى. جەملە 7 ياشقا كىرگەن يىلى تاھىر ئاكا ئۇشتۇمتۇت ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى.

— ناخشا يۈرەكنىڭ ئوزۇغى، — دېدى تاھىر ئاكا جەملەنى باغرىغا بېسىپ، — ناخشا ئېيتقىنا قىزىم... ناخشا....

كىچىككىنە جەملە بۇلدۇقلاپ تۆكۈلۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ، دادىسى ئۆگەتكەن ناخشىنى ئېيتتى.

تاھىر ئاكا كۆزلىرىنى يۇمۇپ راھەتلىنىپ كۈلۈمسىرىدى... لېكىن ئۇ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى.

دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن زەيتۇنە ۋە بۇ يېتىم قىزغا خەلق گۇڭشېسى غەمخورلۇق قىلدى. ئائىلىسىنى "5 كېپىل" ئائىلە قاتارىدا ئاشلىق، كىيىم-كېچەك، تۇرمۇش بۇيۇملىرى بىلەن ھەقسىز تەمىنلەپ تۇردى. بەختكە قارشى ئانىسى زەيتۇنە ئەما بولۇپ قالدى. جەملە ئۆتكەن يىلى گۇڭشېمىزدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەن بولسىمۇ، ئانىسىغا قارايدىغان ئادەم بولمىغاچقا شەھەرگە بېرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئامالسىز قالدى.

دۆيجاڭنىڭ ھېكايىسى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالدى. "جەملەگە ئەۋلادتىن-ئەۋلاد مىراس بولۇپ قالغان ساتارنىڭ تارىنى ھەرگىز ئۈزۈپ قويۇشقا بولمايدۇ. جەملە تەربىيىلىنىشى، سەنئەت تالانتىنى ئۇستۇرۇشى، چوقۇم خەلق سەھنىسىگە چىقىپ، ئازات دەۋرىمىزنىڭ



ياڭراق كۈيچىسى بولۇشى كېرەك" دەپ ئويلىدىم مەن. بۇ ھەقتە ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىنىڭ باشلىقى ئابلىزغا خەت يېزىش ئۈچۈن جوزىغا ئولتاردىم.

خەلق ھۆكۈمىتى بۇ ئاددىغىنا يېزا قىزىغا چەكسىز ئىستىقبال يولىنى ئېچىپ بەردى. جەملەنىڭ ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قوبۇل قىلىنغانلىقى توغرىسىدىكى خۇشخەۋەر گۈلئاۋات دادۆيىگە باھار گۈلدۈرماماسىدەك تېزلا تارقاپ، ئەزالار قەلبىنى شاتلىق تەنتەنىسىگە چۆمدۈردى.

— بىزگە ناخشاڭدىن بىرنى ئېيتىپ بەرگىن، — دېيىشتى مويسىپىت بوۋايلار جەملەنىڭ بېشىنى سىلاپ، — بىز سېنىڭسىز زېرىكىپ قالىدىغان بولدۇق.

جەملە ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغان ھالدا ھەممىگە تەكشى سەپ سالدى ۋە بۇلبۇلدەك چاڭىلداپ:

"جەننەت دەيدۇ، جەننەت دەيدۇ،
گۇڭشېمىزغا يەتمەيدۇ.
بەخت تاپقان دېھقانلار
ئەمدى كۈلۈپ ياشايدۇ" — دەپ ناخشا ئېيتتى.

جەملە ئەما ئانىسى زەيتۇنىخاننى يۆلەپ "بېيجىڭ" ماركىلىق كىچىك ماشىنىغا چىقاردى.

— خوش، يۇرتداشلار! — دېدى جەملە كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىپ.

— ئاق يول بولسۇن قىزىم، ئاق يول بولۇڭلار!

كىچىك ماشىنا يېنىك قوزغىلىپ، يېزا يولىنى بويلاپ چاپسان يۈرۈپ كەتتى. يۇرتداشلارنىڭ قەلبىدە شاتلىق ئىپتىخار ھېسسى

قاينايتتى. شۇ تاپتا ئېتىزلىقتىن ئۇچۇپ كەلگەن بىر بوز تورغاي ۋىچىلداپ خۇش ئاۋازدا سايرىۋەتتى-دە، كۆكتە لەرزان پەۋەك تاشلاپ، ئالمىلىق باغ تەرەپكە ئۇچۇپ، كۆزدىن غايىپ بولدى.

مەن گۈلئاۋات داۋىيدىكى خىزمەتلىرىمنى تاماملاپ ئۇزۇن، ئۆتمەي ناھىيىگە — ئۆز ئىدارەم مەدەنىيەت يۇرتىغا قايتىپ كەلدىم. ئەتىسى جەملە بىلەن كۆرۈشمەكچى بولۇپ سەنئەت ئۆمىكىگە باردىم.

— كېلىڭ سابىر! — دېدى ئابلىز خۇشاللىق بىلەن مېنى ئىشخانىغا تەكلىپ قىلىپ، — يېزىدا خېلى چارچىدىڭىز، ئاخشاملىقتا ئويۇنىمىزنى كۆرىسىز. جەملە قىزنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلايسىز.

— ھە... جەملەنىڭ ئالغا بېسىشى قانداق؟ — ساپاغا ئولتۇرۇپ سورىدىم.

— بەئەينى بۇلبۇل! — دېدى ئابلىز راھەتلىنىپ كۈلۈپ، — ئاجايىپ ماھىر ناخشىچىنى بىزگە تونۇشتۇرغىنىڭىز ئۈچۈن سىزگە كۆپ رەھمەت. ئۇ خەلق ئارىسىدىكى ئەلنەغمە، خەلق ناخشىلىرى، «12 مۇقام» ئىچىدىكى بىرنەچچە مۇقاملارنى سۇنى سۈمۈرگەندەك پىششىق بىلىدىكەن. ئۇ ھازىر ئۆمىكىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ناخشىچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى.

مەن ئابلىزغا جەملەنىڭ بالىلىق ھاياتى ۋە دادىسى تاھىر قوشاقچى توغرىلىق قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم.

— مۇنداق دەڭا، — دېدى ئابلىز ھەيران بولۇپ، — مۇبادا تاھىر ئاكا ۋاپات بولۇپ كەتمىگەن بولسا ئۇنىڭدىن قانچىلىك كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگەنگەن بولاتتۇق-ھە؟

— جۈرۈڭ، جەملە بىلەن كۆرۈشۈپ چىقايلى.

— ئۇ ھازىر ئاۋاز مەشقى ئۈستىدە. ئۇدۇل رېپېتىسخانىغىلا



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىرەيلى.

پاكىزە، خىش ياتقۇزۇلغان ئازادە ھويلىدا گۈللەر رەڭمۇ-رەڭ ئېچىلىپ، خۇشپۇراقلىرى دىماقنى مەس قىلاتتى. بۇ گۈللۈكلەردىن ئايلىنىپ رېپېتىسخانىغا يېقىنلاشقاندا، گاڭچىكنىڭ نازۇك، قەلبلەرنى تەۋرەتكۈچى يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئاڭلاڭ، جەملە گاڭچىك چېلىۋاتىدۇ.

بىز رېپېتىسخانىغا كىرگەندە تاملاردىكى يوغان تاشەينەكلەر قۇياش نۇرىدا ۋاللىداپ كۆزلىرىمنى چېقىپ ئۆتتى. رېپېتىسخانا ناھايىتى ئازادە بولۇپ، يەرگە گىلەم سېلىنغان، جەملە چالغان گاڭچىك ئاۋازىغا تەڭكەش قىلىپ 7-8 ئوغۇل-قىز ئۇسۇلچىلار ئۇسۇل مەشقى قىلىۋاتاتتى.

جەملە ئۆزگىچە گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكى ئاددىي دېھقان قىزىغا زادىلا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئادەتتە ئەرتىسلەر ئۇسۇل مەشقىدە كىيىدىغان ئاچ-يېشىل مايكا ۋە توقۇما ئىشتان كىيگەن بولۇپ، سۇ دولقۇنلىرىدەك بۇدرە چاچلىرى يېنىك تەۋرىنەتتى. نازۇك، ئىنچىكە بارماقلىرى گاڭچىكنىڭ سەدەپ تىللىرى ئۈستىدە راۋان يورغىلاپ، گاڭچىكنى گويا سۇبھى تاڭ قۇشلىرىدەك خۇشاۋازدا سايراتماقتا ئىدى.

— جەملە! — ئابلىز ئىللىقلىق بىلەن ئۇنى چاقىرىپ مېنى كۆرسەتتى، — قاراڭ كىم كەلدى؟

جەملە يالت قىلىپ ماڭا قارىدى. بىردىنلا كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، خۇشاللىقىدىن ۋاقىرىۋەتتى:

— سابىر ئاكا!

مەن گويا ئۆز قېرىندىشىمنى كۆرگەندەك يۈرىكىم ھاياجان

ئىچىدە دۇپۇلدەيتتى، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم سويۇنۇشىنىڭ ئوت يالقۇنىدا يېنىپ كوزلىرىمدە ئىسسىق ياش ئەگىدى، مەن ئۆزەمنى ئارانلا بېسىپ:

—سىزنى چىن دىلىمدىن تەبرىكلەيمەن. دادىڭىز تاھىر قوشاقچىنىڭ سىزگە قالدۇرغان ساتارى تاشلىنىپ قالمىسۇن،—دىدىم.

—دادامنىڭ ساتارى مېنى ھەمىشە يېڭى ۋە گۈزەل ناخشىلارنى ئېيتىشقا ئۈندەيدۇ،—دىدى ئۇ مەنىلىك قىلىپ،—بۈگۈن كەچكى ئويۇنغا چوقۇم بېرىڭ، ئانامنىمۇ ئېلىپ بارىمەن.

—راست زەيتۇنىخان ئانام قانداق تۇردى؟

—ناھايىتى ياخشى.

مەن ئاخشاملىقى ئويۇن كورۇش ئۈچۈن كەلگەچ زەيتۇنىخان ئانام بىلەن چوقۇم كورۇشىدىغانلىغىمنى ئېيتىپ، جەملە بىلەن خوشلاشتىم.

دىگەنىدەك جەملە ئىسمى جىسمىغا لايىق ناخشىچى بولۇپلا قالماي، بەلكى جۇڭگو كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئەزالىرىدىن بىرى بولۇپ قالغان ئىدى.

لېكىن جەملەنىڭ بەختىيار ھايات باھارى تارىخ پاجىەسىنىڭ جۇدۇن-شۇۋىرغانلىرىغا دۇچ كەلدى.

مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋى باشلىنىپ، ئۆزۈن ئوتمەي 1966-يىلىنىڭ قەھرىتان سوغاق ئايلىرىغا كەلگەندە، ئەدەبىيات-سەنئەتتىكى ”قارا لۇشيەن دىكتاتۇرىسى“ نەزەرىيىسىنىڭ توپ ئوقلىرى سەنئەت ئومىگىنى تىرە-پىرەك قىلىۋەتتى. سەنئەت ئومىگى ”گېزەندىلەر ئۇۋىسى“، ئابلىز ”گېزەندىلەر باشلىغى“، ئەرتىستلەر ”گېزەندى“، ”قارا يىپ“ قىلىپ قويۇلدى. زال ۋە رېپىتىسخانىلار چۇۋۇلۇپ،



مۇزىكىلار چېقىپ تاشلاندى. ئەرتىستلەر قاراڭغۇ ئويگە سولاندى. مەنمۇ ”شيۇجېڭجۇيىلىق سېرىق كىتاپ تارقىتىپ ياشلارنى زەھەرلىگەن“ دىگەن بەدنام بىلەن قارىلىنىپ، جىن-شەيتانلار لاگىرىغا سولاندىم. سىرتتا ھە دەپ قار يېغىۋاتاتتى. بىز جىن-شەيتانلار قەھرىتان سوغاقتا مىسك ئولۇپ، بىر تىرىلىپ دىگەنىدەك كېچىنى ئۇيقۇسىز ئوتكۈزەتتۇق ۋە ئەتىسى بولىدىغان سوراق-كۈرەشلەرنى كۈتۈپ تۇرىشاتتۇق.

بىر كۈنى ئەتىگەنىدە ھەممىمىز تالاغا چاقىرىلدۇق ۋە ئۆزۈن قالپاق كىيدۈرۈلۈپ سازايىغا ئېلىپ چىقىلدۇق. ئۇ كۈنى قار توختىغان بولسىمۇ، لېكىن ھاۋا تولىمۇ سوغاق بولۇپ، ئاچچىق شۇۋىرغان ۋېژىلداپ قارلارنى ئۇچۇراتتى. خۇددى زەھەرلىك ئىلاندەك يۈز-كوزلىرىمىزنى چاقاتتى. سازايى قىلىنىدىغانلار تىرەپ-تەرەپتىن ھەيدەپ كېلىنىشكە باشلىدى. بەزىلەرنىڭ قوللىرى باغلانغان، بەزىلەرگە ئۆزۈن قالپاق كىيدۈرۈلگەن، بەزىلەرنىڭ يۈزىگە قارا سۈرتۈلگەن، بەزىلىرىنىڭ بوينىغا ئېغىر قارا تاختاي ئېسىلغان. ”ئاھ! بۇ سوتسىيالىستىك جەمىيىتىمىزدە نىملەر بولۇپ كەتتى-ھە!“ دەپ ئويلايتتىم مەن ئازاپ ۋە ئەلەملىك خىتاپلىرىمنى بوغۇزۇمغا يۇتۇپ. بىز سازايى قىلىنغان ”جىن-شەيتانلار“ 100 كىشىدىن ئاشاتتۇق. قاتار تىزىلىپ، بېشىمىزنى تۆۋەن سېلىپ مېڭىشىمىز بۇيرۇلغان ئىدى. بىز جاڭ ئاۋازىغا كەلتۈرۈپ قەدەملىرىمىزنى ئېغىر بېسىپ، قار كېچىپ، شۇۋىرغان قۇترىغان ناھىيە بازىرىدا يۈرۈپ كەتتۇق... مەن بېشىمنى تۆۋەن سېلىپ ئوڭ تەرىپىمدە كېلىۋاتقان ”گېزەندە“گە قارىدىم-دە، چوچۇپ كەتتىم. يېنىمدا جەملە ماڭا ياندىشىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئېچىنىشلىق ھالىنى

كورۇپ، يۈرىكىم سىقىراپ، كۆزلىرىم قاراڭغۇلىشىپ، بەدىنىمنى سوغاق تەر باستى. يۈرىكىم پىچاق بىلەن تىلىغانىدەك چىدىغۇسىز ئېچىشىپ ئاغرىدى. جەملەنىڭ بويىنىغا قېلىن تاختاي ئېسىلغان بولۇپ، ئۇنىڭغا "نەق ئەكسىلئىنقىلابچى" دىگەن قارا خەتلەر يېزىلغان. بۇ تاختاي ئىنچىكە سىم بىلەن بويىنىغا ئېسىپ قويۇلغان. سىم بويۇنلىرىنى كېسىپ گوش ئارىلىرىغا كىرىپ كەتكەن ئىكەن. جەملەنىڭ قاتتىق تاياق يېگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. يۈزلىرىنىڭ بىرنەچچە يېرى يېرىلغان. لىۋىنى چىشلەپ ئۈزۈۋەتكەن بولسا كېرەك، لەۋلىرىدە قىپ-قىزىل قان ئۇيۇپ قالغان ئىدى.

— بەرداشلىق بېرىڭ! — دىدىم مەن جەملەگە ئاستا پىچىرلاپ، — بەرداشلىق بېرىش غەلىبە دىمەكتۇر.

ئۇ مېنى ئەتىمالىم تونۇمىدى، چۈنكى بىر يېرىم مېتىر ئېگىزلىكتىكى جىن-شەيتان قالپىقى كۆزۈمگىچە چوكۇرۇلگەن ئىدى...

بەدەنلىرىمنىڭ ماغدۇرسىزلىنىپ، قاتتىق تېلىپ ئاغرىشىنىمۇ ئۇنتۇدۇم. پۈتۈن پىكرى-خىيالىم پەقەت جەملىدىلا ئىدى.

"جەملە، جەملە، ئۇلار سېنى نىمە ئۈچۈن ئازاپلىماقچى؟ خەلقنى، بەختىيار سوتسىيالىزمنى، ئۇلۇغ كوممۇنىستىك پارتىيىنى كۈيلىگەنلىكىڭ ئۈچۈنمۇ؟"

ئارىدىن 2 ئاي ئۆتكەندىن كېيىن مېنى "جىن-شەيتانلار" چوڭ جازا لاگىرىغا يوتكەشتى. مەن بۇ لاگىردىن تولىمۇ "مەمنۇن" بولدۇم. چۈنكى دوستۇم ئابلىز بىلەن تېپىشقان ئىدىم.

— جەملە قانداق بولدى؟ — دەپ سورىدىم مەن بىر كېچىسى ئابلىزدىن ئاستا پىچىرلاپ.

— زادىلا بىلەلمىدىم، — دىدى ئابلىز ئېغىر ئۇھ تارتىپ، — ئاڭلە-



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سام، ئۇمىگىمىزنى پۈتۈنلەي تارقىتىۋېتىپتۇ. ئەرتىسىلەرنى نەدىن كەلسەڭ شۇ يەرگە كەشكىنى توغرىلا دەپ قوغلاپتۇ...

مەن 4 ئايدىن كېيىن "جىنايىتىمنى ئويلاپ تاپشۇرۇش" شەرتى بىلەن لاگىردىن ئازات قىلىندىم. پېپەن-كۆرەش قىلىنىش ئۈچۈن ئىدارىغا تاپشۇرۇلدۇم. جەملە توغرۇلۇق ئويلىسام يۈرۈكۈم گويا قوغۇشۇن قۇيغاندەك دەرت-ئەلەم ئىچىدە ئۆرتىنىپ ئازاپلىناتتى.

بىر كۈنى جەملە توغرۇلۇق مۇنداق بىر قايغۇلۇق خەۋەر ئاڭلىدىم: جەملە جازا لاگىرىغا سولانغان قەھرىتان سوغاق كۈنلەرنىڭ بىرىدە باش-پاناسىز قالغان ئەما زەيتۈنخان ئانا ئۆيىدە توڭلاپ قېتىپ قالغان، جەملىگە "ئەكسىلئىنقىلابچى" قالپىقى كىيدۈرۈلۈپ، گۈلئاۋات دادۈيىگە ھەيدەلگەن ۋە بۇ "سىنىپىي دۈشمەن"نى قاتتىق ئىشلىتىش توغرىسىدا بۇيرۇق بېرىلگەن...

لېكىن جەملە بۇ مۇدھىش زوراۋانلىققا قىلچە پەرۋا قىلمىغان ھالدا ئەمگەكنىمۇ ياخشى قىلىدىكەن. ناخشىنىمۇ بىمالال ئېيتىپ يۈرىدىكەن. ئاخشاملىرى قاش قارايغان چاغدا ئۇنىڭ چەكلەنگەن كەپىسىگە كېلىپ-كېتىپ تۇرغۇچىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيدىكەن.

يۇقۇرى ئەۋجىگە كۆتىرىلگەن ئالقىش ساداسى بىردىنلا مېنىڭ خىيال يەپلىرىمنى ئۈزۈۋەتتى. مەن ئېسىمنى يىغىپ، سەھنىگە قارىغىنىمدا جەملە خۇش چىراي، ئىللىق تەبەسسۇم بىلەن كۈلۈپ تۇراتتى. ئۇ «بۇ دەۋرىمنى كۈيلەيمەن» دىگەن ناخشىنى ئوقۇدى:

ئېچىلدى قىزىل گۈلۈم،
گۈلزاردا — باھارىمدا.
كۈيلەيمەن بۇ دەۋرىمنى،
ناخشامدا — دۇتتارىمدا...

ئۇ ناخشىنى ياخشى ئېيتتى. قايناق مۇھەببەت قەلبىدە جۇشقۇدلاپ، كوز چاناقلىرىدا ئىسسىق ياش داۋالغۇدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ياڭراق مۇھەببەت كۈيى كېچىنىڭ ساپ ھاۋاسىنى تىترىتىپ، يىراق-يىراقلارغا ئاڭلانغاندەك قىلاتتى.

—بۇ جەمىلىغۇ؟!—دېدىم مەن يۈرەك ھاياجانلىرىمنى ئارانلا بېسىپ ۋە ئابلىزدىن رەنجىش ئاھاڭىدا سورىدىم.

—نېمىشقا جەملە توغرىلىق ماڭا ئىلگىرىرەك ئېيتمىدىڭىز؟

—مەن سىزنىڭ جەمىلىنى ئۇنتۇپ كەتكەن-كەتمىگەنلىكىڭىزنى سىناماقچى بولغان ئىدىم،—دېدى ئابلىز ھەييارلىق بىلەن كوزىنى قىسىپ.

—ئۇ ئومەككە قاچان قايتىپ كەلدى؟

جەملە ئارقا-ئارقىدىن خېلى كوپ ناخشا ئېيتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنىڭ تۈگىشىگە ئەگىشىپ قىزىل دۇخاۋا پەردە لەرزان يېپىلدى. قىزغىن ئالقىشنىڭ دولقۇنلۇق ئېقىمى شىددەت بىلەن زال ئىچىدە گۈلدۈرلەيتتى.

ئىلانچى سەھنە ئالدىغا چىقىپ، نۆۋەتتىكى نومۇر «ئۈزۈمچىلىك ئۇسۇلى» دەپ ئېلان قىلدى. ئابلىز ئۈزۈلۈپ قالغان سوھبىتىمىزنى داۋاملاشتۇرۇپ، جەملە توغرىلىق مۇنداق دېدى:

—جەملە ياۋۇز "4 كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىنى توپ-توغرا 10 يىلدىن ئوشۇق تارتتى. "ئەكسىلئىنقىلابچى" دېگەن توھمەت قالپىغى ئۇنىڭ قەددىنى پۈكەلمىدى. ئۇ يېزىدا دىكتاتۇرا ئاستىدا جاپالىق ئەمگەككە سېلىنىۋاتقان مەزگىللەردىمۇ ناخشا ئىجادىيتىنى توختاتمىدى. ئۇ ئوتكەن يىل كۈزدە ئاقلىنىپ، ئومىكىمىزگە قايتىپ كەلدى.



مەن تەسىرلىنىپ، كوزلىرىمگە ئىسسىق ياش ئالدىم.

مەن ئويۇننىڭ تۈگىشىنى كۈتۈپ تۇرالمىدىم. قانداقتۇر بىر يوشۇرۇن كۈچ مېنى ئورنۇمدىن تارتىپ تۇرغۇزغاندەك بولدى. مەن ئايرىلغىلى ئۇزۇن بولغان بۇ سويۈملۈك ناخشىچى بىلەن كورۈشۈش ئۈچۈن پەلەمپەيدىن كوتىرىلدىم...



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# گۈل-چېچەككە پۈركەنگەن قەۋرە

مۇھەممەت روزى

بىزنىڭ ئۆيىمىز مومام تۇرغان تاغلىق يېزىدىن 80 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ناھىيە بازىرىدا ئىدى. مومام ئۆلۈپ كەتكەندە، مەن باشقا بىر شەھەردە ئوقۇشتا بولغاچقا ئۇنىڭ ئۆلىمىگە بارالمىدىم. ئارىدىن 4 يىل ئۆتۈپ، ئوقۇشۇم پۈتتى. مەن ئۆيگە كېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي مومامنىڭ قەۋرىسىنى زىيارەت قىلىش نىيىتىدە، كىچىك چېغىمدا بىر يىل تۇرغان تاغلىق يېزىغا كەلدىم.

مومامنىڭ قەۋرىسى ئالدىدىن قايتىۋېتىپ، تۇساتتىن بىر قەۋرىدىكى تاختايغا كۆزۈم چۈشتى-دە، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى. بۇ سوپاخۇن قوڭغۇراقچىنىڭ قەۋرىسى ئىدى، كىمدۇ قەۋرىنىڭ يېنىدىكى كىگىز ئورنىدەك يەرگە مەخسۇس گۈلزارلىق ياساپ، خىلمۇ-خىل گۈللەرنى ئۆستۈرۈپتۇ، بىر تۈپ ئالما كۆچىتى قويۇلۇپتۇ، قەۋرىستانلىق قۇرغاق جاي بولسىمۇ، گۈلزارلىققا كۈندە سۇ قۇيۇلۇپ تۇرغان بولسا كېرەك، گۈللەر ۋە ئالما كۆچىتى باغدىكىدەك ياشناپ تۇرۇپتۇ، مەن ئىختىيارسىز، قەۋرە ئالدىغا كېلىپ يۈكۈندۈم، كۆز ئالدىمدىن بۇ تاغلىق يېزىدا ئۆتكەن بىر يىللىق باللىق ھاياتىم گويا كىنو لېنتىسىدەك ئۆتۈشكە باشلىدى.

مومام تولىمۇ مېھرىۋان ئايال بولسىمۇ، لېكىن جاھىلراق ئىدى. ئۇ بوۋام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ناھىيە بازىرىغا بېرىپ، بىز بىلەن بىللە تۇرۇشقا زادىلا ئۇنىمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنى دادامدىن



سورىۋېلىپ، ئۆزىگە ھەمرا قىلىۋالدى.

مەن ئۇ چاغدا ئەمدىلا 9 ياشتا ئىدىم. مومام مېنى ئوقۇشتىن قالمىسۇن، دەپ مەكتەپكە بەردى. بۇ مەكتەپتە پەقەت تۇت سىنىپ، تۆت مۇئەللىم ۋە بىر قوڭغۇراق چالىدىغان بوۋاي بار ئىدى. مەن تېزلا باللار بىلەن ئېجىل بولۇپ كەتتىم. بىزنىڭ مەھەللىدىن مەكتەپكە بارىدىغان بىر تۈپ بالا ئىچىدە ئەخەت ئىسىملىك بىرسى بار ئىدى. ئۇ ھەممىدىن چوڭ بولغاچقا، بىزنى ئەگەشتۈرۈپ، ھەر خىل ئويۇنلارنى ئويناشقا باشچىلىق قىلاتتى. بۇ ئويۇنلار ئىچىدە ھەممىدىن قىزىقى، كەچتە مەكتەپتىن قايتقاندا سوپاخۇن قوڭغۇراقچىنى تېرىكتۈرۈپ ئويناش ئىدى، ئۇ 60 ياشلار چامىسىدىكى، ساقىلىغا ئاق ئارىلىغان، كۆزلىرى يوغان، بىر پۇتى ئازراق ئاقسايدىغان، بېشىغا دائىم ئاق شاپاق دوپپا كىيىۋالىدىغان ئىشچان بوۋاي ئىدى. ئۇ، ئەتىگەندە بىز مەكتەپكە بارغىچە سىنىپلارنى پاكىزە سۈپۈرۈپ قوياتتى، چۈشتە ياكى كەچلەردە بىز شوخلۇق قىلىپ، سۇندۇرۇۋەتكەن پارتا-ئورۇندۇقلارنى مىخلاپ ياسايتتى، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا بولسا، دەرسكە كىرىش، دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقىنى چالاتتى. ئۇ قوڭغۇراق چالغاندا يوغان كۆزلىرى دائىم كۈلۈمسىرەپلا تۇراتتى، شۇنداقلا ئەتراپىغا ئولاشقان باللارنى ئەركىلىتىپ قوياتتى. باللار ۋە مۇئەللىملەر ئۇنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن مەن ۋە مېنىڭ دوستلىرىم ئۇنى بوزەك قىلىپ ئويناپتتۇق. سوپاخۇن بوۋاينىڭ ئۆيى مەكتەپ ئىچىدە ئىدى، ئۇ مەكتەپ ئىچىگە ھەر يىلى مېۋە كۆچەتلىرىنى قويۇپ تۇرغاچقا، كۆچەتلەر ئاينىپ، مەكتەپنى تولىمۇ چىرايلىق قىلىۋەتكەن ئىدى. لېكىن بىز دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن باققا ئوغرىلىقچە كىرىپ مېۋىلەرگە ئارام بەرمەيتتۇق. ئىككى-ئۈچ

بالا دەرەخكە يامىشىپ چىقاتتى-دە، سۇنۇپ كېتىشكە قارىماي شاخلارنى بولۇشىغا سىلكىيتتى. باشقىلىرىمىز يەرگە تۆرۈكلاپ چۈشۈۋاتقان مېۋىلەرنى قويۇن ۋە يانچۇقلىرىمىزغا تىقىشىپ قاچاتتۇق، بوۋاي بولسا، كايىغىنىچە بىزنى قوغلايتتى. لېكىن بىر پۇتى ئاقسىغاچقا بىزگە يېتىشەلمەيتتى. ئەگەر ئۇ يېتىشىۋالغۇدەك بولسا، قوينىمىزدىكى ئالمىلارنى بوۋايغا ئاتاتتۇق، ئالمىلار ئۇنىڭ بېشىغا، قاپاقلىرىغا تېگىپ، ئىششىتىۋېتەتتى. ئەتىسى ئۇنىڭ باشقىچىرەك تۈسكە كىرىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ، بىز تام ئارقىسىدىن مارىشىپ پىخىلدىشىپ كۈلۈشەتتۇق.

بىر كۈنى كەچتە ئادەتتىكىدەك باققا كىرىپ دەرەخلەر ئارىسىغا بېرىشىمىزغىلا تۇساتتىن سوپاخۇن بوۋاي ئالدىمىزدىن چىقىپ قالدى. ئۇ بىزنىڭ كېلىدىغانلىقىمىزنى پەملىگەچكە ئالدىن تەييارلىنىپ تۇرغان ئىكەن. بىز قاچتۇق، بوۋاي ئەختەنى تۇتۇۋالدى، مەن دوستۇمنى قۇتۇلدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن يەردىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ بوۋاينىڭ كۆزىگە چېچىۋەتتىم. بوۋاي كۆزىنى ئۇۋۇلاشقا مەجبۇر بولدى-دە، ئەختەنى قويۇۋەتتى. بىز ئۇنىڭدىن خېلى يىراقلىشىپ توختاشتۇق-تە، ئادىتىمىز بويىچە: "بومبا ساقال ئاقساق چال، يېتىشەلمەي ئۆلۈپ قال!" دەپ تۇۋلاشتۇق. بوۋاي كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىغىنىچە يەنە بىزنى قوغلىدى. مەن ئالدىراپ قاچىمەن دەپ بىر تاشقا پۇتلىشىپ، يىقىلىپ چۈشتۈم، تىزىم بەك ئاغرىپ كەتتى-دە، يىغلىۋەتتىم، باشقا باللار قېچىپ كەتتى. بوۋاي مېنى تۇتۇۋالدى. مەن قورقۇپ كەتتىم، لېكىن ئۇ مېنى ئورنۇمدىن يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، كىيىمىمدىكى توپىلارنى قاقتى، تىزىمنى ئۇۋۇلىدى.

— بەك ئاغرىۋاتامدۇ بالام؟ — بوۋاينىڭ ئاۋازى بەكمۇ مۇلايىم



ئىدى. مەن ھېچنىمە دېمەي يىغلاۋەردىم. بوۋاي مېنى كۆتىرىپ ئۆيىگە ئەكىردى. بوۋاينىڭ ئۆيىدە كۆزگە چېلىققۇدەك ئالاھىدە بىساتلارمۇ يوق ئىدى، لېكىن پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. بىر پارچە كونا گىلەم سېلىنغان پاكار سۇپىنىڭ تۆرىدە كىچىككىنە گۈللۈك شىرە، شىرە ئۈستىدە كىتاپ ۋە دەپتەرلەر تۇراتتى. بوۋاي مېنى پەگادىكى كىچىك ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ، ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقىنى قايرىپ تىزىمنى كۆردى. تىزىمنىڭ تېرىسى سۈرۈلۈپ كەتكەچكە بىرنەچچە يەردىن قان چىقىپ تۇراتتى. بوۋاي چوڭقۇر ئېچىنىش بىلەن:

— ھەي، يامان بوپتۇ. ئەگەر يەنە بىرئاز قاتتىق چۈشكەن بولساڭ، ئەتە مەكتەپكە كېلەلمەي قالىدىكەنسەن، سەۋر قىل، مەن تىزىڭدىكى قانلارنى سۈرتۈپ تېڭىپ قوياي، — دېدى ۋە بۇلۇڭدىكى ساندۇق ئىچىدىن يېڭى پاختا ۋە داكا ئېلىپ پاختا بىلەن قاننى سۈرتۈشكە باشلىدى.

— بەك ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دېدى ئۇ مېھرىۋانلىق بىلەن، — مەن ئالمىلارنى سىلەرنى يېسۇن دەپ پەرۋىش قىلىۋاتىمەن، مەندىن سورىساڭلار، مەن پىشقانلىرىنى ئۈزۈپ ئەپچىقىپ بەرسەم بولماسمىدى؟ لېكىن سىلەر نۇرغۇن دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىنى سۇندۇرۇپ بولدۇڭلار، نۇرغۇن مېۋىلەرنىمۇ بىزەپ قىلىۋەتتىڭلار، بۇنداق قىلساڭلار توغرا بولامدۇ؟

مەن ئىندىمىدىم. ئۇ تىزىمدىكى قانلارنى سۈرتۈپ بولۇپ، داكا بىلەن تېڭىپ قويدى-دە، ئىشتىنىمنىڭ پۇشقىقىنى چۈشۈرۈپ قويدى، ئاندىن ئۆيۈقتىكى پەتنۇستىن قىزىرىپ پىشقان ئىككى ئالمىنى ئېلىپ ماڭا بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئارىسى

—سېنى بۇرۇن كورۇپ باقمىغان ئىسكەنمەن بالام، كىمنىڭ بالىسىسەن؟

مەن جاۋاپ بېرىشتىن قاچتىم. چۈنكى بوۋاي ئەھۋالىنى مومامغا ئېيتسا، مومام مېنى باللارغا قوشماي قوياتتى-دە، ئوينىيالمايتتىم.

—ئېتىڭ نىمە؟—سورىدى بوۋاي. مەن يەنە ئۈنچىقمىدىم.

—داداڭ نىمە ئىش قىلىدۇ؟

—باشلىق!—دىدىم مەن ئالدىراپ،—مىنى قويۇۋەتمىسىڭىز دادامغا دەيمەن.

بوۋاي كۈلۈپ قويدى ۋە يەنە:

—داداڭ قەيەرنىڭ باشلىغى،—دەپ سورىدى.

—بازارنىڭ،—كەسكىن جاۋاپ بەردىم مەن.

—ھىم،—دىدى كوزىنى ئۇۋۇلاپ،—باشلىقنىڭ بالىسى تېخىمۇ...

تۇيۇقسىز "جاراڭ" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ دەرىزىنىڭ بىر كوزنىگى چېقىلىپ، كۈكۈم-تالقان بولۇپ كەتتى. بوۋاي ئەينەكنى مېنىڭ دوستلىرىم چاقانلىغىنى پەملىدى-دە، ئاچچىغى بىلەن بىر نىملەرنى دەپ ئاقسىغىنىچە سىرتقا يۈگۈردى. مەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ غىپلا قىلىپ قېچىپ كەتتىم.

باللار مېنى مەھەللىدە ساقلاپ تۇرغان ئىكەن، ئەخەت مەندىن:

—توكا قېرى سېنى ئۇردىمۇ؟—دەپ سورىدى.

—ياق! ئۇ مېنى ئۇرماقتا يوق تېخى ئىككى ئالما بەردى،—دىدىم مەن ۋە بوۋاي بەرگەن ئالمىنى يانچۇغىمدىن چىقىرىپ ئۇلارغا كورسەتتىم.

—ئۇ نىملەرنى سورىدى؟ سەن نىملەرنى دىدىڭ؟

—مەن ھىچنىمە ئېيتمىدىم، پەقەت ئۇ دادامنى سورىغاندا،



دادامنىڭ باشلىق ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ، ئۇنى قورقاتتىم.

—بەللى، ياخشى دەپسەن، ئۇ داداڭدىن قورقۇپتۇ، شۇڭا ساڭا قول تەككۈزەلمەپتۇ-دە.

ھەممىمىز خوشال بولۇپ پاراققىدە كۈلۈشتۇق ۋە ئويلىرىمىزگە تارقىشىپ كەتتۇق.

قوڭغۇراقچى بوۋاينىڭ كەچتە ئويىمىزگە كېلىشىنى كىم بىلسۇن؟ ئۇ مومام بىلەن سوزلىشىپ ھىلىقى ئەھۋاللارنى ئېيتىپ قويدى. بوۋاي كەتكەندىن كېيىن مەن مومامغا يېلىندىم:

—موما، ئوبدان موما، سەن بۇ ئىشلارنى دادام كەلگەندە ئېيتىپ قويساڭ، دادامنىڭ ئاچچىغى يامان، ئۇ مېنى ئورۇپ قويۇشتىن يانمايدۇ.

—ئېيتمايمەن بالام،—دىدى مومام بېشىمنى سىلاپ،—داداڭ سېنى ئۇرسا مېنىڭ يۈرىگىم ئاغرىيدۇ، لېكىن بۇندىن كېيىن مەكتەپ بېغىغا چۈشمىگىن، ئالما دىسەڭ ئۆزىمىزنىڭ بېغىدىمۇ تۇرامدۇ؟!

—ماقۇل موما، بۇندىن كېيىن ھەرگىز مەكتەپ بېغىغا چۈشمەيمەن.

قوڭغۇراقچى بوۋاينىڭ بۇ ئەھۋاللارنى مۇئەللىملەرگە ئېيتىپ قويۇشىدىن قورققان ئىدىم، لېكىن ئەتىسى مۇئەللىملەر بۇ ھەقتە ھىچنەرسە دىمىدى، نەتىجىدە، بىرئاز خاتىرجەم بولغان بولساممۇ، لېكىن مومامغا بەرگەن ۋەدەمنى ئاقلاش ئۈچۈن مەھەللىدىكى باللارنىمۇ ئىزلىمىدىم.

بىر يەكشەنبە كۈنى زېرىكىپ قالدىم-دە، يەنە باللارنى ئىزلەپ تاپتىم. ئۇلار ئەخەتنىڭ بوۋاينىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشتا مېنىڭ

كۆرسەتكەن "قەھرىمان"لىقىمنى تىلغا ئېلىپ مېنى ئالاھىدە ماختىدى.

— بۈگۈن يەكشەنبە، — دېدى ئەخەت ھەممىمىزگە قاراپ، — كۈندۈزى مەكتەپكە ھېچكىم كەلمەيدۇ، بىز بېرىپ توكا قېرىنى تېرىكتۈرۈپ ئوينىمامدۇق. ئەتە مۇئەللىملەر سۈرۈشتۈرۈپ قالغۇدەك بولسا، ھەممىمىز تەڭلا تېنىۋالىمىز، قانداق؟

— مەيلى، بارساق بارايلى، — دېيىشتى باللار.

مەن ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قالدىم.

— قورقۇۋاتامسەن؟ — دېدى ئەخەت ماڭا، — ئەگەر قورقساڭ، سەن قال! لېكىن ئەتە بىزنى ئېيتىپ قويما، جۇمۇ؟!

— بۇ ئېيتىپ قويىدۇ، — دېدى باللارنىڭ بىرسى ماڭا ئىشەنچسىزلىك بىلەن قاراپ، — بۇ بارمىسا، مەنمۇ بارمايمەن.

ئۇنىڭ سۆزى جېنىمغا تەگدى. گويا بىر پارچە ئوت ئىچىمگە يامىشىپ كۆيىۋاتقاندەك بولدى، قوشۇملىرىم ئىختىيارسىز تۈرۈلدى.

— بارىمەن! — دېدىم كەسكىنلىك بىلەن ھېلىقى بالىغا ھومىيىپ قاراپ.

— ئۇنداق بولسا، ئىش پۈتتى، قېنى ماڭايلى، — دېدى ئەخەت قولى بىلەن ئىشارەت قىلىپ.

ھەممىمىز ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چۇۋۇرلىشىپ مېڭىشتۇق... لېكىن، باغنى توساپ ياسىغان تامنىڭ بىز چۈشۈپ چىقىدىغان يېرى كېسەك بىلەن قوپۇرۇۋېتىلگەن ئىكەن. ھەممىمىز قانداق قىلىمىز دېگەندەك ئەخەتكە قاراشتۇق. ئەخەت قىلچە ئىككىلەنمەيلا بىر بالىنى تارتىپ تام تۈۋىگە ئاپىرىپ يۈكۈندۈردى-دە، ئۇنىڭ دۈمبىسىگە چىقىپ تۇرۇپ كېسەكلەرنى قومۇرۇشقا باشلىدى، بىز ئۇنىڭغا ھەمكارلىشىپ،



ئۇ قومۇرغان كېسەكلەرنى يەرگە ئېلىپ تاشلىدۇق. ھايت-ھۇيت دېگىچە تامنىڭ بۇ يېرى ئەسلىدىكى ھالىتىگە كېلىپ قالدى. باللارنىڭ ھەممىسى بىر-بىرلەپ باغقا كىرىپ كەتتى. مەن بىر ھازا ئىككى تايىن بولۇپ تۇرۇپ قېلىپ، پۇتۇمنى ئەمدىلا يۆتكىۋىدىم، باغنىڭ ئىچى ئوپۇر-توپۇر بولۇپ كەتتى. ھايال ئۆتمەيلا باللار قېچىپ چىقىشقا باشلىدى. ئەسلىدە بوۋاي باغدا سۇ تۇتۇۋاتقان ئىكەن، باللار ئۇنىڭ بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قاپتۇ-دە، بەدەر قېچىپتۇ، مەنمۇ ئالمان-تالمان قاچتىم. تۇيۇقسىز بىر قاتتىق قول قۇلىقىمنى كاپلا قىلىپ تۇتۇپ سوزىۋەتتى، مەن "ۋايجان!" دەپ ۋارقىرىۋەتتىم، قارىسام، دادام ئىكەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى. دادامنىڭ قانداقلارچە كېلىپ قالغانلىقىغا بىر تەرەپتىن ھەيران بولسام، يەنە بىر تەرەپتىن قورقۇپ پۇت-قوللىرىمدا جان قالمىدى.

— نېمە قىلماقچىسىز؟ — تۇساتتىن بوۋاينىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — كىچىككىنە بالىنىڭ قۇلىقىنى شۇنداقمۇ سوزغان بارمۇ؟

بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپ، دادامنىڭ كۆزلىرىدىكى غەزەپتىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ پۈشقاقلىرى تىزىغىچە تۈرۈلگەن بولۇپ، پۇتلىرى لايغا مىلەنگەن ئىدى.

— بوۋا، كەچۈرۈڭ! ھارامزادىلەر سىزنى بەك بوزەك قىپتۇ، مەن ئۇنىڭ ئەدىۋىنى...

— سىز بالىنىڭ دادىسىمۇ؟ — دەپ دادامنىڭ سۆزىنى بۆلىۋەتتى بوۋاي.

دادام بېشىنى لىڭشىتتى.

— ئۇنىڭ قۇلىقىنى قويۇۋېتىڭ! شۇنداقمۇ قوپاللىق قىلغان بارمۇ؟

دادام ھوپپىدە قىزىرىپ كەتتى. قولىنىڭ مېنىڭ قولۇمدىن قانداق بوشاپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ سەزمەي قالدى، مەن ئالدىراپ ئۆيگە كەتتىم. دادام بىلەن بوۋاي يەنە نېمىلەرنى دېيىشكىنىنى بىلمىدىم. خېلىدىن كېيىن دادام قايتىپ كەلدى، مەن قورقۇپ مومامنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندۇم، دادام ماڭا ھېچنەرسە دېمىدى.

كەچتە يېتىپ ئۇخلىيالمىدىم. بوۋاينىڭ ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ بالىلارنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئۇنىڭغا ئېيتقان، "دادام باشلىق، قويۇۋەتمىسىڭىز دادامغا دەيمەن" دېگەن سۆزلىرىمنى ئەسلەپ خىجىللىقتىن بېشىمنى يوتقانغا تىقىۋالدىم. مانا بۈگۈن كۆردۈمكى، ئۇ باشلىقتىن قورقۇش ئەمەس، بەلكى ئۇنى تەنقىتمۇ قىلالايدىكەن. كۆز ئالدىمدا ھېلىقى كۈنى مەن توپا چېچىۋەتكەن بولسامۇ، بوۋاينىڭ كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ تۇرۇپ، ماڭا قىلغان مېھرىۋانلىقى گەۋدىلەندى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرى قانچىلىك ئېچىشىپ كەتكەندۇ-ھە؟! ئۇنىڭغا بەكمۇ ئىچىم ئاغرىپ كەتتى. شۇنداق بىر ئادەمنىڭ ئەمگىكىنى دەپسەندە قىلىپ، ئۆزىنى بوزەك قىلىپ ئويناش نېمە دېگەن نومۇسسىزلىق-ھە؟! تاڭ ئاتقاندا مەن ئۇنىڭدىن چوقۇم ئەپۇ سورىغىلى بارماقچى بولدۇم.

تاڭمۇ ئاتتى. لېكىن ئىش مېنىڭ ئارزۇيۇمدەك بولمىدى. دادام ئەتىگەندىلا بېرىپ، مېنىڭ رەسمىيەتلىرىمنى ئۆتەپ، بازارغا ئېلىپ كەتتى. شۇندىن كېيىن مەن بۇ تاغلىق يېزىغا كەلمىدىم....

شۇ ئىشلار بولۇپ ئارىدىن بىرمۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى. بوۋايمۇ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. بوۋاينىڭ ئۆلۈمىگە قاتتىق ئېچىندىم، كۆزۈمدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياش تامچىلىرى گۈلزارلىقتىكى گۈللەر بەرگىدە گويا شەبنەمدەك يالتىراپ تۇراتتى، بىردىن گۈل-چېچەكلەر ئارىسى-



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىن بوۋاينىڭ قوڭغۇراق چېلىپ، كۈلۈپ تۇرغان قىياپىتى پەيدا بولدى. بوۋاي ماڭا: "بالام چوڭ بوپسەن، ئەمدى سېنى نۇرغۇن ياخشى ئىشلار كۈتىدۇ" دەۋاتقاندەك تۇيۇلدى. تۇيۇقسىز ئارقا تەرەپىمدىن قەدەم ئاۋازى ئاڭلاندى، بۇرۇلۇپ قارىسام، مەن بىلەن تەڭ دېمەتلىك بىر دېخان يىگىت ئەپكەشتە سۇ كۆتىرىپ كېلىۋېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قاراپ، ئەمدىلا تونۇشۇمغا، ئۇمۇ ھەيرانلىق بىلەن مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتىدى-دە:

— سەن بۇ ياقلارغا قانداق كېلىپ قالدىڭ؟— دېگىنىچە چېلەكنى يەرگە قويدى. بىز كونا قەدىردانلارچە كۆرۈشتۇق، بۇ يىگىت ھېلىقى ئەخەت ئىدى. قىسقىچە ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن مەلۇم بولدىكى، گۈلزارلىقنى ئەخەت باشچىلىقىدىكى ئاغىنىلىرىم بەرپا قىلغان ئىكەن، ئۇلار ھەر كۈنى نۆۋەت بىلەن سۇ توشۇپ، گۈلزارلىقنى سۇغۇرۇپ تۇرىدىكەن.

شۇ كۈنى ئىككىمىز پاراڭلاشقاچ يەنە بىرنەچچە چېلەك سۇ ئەكىلىپ قوڭغۇراقچى بوۋاينىڭ قەۋرىسى يېنىدىكى گۈلزارلىقنى سۇغاردۇق.

بىز قەۋرىستانلىقتىن قايتىۋاتقاندا، گۈللەر تېخىمۇ پۇرەكلەپ ئېچىلىپ، يوپۇرماقلار يېنىك شامالدا يېقىملىق شىلدىرلىماقتا ئىدى. مەن بوۋاينىڭ قەۋرىسىگە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تىكىلدىم.

(«شىنجاڭ ئەدەبىياتى»نىڭ 1980-يىل 7-سانىدىن)

# بۇلۇڭ-پۇشقاقتىكى ئىشلار

## تۇرسۇن قاسىم

—خەيرىنىسا، ھەي خەيرىنىسا!— ئابدىكېرىم نەشىخورلۇقتىن قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئايىلى خەيرىنىسانى چاقىرۋاتاتتى.— ئوچاق بېشىدا قەغەزگە ئوراقلىق تاماكا بار، مەيەرگە ئەپچىقۋېتە.

يېڭىدىن چېچەكلەشكە باشلىغان ئالما تۈۋىدە سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرغانلارنىڭ ئىچىدە ئابدىكېرىمدىن باشقا سۇلايمان، بەكرى ۋە بۇ سەپكە يېڭىدىن قېتىلغان 20 ياشلىق مەھەممەتمۇ بار ئىدى.

قەغەزگە ئورالغان مۇشتۇمدەك يوغانلىقتىكى نەشىنى كۆتىرىپ، 45 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئايال كېلىۋاتاتتى. چىرايى قازاندەك قارىداپ، چاچلىرى چىگىشلىشىپ كەتكەن، گۈللۈك چىت كۆينىكى كىرلىشىپ، گۈللىرىمۇ يوقاپ، قازان يۈيىدىغان دەسمالغا ئوخشاپ قالغان بۇ كۆرۈمسىز ئايالغا يۇقۇرىدا ئېيتىلغان توت بەڭگە بەجايىكى پەرىشتەنىڭ يولىغا تەلمۈرگەندەك بويۇنلىرىنى سوزۇپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى.

—مانا بۇ نىمىڭىز!— خەيرىنىسا قەغەز بولاقنى ئابدىكېرىمغا ئۇزاتتى.— كالىسىنى قاپاق قىلىپ، نىمە قىلىدىكىن بۇ ئىپلاسنى چېكىپ.

ئابدىكېرىم خوتۇنىنىڭ قولىدىن نەشىنى يۇلۇپ ئالدى.

—سەن خوتۇن، مەن ئەر، ئەركىشىنىڭ ئىشى بىلەن سېنىڭ كارىڭ



بولمىسۇن.— ئۇ ئاۋازىنى ئۇزۇن-قىسقا قومۇچتىن ياساپ، موللاقچى كەپتەرنىڭ قۇيرۇغىغا ئېسىپ قويغان "سوز"دىن چىققان ئاۋازغا ئوخشاش ياڭزىمۇ-ياڭزا چىقىرىپ قايناپ كەتتى.— بۇنچۇ قارا، خۇدانىڭ ئىشقىدا، خۇدانىڭ جامالىنى كورىمىز دەپ چەكمىسەك، ئاناڭنىڭ ئىشقىدا چېكەمدۇقەۋاي؟!

—ئۇنداق بولسا خۇدايى تائالا سىزنىڭ نەشىڭىزدىن چىققان ئىسنىڭ ئىچىدە ئوخشىمامدۇ؟— خەيرىنىسا شۇنداق دىدى-دە، بۇرۇلۇپ ئۆي تەرەپكە قاراپ كېتىپ قالدى.

—ئەستاغپۇرۇللا!— ئابدىكېرىم مومايلارنىڭكىدەك تۇكسىز، قورۇق ئىڭىكىنى زەردە بىلەن تۇتۇپ يەنە قايناپ كەتتى.— ھىلى جۇما، ماۋۇ ئالۋاستى خوتۇننى نىمە قىلىۋېتەي!

نەشىگە قاراپ، تاقەتسىزلىكتىن يۇلۇنى ئۈزۈلەي دىگەن قېرى بەڭگە سۇلايمان سوزگە ئارىلاشتى:

—بولدى، بولدى، ئابدىكېرىماخۇن، سەۋرى قىلسىلا، خوتۇن خەق دىگەن نىمە دىمەيدۇ.

—خەپ! بۇگۈن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى دىمىسەم، بۇ خوتۇننىڭ ئانىسىنى ئۈچقۇرغاندا كورسىتەتتىم-دە،— ئابدىكېرىم ھىلىقى ساغىرىپ كەتكەن قەغەز ئىچىدىن قوناقچىلىك يوغانلىقتىكى نەشىنى ئۈزۈپ ئېلىپ، ئالقىنىغا سېلىپ ئۇ ياق-بۇ يېقىنا ئورۇپ قاراپ قويۇپ، سۇلايمانغا ئۇزاتتى.— سۇلايمىنىكا، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چېكىشمىگىلى خېلى زامانلار بولۇپ قالدى، بۈگۈن ئۆز قوللىرىدىن بىر تال چېكەيلى.

ئابدىكېرىم، بەكرى، مەھەممەتلەرگىمۇ قوناق دانىسىچىلىكتىن نەشە تەقسىم قىلىپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

—بەكرى، مەن ساڭا ئېيتسام، مېنىڭ ئاچچىغىمنى مۇشۇ تاماكا بېسىپ تۇرمىسا ئىش تولا جۇما. ئاچچىغىم تازا كەلگەندە بىر مۇشت بىلەن ھەر قاندىغىنى تىك چۈشۈرۈۋېتىمەن. ئۆتكەن يىلى كۈزدە بىر يەردىن كەچ قايتىپ كېلىۋاتاتتىم، قاراڭغۇدا ناتونۇش بىر نىمە چىقىپ ئالدىمنى توسىۋالدى. قارىسام پېچىغىنى كوتىرىپ، ماڭا قاراپ يۈگرەپ كېلىۋاتىدۇ، ئۇزەممىغۇ چېكىپ تازا يېتىلىپتىكەنمەن، ھىلىقى نىمىنى تارتىپ مۇشت بىلەن بىر سېلىۋىدىم، نىمە بولغىنىنى بىلمەيمەن، قارىسام بېشى يەرگە بىر چارەك كىرىپ كېتىپتۇ.— دىدى ئابدىكېرىم.

—يائاللا! سەن بىلەن سوقۇشۇپ قېلىشتىن خۇدايىم ساقلىسا بولىدىكەن-دە.—باياتىن بېرى، سۇلايماننىڭ قولىدىكى نەشىگە، بەزگە ئۈگەنگەن مۇشۇكتەك تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان بەكرىنىڭ نەشىنى چەككەندىن كېيىن كوزى ئېچىلىپ، تىلى سوزگە كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ھەيران بولغان قىياپەتتە ياقىسىنى تۇتۇپ،—شۇ ئادەمنىڭ بېشىنى ئالغاچ كەلسەڭچۇ بۇرادەر، ھەتتىگىنەي، قولىدىن كېتىپ قاپتۇ-دە،—دىدى.

—ئۇنىڭ بېشىنى نىمە قىلاتتىڭ؟—ھەيران بولۇپ سورىدى ئابدىكېرىم.

—قاتتىق يەرگە بىر چارەك كىرىپ كەتكەن باش بولغاندىن كېيىن، ئۇنى تام سوقىدىغان سوقما تاش قىلغان بولساق، راسا باپمىكىن دەيمىنا.

باياتىن بېرى ئاتقان پولىرى بەكرى تەرەپتىن بىر تىيىن بولغانلىغىنى بىلگەن ئابدىكېرىم ئەمدى گېپىنى نىمىدىن باشلاشنى بىلمەي قالدى.



چېكىلىۋاتقان نەشە توت بەڭگىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئايلىنىپ چىقتى. بۇ چاغدا بەڭگىلەر ئەمدى قانداق رەڭدىكى پو ئېتىشنى ئويلىشىۋاتقاندەك، بېشىنى بىر يەرگە ئىگىشتۈرگەن ھالدا دۈمچەيگىنىچە يۈكۈنۈپ ئولتۇراتتى. نەشە يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن بەكرى:

—سۇلايمىنىكامىزە زامانىمىزدىكى چېكەرمەنلەر ئىچىدە تەۋەررۈك ئادەم-دە، بۇ ئاكىمىزنىڭ قولىدىن چەككەن تاماكىنىڭمۇ ئالايىتەن كەيپى بار جۇمۇ،—دىدى.

—قولىنىڭ لەززىتى بار ئادەم-دە،—دىدى ئابدىكېرىم نەم دىدارى قالمىغان كېكىرتىكىنى نەمدەش ئۈچۈن مىسىڭ جاپادا يىققان تۈكۈرۈكىنى "غۇرت" قىلىپ يۇتۇۋېتىپ،—ھەي خەيرىنىسا، بىر چوگۈن چاي دەملىگىنە. مەن ساڭا ئېيتسام، بەكرى، سۇلايمىنىكام قالتىس مۇھەببەتتى بار ئادەم جۇما، بىر ئومۇر چەككەن ئادەم-دە. ئەگەر بۇ ئادەم ئولۇپ كەتكەن تەقدىردە ئولۇگىنى كويدۇرۇپ، كۈلىنى بوتۇلكىغا قاچىلىۋېلىپ، پۇراپ يۈرسەڭمۇ خۇمارىڭ چىقىدۇ.

—بۇرۇن سىلەرنىڭ داداڭلار بىلەن ئولپەتلىشىپ ئوتكەن ئىدىم، ئەمدى سىلەر بىلەن ئولپەتلىشىۋاتىمەن، ئولپەتچىلىكنىڭ چوڭ-كىچىگى يوق دىگەن شۇ،—دىدى بەڭگىلەرنىڭ ماختىشىدىن ئوزىنى يوقىتىپ قويغان سۇلايمان ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ،—ئابدىكېرىم، مەن سېنىڭ داداڭ بىلەن قىرىق يىلدىن كوپرەك ئاغىنە بولۇپ ئوتكەن. ئەمدى ئۇ يوق، مېنىڭمۇ توت كۈنلۈگۈم قالدى. ئولۇپ كەتسەم، مۇشۇنداق ئولپەتلىشىپ ئولتۇرغاندا روھىمغا دۇئا قىلىپ قويارسىلەر.

جىسمانى جەھەتتىن ئاجىزلاپ، روھىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن بۇ قېرى بەگنىڭگە ئارقا-ئارقىدىن چەككەن نەشە ئۆز تەسىرىنى تېزلا كۆرسەتكەن ئىدى. بايىقى سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ، كۆزىدىن تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياش ئاپپاق ساقىلىنى بويلاپ ئېقىشقا باشلىدى. قاتاردا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان ياش بەگگە مەھەممەت بۇ "تەسىرلىك" مەنزىرىگە قاراپ خىرىلداپ كۈلۈشكە باشلىدى. بۇنى كۆرگەن ئابدىكېرىمنىڭ يەنە جۇدۇنى تۇتتى.

—مەيەردە بىر ئادەم قىيامەتنىڭ غېمىدە يىغلاۋاتسا، ماۋۇ ئىنىسىنىڭ ھىجىيىۋاتقىنىنى قارىمامدىغان. بۇ ئىنىلەر كەيپىنىڭ لەززىتىنى بىلەمدۇ. قارا، بەكرى، مەن ساڭا ئېيتسام: مەھەممەتكە ئوخشاش غوررەكلەرگە ئورۇس پېرىسى بولسىلا بولىدى. قارىغىنا، ئاۋۇ بۇلبۇل چېغىدا پەيزىنى ئېلىپ، يېنىمىزغا كېلىپ سايراپ بېرىدۋاتقىنىنى، قالتىس سايرايدىغان جانىۋار-دە!

—ئورۇس پېرىسى دېگىنىڭ نىمىسى، بۇ يېڭى گەپقۇ؟—دەپ سورىدى بەكرى.

—ھىلىقىچۇ، ھىلىقى؟ ئەستاغپۇرۇللا، نىمە دەيتتا ئۇنى؟ ھەي ھىلىقى قىز-ئوغۇل قۇچاقلىشىپ ئوينايدىغانچۇ؟

—تانسا دېگىنە، تانسا!

—ھەببەلى، شۇ تاڭسا.

بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ياسىلىپ تۇرغان نەشە بۇلبۇل ئىشقىدا چېكىلىپ تۇراتتى. خۇش ناۋا بۇلبۇل ھە دەپ سايرىماقتا ئىدى. قەدىناسلارنىڭ سوھبىتى ئەمدى ئابدىكېرىمنىڭ چېپىپ قويغان تاۋۇز چونەكلىرى ئۈستىگە كېلىپ توختىدى.

—ئابدىكېرىماخۇن، قوغۇن-تاۋۇز تېرەي دەمدىلا نىمە؟—



بۇ يەرگە كەلگىنىڭگە ئىككى سائەتتىن ئاشقان بولسىمۇ، ئالدىدا تۇرغان چونەكلەرگە ئەمدىلا سەپ سالغان سۇلايمان ئابدىكېرىمدىن سورىدى.

—ھە سۇلايمىنىكا، بۇ يىل بىر تېرىپ باقاي دەۋاتىمەن. ئىشىگىمنىڭ ئالدىدىكى بۇ يەر ئىككى مو چامىسىدا چىقىدۇ. بىر مو يەرگە كام دېگەندە بەش يۈز تۈپتىن تاۋۇز ئۈندۈرگىلى بولار. ئىككى مو يەرگە مىڭ تۈپ سىغسا، يازچە سىلەرگە ئوخشاش بۇرادەرلەر بىلەن يەپ-ئىچكەندىن تاشقىرى، كۈزگە بارغاندا، ھەر بىر تۈپ تاۋۇز پىلىكىدىن ئىككى دانىدىن تاۋۇز ماڭا قالغان تەقدىردىمۇ ئىككى مىڭ دانە تاۋۇز ساقلىۋالغىلى بولىدىكەن. بىر تاۋۇز بەش كىلودىن چىقسا، ھەممىسى ئون تونىنا تاۋۇز دېگەن سۆز. كىلوسىنى تۆۋەن ھىساپلىغاندا 10 تىيىندىن ساتسامۇ كۈزدە مىڭ سومغا ئىگە بولۇپ قالىدىكەنمەن. قىزىمغا بىر كىيىم تىككۈش ماشىنىسى، ئوغلۇمغا ۋەلسىپىت بىلەن سائەت ئېلىپ بېرىپ، قالغىنىنى قىشچە خىراجەت قىلسامۇ يەتمەمدۇ!؟

—شۇنداق، شۇنداق!—سۇلايمان بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ، يۇمۇلۇپ كېتىپ بارغان قاپىغىنى ئېچىشقىمۇ چامى يەتمەي، ئابدىكېرىمنىڭ سۆزىنى باش لىڭشىتىپلا تەستىقلاپ ئولتۇراتتى.

—كامۇندا ئىشلەۋاتقىنىمغا 20 يىلدىن ئاشتى،—دىدى ئابدىكېرىم سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ،—يىل بويى ئىشلەپمۇ قولۇمغا 10 سوم نەق پۇل ئالغىنىمنى ئۇقمايمەن.

—ئۇنىڭ ئېيتى ئۆزى بىلەن بىللە ئەمەسمۇ،—دەپ سۆزگە قوشۇق سالدى بەكرى،—كامۇنا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەممە نىمىسى كام بولىدۇ، ئاغىنە.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

— توغرا پاراڭ بولدى. ئىسمى ئارتۇق مۇنا بولغان بولسا ھەممە تەرىپى قاملىشىپ كېلەتتىمىكىن - تاڭ؟ بۇ يىل دۇيگە ئاندا - مۇندا كورۇنۇپ قويۇپلا، قوغۇن - تاۋۇزىمغا ئىشلەپ، ئۇزەمنى بىر تونۇتۇپ قويمىسام، خەپ توختاپ تۇر، — دىدى ئابدىكرىم.

كەينى - كەينىدىن چېكىلىۋەرگەن نەشە تەسىرىدىن ھۇشىنى يوقتىپ قوياي دىگەن مەھەممەت ئورۇس توخۇسىنىڭ بۇرنىدەك داردىيىپ كەتكەن كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ، ئوز ئوزىگە: نىمە دىگەن تولا چەككەن تاماكا بۇ؟! — دەپ غودۇڭشىغىلى تۇردى.

— سەن نىمىنى بىلسىنەۋاي! — دىدى ئابدىكرىم ئۇنىڭغا ۋاقىراپ. — بىز ۋىجدانىمىزنىڭ كۇچلۇكلۇگىدىن تاماكىنى كوپ چېكىمىز.

* * *

قىش.

قولنى يېڭىنىڭ ئىچىگە تىقىپ، قولتۇغىغا ئۇزۇن تاياق قىستۇرۇۋالغان مەھەممەت قايسى ھويلىدىن يۇگرەپ چىققان ئىت پاچىغىمدىن ئالاركىن، دىگەن ئەندىشە بىلەن ئەتراپقا ئەنسىز قاراپ كېتىپ باراتتى. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا تۇيۇقسىز چىقىشىم بىلەنلا، ئۇ، قاراڭغۇدا مېنى تونۇيالماي، چوچۇپ توختىدى.

— كىمسەن؟!

— مەن، نەگە ماڭدىڭ؟

— ھە، ئەكبەرما، — مەھەممەت يېڭىنىڭ بىر تىنىدى - دە، يېنىمغا كەلدى، — جۇرۇ، ئابدىكرىمكاملارنىڭكىگە بېرىپ، بىر دەم ئولتۇرۇپ كېلىمىز.

مەن قىشنىڭ ئۇزاق كېچىلىرىدە چوڭلارنىڭ قىزىق پاراڭلىرىنى ئاڭلاشقا خۇشتار ئىدىم. شۇڭا گەپ قىلماي‌لا مەھەممەت بىلەن



بىللە ماڭدىم. بىز مازارلىقتىكى كونا گۇمبەزگە ئوخشاش قىيشىيىپ چوخچىيىپ تۇرغان بىر ئويىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، مەھەممەت توختاپ ۋاقىراشقا باشلىدى:

— ئابدىكرىمكا، ھوي ئابدىكرىمكا!

غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن ئىتنىڭ قاتتىق ھاۋشۇشى مەھەممەتنىڭ ئاۋازىنى بېسىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى تايىغى بىلەن ئوزىنى ئارانلا مۇداپىيە قىلىپ تۇرغاندا، ئويدىن بىر كىچىك قىز سوڭگى يوق كەشنى سورىگىنىچە چىقىپ ئىتنى توردى. ئوي ئىچىدىن: — ئويگە كىر! — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.

— قايسى پايپاغلىق قوتازلىرىنى ئوغرى ئېلىپ كېتىشتىن قورقۇپ، ئىت باقىدىكىن بۇ خەق! — مەھەممەت غودۇڭشۇپ ئويگە قاراپ ماڭدى. مەنمۇ ئەگىشىپ كىردىم.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

ئابدىكرىم مەشكە پوكىنىنى قاقلاپ، داق يەردە يانپاشلاپ ياتاتتى. ئۇنىڭ ئالتە بالىسى سەل نېرىراقتا بىزگە قوققاندەك دۇگدىيىپ قاراپ ئولتۇرۇشاتتى. مەشنىڭ كەينىدىكى بۇلۇڭدا، بىر پارچە ئەسكى كىگىزنى ئاستىغا سېلىپ، چاچلىرى پاخپىيىپ كەتكەن بىر خوتۇن ئولتۇراتتى. دەرىزە تەكچىسىدىكى ئويگە خىرە يورۇق بېرىپ تۇرغان جىن چىراق ئەسكى قۇلاقچىنى قاپلاپ قويغان سۇنۇق كوزنەكتىن كىرىۋاتقان سوغ شامالدا يەلپۇنۇپ تۇراتتى.

— بۇ ياققا، بۇ ياققا ئوتۇپ ئولتۇرۇڭلار، — دىدى ئابدىكرىم ياتقىنىچە.

مەن ئەتراپقا قارىدىم. ئوينىڭ ئىچىدە داس، چىلەك، چوگۇنگە ئوخشاش نەرسىلەر تەرتىپسىز چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، ئولتۇرغۇدەك

ئەپلىك يەر يوق ئىدى.

مەھەممەت موككىدە قىلىپ مەشىنىڭ يېنىدىكى بىر يەرگە چوكتى. ئابدىكىرىم مەشىنىڭ ئالدىدا تۇرغان يېرىنىدى ئوتۇنىنى ماڭا تاشلاپ، — مە، ماۋۇنىڭدا ئولتۇر، — دىدى ۋە مەھەممەتكە قاراپ، — ھە نىمىگە كەلدىڭ؟ — دەپ سورىدى.

— تاماكاڭدىن بىر تال چېكەي، دەپ كېلىۋىدىم، — دىدى مەھەممەت.

— سەن خەققۇ ياساپ بەرگەننى چېكىشكە ئۇستا. ھىلىقى بەكرى دىگەن لامزەللىمۇ ئومۇر بويى يېنىغا بىر كويلۇق تاماكا سالمايدۇ. ئوزىمغۇ راۋاج تاپمايدىغان نەرسە.

ئابدىكىرىم گەۋدىسىنى يەردىن كوتىرىپ، يوتەل بىلەن تەڭ ئاغزىغا لىق كەلگەن خەپرۇكنى مەشىنىڭ ئالدىدا دۇگلەگلىك تۇرغان كۇلگە تۇكۇرۇۋېتىپ، نەشە ياساشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ماڭا قاراپ:

— سىنىڭ ئاكاڭزە ناھايىتى بەغەرەز نەرسە ئىكەن. قۇرۇق كىتاپ ئوقۇپ يۇرگەندىن نىمە چىقىدۇ؟ ئوقۇپ ئالىم بولىمەن، دەپ كالللىسىدىن ئېزىپ كەتكەن-نى نى نىمىلەرنى كورگەن بىز. ئۇ مېنىڭ مەسلىھەتىمگە كىرگەن بولسا، ئىككى يىلغا قالمايلا، مۇشۇ مەھەللىدىكى بايلارنىڭ ئالدى بولۇپ قالاتتى، — دىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ مېنىڭ كۇلكەم قىستاپ كەتتى. ئىختىيارسىز ھالدا ئابدىكىرىمنىڭ ئوي ئىچىگە يەنە بىر كوز يۇگۇرتتىم. ئوينىڭ يۇقۇرقى تەرىپىدە، تامغا يولەپ تىزىلغان كېسەكنىڭ ئۇستىدىكى تاختايدا بىر-ئىككى ئەسكى يوتقان، ئوي ئىگىسىنىڭ قايسى بوۋىسىدىن مىراس قالغانكىن، ئىشقىلىپ، بىر دانە كونا جوۋا تۇراتتى.



ئاغزىنىڭ ئورنىغا بىر پارچە قەلەينى لاخشىگىر بىلەن يولەپ قويغان كونا مەش ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا چېچىلىپ ياتقان ئەسكى-تۇسكى ئوي جابدۇقلار، بۇ مەشىنىڭ ئارقىسىدىكى قاراڭغۇلۇقتا بولسا شۇ تاپتا نەشە بىلەن كالللىسىنى زەھەرلەۋاتقان كىشىنىڭ غىدىخورلۇغىغا مۇھتاج يەتتە جان تۇراتتى. مەن ئوزەمنى تۇتالمىدىم:

— ئابدىكىرىمكا، باي بولىدىغان مەسلىھەتىنى باشقىلارغا بەرگىچە، ئوزىڭىز ئالدى بىلەن تۇرمۇشىڭىزنى ئوڭشىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دەۋەتتىم.

— ھەي، ئادەم ساناپ كىرىپتۇ، دەپ تاپىقىنىمنى ئالدىڭغا قويۇپ، مۇھەببەت قىلىپ بىرەي دەۋاتسام، ھول تامغا ئېشەك تەپكەندەك نىمە دەۋاتىسەن؟ تولا چىشىمغا تەگمەي، چىق ئويدىن! — ئابدىكىرىم سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى-دە، خۇددى مېنى ھازىرلا بوغۇپ قويىدىغاندەك ئەلپازى بىلەن قولىنى شىلتىپ ئىشىكنى كورسەتتى، — ماۋۇ تۇنۇگۇنكى غوررەكىنىڭ ماڭا ئەقىل ئۇگىتىۋاتقىنىنى قارا، چىق!

مەنمۇ ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم-دە، چېكىپ، خامۇش بولۇپ ئولتۇرغان مەھەممەتنىڭ قولىدىن قەتئىلىك بىلەن تارتىپ، — ۋاقىرىما، ئويىڭدىن چىقىپ كېتىمەن. سەندەك ھايۋان قاتارىدا ياشاۋاتقان بەڭگىلەر قاتارىدىن مۇنۇ ئاغىنەمنىمۇ ئېلىپ چىقىپ كېتىمەن، — دەپ مەھەممەتنىمۇ سورەشتۇرۇپ ئېلىپ ماڭدىم.

بىز ئابدىكىرىمنىڭ ئىتىنىڭ قاۋاشلىرىغا پەرۋا قىلماي، يۇگرۇپ چوڭ يولغا چىقتۇق. بۇ چاغدا، ئاي كوتىرىلىپ ئەتراپنى سۇتتەك يورۇتۇۋەتكەن ئىدى. مەن ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ، ئىختىيارسىز توختىدىم. بىزنىڭ ئارقىمىزدا، ئابدىكىرىمنىڭ ئىشىگى ئالدىدا،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئۇ تاۋۇز تېرىماقچى بولۇپ، قولى ئىشقا بارماي، ئاقىۋەتتە پۈتۈن بىر ياز چونەكلەر تارتىلغان پېتىچە ئاق قالغان بىر پارچە يەر غەمكىن ياتاتتى. مېنىڭ كۆز ئالدىمغا يەنە ئاشۇ ئۆيدىكى، تاماكىنىڭ ئىسلىرى ئىچىدە قالغان 6 بالا كەلدى.

ئېخ ھايات! سەن ئىنسانغا بىرلا قېتىم كېلىسەنغۇ؟! ئادەم دۇنيادىن ئادەمدەك ياشاپ ئۆتۈشى كېرەكقۇ؟ دەۋر چاقى ئۇقتەك ئىلگىرىلەپ كېتىۋاتقان شۇ پەيتتە ئاشۇ بۇلۇڭ-پۇشقاقتىكى ئادەملەر قاچانمۇ ئويغىنار؟! ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىنسانلىق بۇرچىنى قاچانمۇ تونۇپ يېتەر؟!

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1980-يىل 4-سانىدىن)



# ئۈچرىشىش

## ھەسەن سامساق

مەن ناھىيىدىن ئاپتوۋۇز بىلەن غۇلجا شەھىرىگە كېلىۋاتاتتىم. مەن ئولتۇرغان رەتنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر بوۋاي ئولتۇراتتى. ماڭا ئۇ تونۇشتەكلا كۆرۈندى. نەدە كۆرگەنلىكىمنى ئېسىمگە ئالالماي بىر دەم ئويلاندىم. ھە، بۇندىن 10 يىل بۇرۇن تۈرمىدە كۆرۈشكەن سايىماخۇنكام بولمىسۇن يەنە؟ بوۋايغا تىكىلىپ سەپ سالدىم. شۇدەكلا تۇرىدۇ. مەن ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلىگەندە سايىماخۇنكام كۆز ئالدىمدىن كەتمەيتتى. ئۇ بوۋاي بارمىدۇ؟ دەپ ئويلايتتىم. ئالدىمدا ئولتۇرغان بوۋاي سايىماخۇنكامدەكلا تۇرىدۇ، بىراق ياشىراق كۆرۈنىدۇ. سايىماخۇنكام شۇ ۋاقىتتا: يەتمىش ياشلارغا كىرىپ قالدىم، دېگەن ئىدى. ھازىر بار بولسا سەكسەنگە كىرىدۇ. بەك قېرىپ كەتكەن بولۇشى كېرەك ئىدى.

قارىماي ياتقۇزۇلغان تاش يول دەرىزىدىن سۇدەك پاقىراپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئاپتوۋۇز بىر خىلدا، سىلىقلا ماڭماقتا. تاش يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى سۇۋادان تېرەكلەر ئاپتوۋۇزنىڭ كەينىگە يۈگۈرگەندەك ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. ئاپتوۋۇزنىڭ بىر خىل تەۋرىنىشى بىلەن يولۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئالدىدىكى ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە بېشىنى قويۇپ ئۈگدەشكە باشلىدى. مەنمۇ خىيال دەرياسىغا چۆكتۈم. بۇندىن ئون يىل بۇرۇن سايىماخۇنكام بىلەن كۆرۈشكەن

ۋاقىت كوز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى.

* * *

بۇ ۋەقە 1970-يىلى بولغان. مەن ئەكسىلئىنقىلابچى دەپ قولغا ئېلىنىپ ئىككى ئايدىن كېيىنلا، مېنى ناھىيىدىن... تۈرمىگە يوتكىۋەتكەن ئىدى. ناھىيىدىن بۇ تۈرمىگە سەككىز ىمىزنى يوتكەپ كەلگەن، ئالتىمىز سىياسى خاتالىق ئوتكۈزگەن بولۇپ، ئىككىسى ئوغرى ئىدى.

بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرگەندىلا، كوزۈم ئىگىز سېپىلگە ۋە ئۇنىڭ توت بۇرجىكىدىكى پوتەيگە چۈشتى. بۇ تۈرمە ئىككى هويلىدىن ئىبارەت بولۇپ، بىرسى چوڭ، بىرسى كىچىك ئىكەن. كىچىك هويلىدا بىردىن ئادەم سىغىدىغان ئوتتۇز كامېر بار ئىكەن. چوڭ هويلىدا ئوندىن ئادەم پاتىدىغان يەتتە كامېر بار ئىكەن.

بىزنى ماشىنىدىن چۈشۈرۈپ، ئوغرىلىق جىنايەت بىلەن كەلگەن ئىككى جىنايەتچىنى چوڭ هويلىغا، قالغان ئالتىمىزنى كىچىك هويلىغا ئەكىردى. بۇ هويلىدىكى ئوتتۇز كامېرنىڭ ئىككىسىلا بوش ئىكەن. قالغان يىگىرمە سەككىز كامېرنىڭ ھەممىسىدە ئادەم بار ئىكەن.

مەن ناھىيىنىڭ تۈرمىسىدە ياتقان ۋاقتىمدا، ناھىيىلىك ساقچى ئىدارىسىنى هوقۇق تارتىۋېلىش گۇرۇپپىسى ۋە ئىسيانچىلار ئىگەللىۋالغان بولۇپ، ئۇلار خالىغانچە زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىپ يۈرەتتى. بىرەر تۈرمە باشقۇرۇش تۈزۈمىمۇ يوق ئىدى. مېنى... تۈرمىسىگە يوتكەيدىغانلىغىنى ئاڭلىغىنىمدا: ئەمدى بىرەر تۈزۈمى بار، توغرا باشقۇرىدىغان ئورۇنغا بارىمەنغۇ، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن، بۇ تۈرمىنىمۇ ئىسيانچىلار باشقۇرىدىكەن. كېيىنرەك ئۇقۇشۇمچە، بۇ تۈرمىنىڭ كونا كادىرلىرىنى خۇمدانىدا ئىشلىتىۋېتىپتۇ.



بىز تۈرمە هويلىسىدا بىر دەم تۇردۇق. كامېرلارنىڭ قاغجىراپ كەتكەن ئىشىكلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن بىزگە بىرنەچچە كوزلەر مارىشىپ تۇراتتى. بىرئازدىن كېيىن، قىڭغىر كىيىۋالغان شەپكىسىنىڭ بىر چېتىدىن بىر تۇتام چېچى چىقىپ تۇرغان، يېشى يىگىرمىلەردىن ئاشقان بىرسى قولىدا بىر تىزىق ئاچقۇچ بىلەن كىرىپ كەلدى. كوزىنىڭ قۇيرۇغىدا بىزگە قاراپ قويۇپ، ئىشىگىگە "2" دىگەن رەقەم يېزىلغان كامېرنى ئاچتى. بۇ كامېردا ئادەم يوق ئىكەن. بىز بىردىن تىزىلىپ تۇراتتۇق. مەن 3-قاتاردا ئىدىم. بىرىنچى رەتتە تۇرغان مەھبۇسنى بېشى بىلەن شەرەت قىلىپ:

—كىر، —دىدى. مەھبۇس كىرىپ بولغاندىن كېيىن، 4-كامېرنى ئېچىپ مېنىڭ ئالدىمدىكى مەھبۇسنى كىرگۈزدى. تاراقشىتىپ ئىشىككە قۇلۇپ سېلىپ بولۇپ، 5-كامېرنى ئاچتى. كامېرنىڭ ئىشىگى ئېچىلىش بىلەن بۇرنىمىزغا سېسىق بۇس كېلىپ ئۇرۇلدى. ئاچقۇچ تۇتقان باشلىق ماڭا باشتىن-ئاياق ئالىيىپ بىر قاراپ قويۇپ:

—ئېتىڭ نىمە؟—دىدى.

—تۇرسۇن مەھەممەت، —دىدىم.

—نىمە جىنايەت قىلغانسەن؟

—قىلغان جىنايىتىمنى ئۇقمىدىم، —دىدىم.

—نىمە؟! جىنايەت قىلمىغان بولساڭ نىمىگە كەلدىڭ؟ ساڭا ئوخشاش بۇرنىنىڭ بېزى بار جاھىل ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى زوۋانغا كىرگۈزىدىغان ئورۇن بۇ، بىلىپ قوي! —دىدى ئۇ، قولىدىكى ئاچقۇچلارنى شاراقشىتىپ ماڭا گولىيىپ تۇرۇپ. مەن گەپ ياندۇرماي جىم تۇردۇم. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا "6" دىگەن رەقەم

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

يېزىلغان كامېرنى ئېچىپ؛

— چىق! — دەپ ۋاقىردى.

كامېردىن چاچ-ساقاللىرى ئاپپاق، يېشى 70 لەرگە بېرىپ قالغان، دۈمچەيگەن بىر بوۋاي چىقتى. بوۋاي ئىشىكتىن چىقىشىغا، ئاچقۇچ تۇتقان باشلىق:

— شىڭلىنى ئەپچىق! — دەپ ۋاقىرىدى. بوۋاي يەنە يېنىپ كىرىپ، قاپ-قارا بولۇپ كەتكەن بىر يوتقان ۋە تېشى قالمىغان، مازلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان بىر چەكمەن چاپاننى كوتىرىپ چىقتى. ئاڭغىچە 7-كامېرنى ئېچىپ تۇرغان باشلىق:

— بۇنىڭغا كىر! — دېدى بوۋاينى ۋە بوۋايدىكى سېسىقچىلىقتىن قېچىپ، ئۆزىنى ئىككى قەدەم كەينىگە ئالدى. بوۋاي كىرگەن بۇ 7-كامېردا ئىككى جىنايەتچى بار ئىكەن، ئۇنىڭ بىرسى كامېرنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ:

— زىداۋيۈەن، بىز ئىككى ئادەم ئاران يېتىۋاتاتتۇق، 3 ئادەم قانداق پاتارمىز، — دېدى.

ھە، بۇ ئاچقۇچ تۇتۇۋالغاننى مەن ئادەتتىكى خادىممىكىن دېسەم، مۇشۇ تۇرمىنىڭ چوڭ باشلىقى مۇشۇكەن-دە! بۇ داخىڭگەنىڭ قەيىرىمۇ سىياسى رەھبەر بولالار، دەپ ئويلىدىم.

— سوزلىمە! — دەپ ۋاقىرىدى زىداۋيۈەن غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، ئاڭغىچە بوۋاي كامېرغا كىرىپ كەتتى. ھېلىقى زىداۋيۈەن ئىشىكنى غەزەپ بىلەن يېپىپ، قۇلۇپلاپ بولغاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ:

— بۇنىڭغا كىر! — دېدى. مەن بوۋاي ئىلگىرى ياتقان كامېرغا كىرىپ كەتتىم. مېنىڭ... تۇرمىگە يوتكىلىشنى ئاڭلىغاندا: "بىرەر توغرا ئىشلەيدىغان كادىرلار بار يەرگە بارىمەنغۇ" دەپ ئويلىغان



خىياللىرىم ھازىرقى زىداۋيۈەننى كورۇپ يوققا چىقتى.

كامېرغا كىرىپ، ياتىدىغان يەردىكى پاخاللىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردۇم. بۇ پاخال دەسسىلىپ توپان بولۇپ كەتكەن ئىدى. كامېرنىڭ ئۇزۇنلۇغى 2 مېتىر، توغرىسى 1.80 مېتىر بولۇپ، بىر ئادەم ياتسا ئارانلا سىغاتتى. ئىشىكنىڭ تۆۋىدىكى بۇلۇڭغا بىر ياغاچ چېلەك قويۇلغان بولۇپ، بۇنى تۈرمە تىلىدا "پاراش" دەيتتۇق. چوڭ-كىچىك تەرەتنى شۇنىڭغا قىلاتتۇق. ناھىيىدە ھەر كۈنلۈگى ئەتىگەندە پاراش توكۇشكە چىقىراتتى. بۇ يەردە ئىككى كۈندە بىر قېتىم توكىدىكەنمىز. كامېرلارنىڭ تېمى پىششىق خىش بولۇپ، سېمونت بىلەن سۇۋالغان، ئۈستى پىششىق خىش بىلەن ئەگمە قىلىپ ياسالغان. كامېر ئىشىگىنىڭ ئۈستىدە تۆمۈر شالالىق كىچىك بىر دەرىزە بولۇپ، قىش-ياز ئېچىلمايتتى. مېنى بۇ كامىرغا ئەكىرگەن ۋاقىت 3-ئاي بولۇپ، كامېرغا ئوت يېقىشنى توختىتىپتىكەن. تامغا چاپلاپ سېلىنغان كىچىك تام مەش تۇرىدۇ. ئالدىدا كىچىك بىر ئوچاق، ئۈستىنى خام كېسەك بىلەن دۈملەپ سۇۋاپ قويۇپتۇ، قىشتا بىرئازدىن كومۇر بېرىدىغانغا ئوخشايدۇ.

بۇ كىچىك قورادىكى 30 كامىردا ياتقان قىرىقتىن ئوشۇق جىنايەتچىدىن ئوندەك ئادەمنى ئىشقا ئېلىپ چىقىدىكەن، چوڭ قورادىكى يىگىرمىدىن ئوشۇق جىنايەتچىنىڭ ھەممىسى ئوغرى، خىيانەتچى، باسقۇنچى، يانچۇقچى قاتارلىقلار بولۇپ، بۇلارنى سىياسى جىنايەتچىلەرگە قارىغاندا ئەركىنرەك باشقۇراتتى. ئۇلارنى ھەر كۈنلۈگى ئىشقا ئېلىپ چىقاتتى، ئۈچ ۋاخ تاماق بېرەتتى. بىزگە ئىككى ۋاخ تاماق بېرەتتى. قوساق دائىم ئاچ، قاچان تاماق ۋاقتى بولار، دەپ ئىشىككە قاراپ، تەلمۈرۈپ ئولتۇرۇش بىلەن كۈنلەرنى ئوتكۈزۈشكە

باشلىدىم. قاسقاندا پۇشۇرغان "هوباتۇر" دەپ ئاتىلىدىغان قوناق مومىسى شۇنچىلىك لەززەتلىك تېتىيتتىكى، ئېغىزدا بىرئاز چايناپ لەززەتلەنگىچە ئۈزلۈگىدىن گىكىرتەككە كىرىپ كېتەتتى...

كۈنلەر ئىسسىپ كەتتى. كامىرنىڭ ئىچى ناھايىتى دىمىق بولۇپ، كۈندۈزى كۈن ئىسسىغاندا تونۇردەك بولۇپ كېتەتتى. پاراشىتىكى تەرەت ۋە سۈيدۈك دىماقنى يارغۇدەك ئاچچىق بۇس چىقىرىپ، باشنى ئايلاندۇرۇپ، كۆڭۈلنى ئاينىتاتتى. كۈننىڭ ئىسسىقىدا پاراشنىڭ سۈيدۈك بارمىغان يېرى يېرىلىپ كېتىپ، ئۇنىڭدىن تەمچىرەپ ئېقىپ چىققان سۈيدۈك كامىرنىڭ ئىچىنىمۇ بۇلغاپ تۇراتتى.

شۇنداق قىلىپ، مانا 10-ئايمۇ كېلىپ قالدى. مەن بۇ كامىردا ياتقىلى 7 ئاي بولدى. بىر قېتىممۇ سوراق قىلىنمىدىم. بىكاردىن-بىكار شۇنچىلىكمۇ يېتىپ كەتتىما، دەپ ئويلايتتىم.

تۇرمە قوراسىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكى تاراقشىپ ئېچىلدى. مەن ياتقان كامېر دەرۋازىغا ئۇدۇل بولغاچقا، ئىشىكنىڭ يېرىقىدىن دەرۋازىدىن كىرگەن-چىققانلارنى كۆرۈۋېلىشقا بولاتتى. دەرۋازا ئېچىلىش بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ يېرىقىدىن قارىدىم، ھىلىقى زىداۋيۇەن بولۇۋالغان داخىڭگە قولىدا بىر قەغەزنى كۆتىرىپ، ئۇدۇل مەن بار كامېرغا كېلىشكە باشلىدى. مەن ئاستا ئورنۇمغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدىم. ئۇ تاراقشىتىپ ئىشىكنى ئاچتى-دە، بالادا تۇرۇپ:

—ھوكمىڭ كەپ تۇ، —دەپ قولىدىكى بىر ۋاراق قەغەزنى ماڭا تاشلىدى، —يۇۋاشلىق بىلەن ياخشى ئۆزگەرگىن، سېنىڭ جىنايىتىڭ ئېغىر بولسىمۇ ياشلىقىڭنى ئېتىۋارغا ئالسا كېرەك، كەڭچىلىك بىلەن بىر تەرەپ قىپتۇ. ئەتىدىن باشلاپ ئىشقا چىقىسەن. ياخشى



ئىشلە! —دەپ قويۇپ ئىشىكنى يېپىپ قۇلۇپلاپ كەتتى.

مەن ھوكۇمنى ئېلىپ ئوقۇشقا باشلىدىم. 10 يىل دىگەن يەرگە كۆزۈم چۈشكەندە، يۈرىكىم جىغغىدە قىلىپ قالدى. ھوكۇمدە: داۋۇيگە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرىمىز دەپ، داۋۇي ۋە دۆلەت ئىقتىسادىغا نۇرغۇن زىيان يەتكۈزگەن. كاپىتالىزم يولىغا ماڭغان ھوقۇقدار سابىق داۋۇيجاڭ ھاشىماخۇن بىلەن بىرلىشىپ، "ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتقا قىلىش" دىگەن شيۇجېڭجۇيىلىق لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، ئىنقىلاپنى باسقان. سىنىپىي كۈرەشكە قارشى چىققان. ئىنقىلاپچىلارنى ھاقارەتلىگەن، دىگەنگە ئوخشاش بىرمۇنچە سۆزلەر جىنايەت بولۇپ يېزىلىپتۇ.

كۆز ئالدىمغا ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان بىناسى كەلدى. ئىختىيارسىز بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ قويدۇم.

مەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك تېخنىكومىنى پۈتتۈرۈپ، ناھىيەمگە قايتىپ كەلگەن ئىدىم. ناھىيىلىك تېخنىك بولۇمى مېنى ئۆز گۇڭشېمىز—"يېڭى يول" گۇڭشېسىغا ئەۋەتتى. بۇنىڭغا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم. گۇڭشېمىزنىڭ پىشقەدەم شۇجىسى ۋاڭ شۇجى مېنى ئوچۇق چىراي بىلەن كۈتۈۋالدى.

—سىز مۇشۇ گۇڭشېدىنمۇ؟ —دىدى ماڭا شۇجى.

—شۇنداق، —دىدىم شۇجىغا.

—ناھايىتى ياخشى، گۇڭشېمىزدا تېخنىك كادىرلار كەم، سىزدەك تېخنىكلارغا مۇھتاجمىز، دۆلىتىمىزنى قۇدرەتلىك زامانىۋى دۆلەت قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، سانائەتلىشىش كېرەك. تېخنىكىلىشىش كېرەك. تېخنىكا بولمىسا، قۇرۇق قول بىلەن ھېچ ئىشنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ بۇ "يېڭى يول" گۇڭشېمىزدا

www.uyghurkitap.com

مانا مۇشۇ ۋاقىتقىچە گۇڭشې ئەزالىرى ئېلېكتىر يورۇقىنى كورمىدى. خېلى ئۇزۇندىن بېرى بىر ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنى پىلانلاپ يۈرەتتۇق، سىزنىڭ كەلگىنىڭىز بەكمۇ ياخشى بولدى. ئويىڭىزگە بېرىپ بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىڭ. ئاندىن ئىشقا چۈشەرسىز، — دېدى.

مەن ئىدارىدىن خوشاللىق بىلەن قايتىپ چىقتىم. ئۆز يېزامنى ئېلېكتىر نۇرى بىلەن يورۇتۇشنى ئويلىغىنىمدا قەلبىم يايراپ كېتەتتى.

ئۆيگە بېرىپ بىر كۈنلا دەم ئالدىم. ئەتىسى دادۇيجاڭ ھاشىماخۇنكام بىلەن كورۈشتۈم. ئۇنىڭغا شۇجىنىڭ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش توغرىسىدىكى گېپىنى ئېيتتىم.

— بىزمۇ خېلى ئۇزۇندىن بېرى بۇ ئىشنى ئويلىشىپ يۈرەتتۇق، سىزنىڭ كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى. بىزنىڭ دادۇيدە ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشقا ياخشى شارائىت بار. ئۆزىڭىز بىلىسىز، بىزنىڭ سۇ تۈگمىنىمىز ئېلېكتىر ئىستانسىسى ياساشقا ناھايىتى ئەپلىك. مەن شۇجى بىلەن سوزلىشىپ چىقاي، ئىشنى ۋاقتىدا باشلايلى، — دېدى ھاشىماخۇنكام.

مانا شۇنىڭدىن باشلاپ ئۆز يېزامنى ئېلېكتىرلەشتۈرۈش ئىشىغا كىرىشىپ كەتتىم. ناھىيىدىن ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ بىر تېخنىكىنى ئەۋەتتى. جاپالىق ئەمگەكلەر بىلەن، گۇڭشې ئەزالىرىنىڭ يېقىندىن ياردىمى ۋە قوللىشى ئاستىدا ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىمۇ پۈتكۈزدۇق. ئەپسۇسكى، گۇڭشې ئەزالىرى، بىر ھەپتىمۇ ئېلېكتىر يورۇقىنى كورەلمىدى. ئىسيانچىلار گۇڭشېنىڭ ھوقۇقىنى تارتىۋالدى. ۋاڭ شۇجى ۋە ھاشىماخۇنكاملارنى سورەپ چىقىپ، پىپەن قىلىشقا باشلىدى. بىر



كۈنى ئىستانسا ئىچىدە ئىش ئۈستىدە ئىدىم، تالادىن قىيا-چىيا ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىشىكتىن چىقىشىمغا ۋاڭ شۇجى بىلەن ھاشىماخۇنكامغا كوزۈم چۈشتى. ئۇلارنىڭ بېشىغا ئۇزۇن قەغەز قالپاقنى كىيگۈزۈپ، بوينىدىن زەنجىر بىلەن باغلىۋاپتۇ، گۇڭشې سىياسەتچىلىرىنىڭ باشلىغى بولۇۋالغان توختى تۆڭ ئىستانسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— گۈكىرىگەن نىمىلىرىڭنى توختات، — دەپ ۋاقىرىدى.

ئىستانسىمىز ھەركەتتىن توختىدى، تۆڭ مەيدىسىنى كېرىپ سوزلەشكە باشلىدى.

بۇ ئەسلى دائىم ھاراق ئىچىپ، كورگەنلا ئادەم بىلەن جاڭجاللىشىپ يۈرىدىغان لۈكچەك ئىدى. ھاراق ئىچىشتە داڭ چىقارغانلىغىدىن "تۆڭ" دىگەن لەقەم سىڭىپ قالغان. ھازىر توختى تۆڭ ئەمەس، "توختى سىلىڭ" دەپ ئاتىلىدىغان بوپتۇ. توختى شولگەيلىرىنى چاچرىتىپ ھامان سوزلەيتتى:

— كاپىتالىزىم يولىغا ماڭغان گۇڭشې ۋە دادۇيىمىزدىكى ھوقۇقدارلارنىڭ كاپىتالىزىمنى تىرىلدۈرۈش، شيۇجېڭجۇيىلىق يولغا مېڭىشىدىكى ئاساسلىرىدىن بىرى. مۇشۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى. گۇڭشېنى ئېلېكتىرلەشتۈرىمىز دەپ كوپچىلىكنىڭ ئىختىسادىغىمۇ نۇرغۇن زىيانلارنى كەلتۈردى.

مەن چىداپ تۇرالماي توختى تۆڭگە قاراپ:

— كوپچىلىكنىڭ ئىقتىسادىغا قىلچىلىك زىيان يەتكىنى يوق. بانكىدىن يېزا ئىگىلىگىنى سانائەتلەشتۈرۈشكە بېرىلىدىغان قەرز پۇلدىن 7 يىللىق سۈرۈك بىلەن پۇل قەرز ئېلىپ ياسىدۇق. بۇ يىل 10 تىيىنمۇ تۆلەنمىدى، — دېدىم. سوزۈمنىڭ ئاخىرى تۈگمەي

تۇرۇپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلگەن توختى تۆك مۆشت بىلەن مېنى
بىرنەچچىنى ئۇرۇۋەتتى. ئاڭغىچە توختى تۆگىنىڭ بىرنەچچە شايكا-
لىرى يۈگرەپ كېلىپ مېنى قوللىرىدىكى كالتەكلەر بىلەن ئۇرۇشقا
باشلىدى. ھۇشۇمدىن كېتىپتىمەن. بىر ھازادىن كېيىن كوزۇمنى
ئاچسام ئېلېكتىر ئىستانسىسى ھاۋايى پىلەك قىپ-قىزىل ئوت بولۇپ
كويۈۋېتىپتۇ. ئىستانسا ئىچىدە ئۇن تارتىش ئۈچۈن ئەكەلگەن 2
تونندىن ئارتۇق بۇغداي ۋە قوناق بار ئىدى. قوناقلارنىڭ تارسىل-
داپ ئېتىلىۋاتقان ئاۋازى سىرتقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ۋاڭ شۇجى ۋە
ھاشماخۇنكاملارنىڭ كويۈۋاتقان ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا قاراپ،
كوزلىرىدىن ياشلار ئېقىۋاتاتتى. مېنىڭمۇ ئىچىم سىرىلىپ كەتتى،
ئوزەمنى ئۇنتۇغان ھالدا:

—دولەت ۋە خەلقىمىزگە سېلىۋاتقان بۇ زىيىنىڭلار ئۈچۈن بىر
كۈن جاۋاپ بېرىسىلەر، —دەپ ۋاقىرىدىم. يەنە كالتەك، توخماق،
تېگىشكە باشلىدى.

* * *

مېنى ئەتىسى ئىشقا ئېلىپ چىقتى. ئوزەم سەمىرىپ قالغاندەك
بولۇپ قالغان بولسامۇ، ماغدۇرسىزلىقتىن ئىشتىكرەك ماڭالمايدىغان
بولۇپ قاپتىمەن. شۇ كۈنى بىزنى قوناق ئورۇشقا ئېلىپ بارغان
ئىدى. باشقىلارغا يېتىشىپ ماڭالماي، يولدا باشقۇرغۇچىدىن بىرنەچچە
قېتىم تاياق يېدىم. ئىككىنچى كۈنى ماڭالمىغانلىقىم ئۈچۈن ئېتىۋار
بېرىلدىمۇ، مېنى چوڭ ھويلىغا ئەكىرىپ، چەتتىرەك بىر كامېرنىڭ
ئىشىگىنى ئېچىپ كىرگۈزۈپ قويدى. بۇ تۇرمىدىكىلەرگە مەجلىس
ئېچىش ئۈچۈن ياسالغان چوڭ بىر زال ئىكەن. بۇنىڭ يېرىمىغا
دىگۈدەك باش قوناق توكۇلۇپتۇ. شۇنىڭدىن ئورۇقلۇق ئۈچۈن ياخ-



شىلىرىنى بىر چەتكە تاللايدىكەنمىز. مەن كىرسەم، مەن بىلەن
خوشنا كامېردىكى ھېلىقى بوۋايمۇ بار ئىكەن. مەن بوۋايدىن تېچ-
لىق-ئامانلىق سورىدىم. مانا، 7 ئايدىن بېرى سوز قىلغىنىم مۇشۇ
ئىدى. بوۋايمۇ ئىللىق چىراي بىلەن ئامانلىق سورىدى. مەن
بوۋايدىن:

—ئاتلىرى نىمە! —دەپ سورىدىم.

—سايىماخۇن، —دىدى بوۋاي.

—قەيەرلىك سىلى؟

—قورغاسلىق، —دىدى بوۋاي. مەن ناھايىتى خوشال بولۇپ
ئوز تۇققۇنۇمنى كورگەندەك:

—مەنمۇ قورغاسلىق، سىلى كېسىلدىلىمۇ؟ —دەپ سورىدىم.

—ھەئە، 12 يىل كېسىلگەنمەن. —دىدى بوۋاي ئۇلۇغ-كىچىك
تىنىپ.

—نىمە ئۈچۈن؟

—ھەي، نىمە جىنايەت بولاتتى. لىۋ شاۋچىنى ياخشى ئادەم دەپ
قويغانلىقىم ئۈچۈنلا.

—مۇشۇ سوز ئۈچۈنلا 12 يىلمۇ؟ —دىدىم مەن ھەيران بولۇپ.

—شۇ، باشقا ھىچ قانداق ئىش يوق، —دىدى بوۋاي ھەم بۇ
ئىشنىڭ جەريانىنى سوزلەپ بەردى.

—مەن بىر كەمبەغەل دىخان ئىدىم. گۈڭشېمىز يىلدىن-يىلغا
كەمبەغەللىشىپ، گۈڭشې ئەزالىرى قەرزگە بوغىلىپ كەتتى. تەقسى-
مات دىگەن نەرسە يوق. نىمىشقا بۇنداق بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى
ھىچ ئۇقالماي قالدىم. ئازراق قوشۇمچە ئوقەت قىلىشقىمۇ يول
قويمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىشلەپچىقىرىش دۈيىدىكى قەرزىڭنى

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تورى

تولەيسەن، دەپ ئۆيىمىزدىكى بار-يوقىمىزنى تارتىپ ئالغىلى تۇردى. مېنىڭ بىر يالغۇز سىيىرىم بار ئىدى، شۇنىڭ سۈتى بىلەن ئۆيىنىڭ چاي-تۇزىنى قامداپ كېتىۋاتاتتىم، قەرزىڭنى تولە، دەپ يالغۇز سىيىرىمنى قەرزگە ھىساپلاپ ئېلىپ كەتتى. مەن بۇنىڭغا چىدىماي: ليۇ شاۋچىنى يوقاتقاندىن كېيىن، دولەت دولەت بولماي قالدى-دە، دەپ تاشلاپتىمەن. بۇ گېپىمنى ئاڭلاپ قالغان بىرسى ئىسيانچىلار باشلىقىغا دەپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مېنى بىرنەچچە كۈن سورەپ يۇرۇپ كۈرەش قىلدى. كېيىن بىر-ئىككى قېتىم سوراق قىلدى، ئاخىرى ئۈچۈق سوتتا قولغا ئېلىپ، شۇ يەردىلا ھوكۈمنى ئوقۇدى. مېنى تۇتقان ئىسيانچىلار باشلىقى شۇندىن كېيىن گۇڭشې ئىنقىلاۋىي ۋېيىيۇەنخۇيىنىڭ مائاۋىن مۇدىرى بوپتىمىش. ھە، ئۆزەڭ نىمە بولۇپ كىردىڭ بۇ يەرگە؟ — دىدى بوۋاي.

مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشنى — ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇردى مەن دەپ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىغىمنى ئېيتىپ بەردىم. بوۋاي بىلەن چۈشكىچە مۇڭداشتۇق.

ھوكمىم چىقىپ، 20 كۈندىن كېيىن، مېنى لوگەيدۈيگە يوتكەپ كەتتى. شۇندىن بېرى مانا 10 يىل ئۆتتى. سايىماخۇنكامنى كورمىدىم.

**

غۇلجا بېكەتكە كېلىپ، ئاپتوۋۇزدىن چۈشتۇق. بۇ بوۋاي ئۇستىگە قارا چىبەرقۇتتىن پىرىجە، پۇتىغا مەسە كالاچ كىيىۋالغان بولۇپ، ئۆزى تىمەن ئىدى. بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ سالام قىلدىم. بوۋاي كۇلۇمسىرەپ، سالامىمغا جاۋاپ قايتۇردى. مەن بوۋايدىن:

— سىلىنىڭ ئاتلىرى كىمكىن؟ — دەپ سورىدىم.



— سايىماخۇن، — دىدى بوۋاي.

— سىلى قورغاسلىقمۇ؟

— ھەئە، — دىدى بوۋاي ھەم مېنى تونۇغاندەك بولۇپ ماڭا تىكىلىپ:

— بالام، سىزنى تونۇغاندەك قىلىپ تۇرىمەن، ئەسلىيەلمەيۋاتىمەن، كىم بولىسىز؟ — دىدى.

— سايىماخۇنكا، سىلى بىلەن بۇندىن 10 يىل بۇرۇن ××× تۇرمىدە كورۇشكەن ئىدۇققۇ؟! — دىدىم.

— ھوي! سىز تۇرسۇن مەھەممەتمۇ؟ — دىدى بوۋاي ماڭا قاراپ. بىز ئۇزۇن يىللار كورۇشمىگەن تۇققانلاردەك كورۇشۇپ كەتتۇق.

— ما ئۇچرىشىشنى قارا، سالامەتكەنسىز، بالام، جۇرۇڭ بىر دەم پاراڭلىشايلى، — دىدى سايىماخۇنكام.

بىز چەتكىرەك چىقىپ پاراڭغا چۈشتۇق.

— قاچان بوشاندىڭ، بالام؟ — دىدى بوۋاي.

— 1977-يىلى ئاقلىنىپ چىقتىم. ئۆز گۇڭشېمىزدا، بۇرۇنقى تېخنىكا ئىشىم بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن. ئورنى ئىزىدىن يوق قىلىۋېتىلگەن ئېلېكتىر ئىستانسىسنى يەنە ئەسلىگە كەلتۇردۇق. شۇنىڭ بىرئاز زاپچاسلىرى كەم بولۇپ، شەھەرگە شۇ ماتىرىياللارنى ئالغىلى كەلدىم، — دىدىم ھەم بوۋايغا قاراپ، — سىلىچۇ؟ — دەپ سورىدىم.

— مەنمۇ 1977-يىلى ئاقلىنىپ چىقتىم. ھازىر گۇڭشېدا پېنسىيىگە چىقاردى. يىلىغا 2000 نومۇر بېرىدۇ. نورمامغا ساپ ئاق بېرىۋاتىدۇ. ئەھۋالىم ياخشى. پارتىيىمىز 4 ئەبلەخنى يوقاتمىغان بولسا، بىز تۈگىشىپ كەتكەن بولاتتۇق. خۇدايىم يېڭى ھوكۇمىتىمىزنىڭ ئومرىنى

ئۇزۇن قىلسۇن! — دېدى بوۋاي.

— شۇنداق، خەلق مۇشۇنداق زاماننى ئارزۇ قىلغان ئىدى. پارتىيىمىز رەھبەرلىكىدە 4 ئەبلەخنى بىراقلا يوقىتىش بىلەن، ئارزۇ قىلغان جەمئىيەتنى ۋۇجۇتقا چىقاردى. سايىماخۇنكا، ئۈزلىرى شەھەرگە نېمىگە كەلدىلا؟ — دېدىم.

— ئەتە لىۋ شاۋچىنىنىڭ ماتەم مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدىكەن، شۇنىڭغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلدىم، — دېدى بوۋاي.

— مەنمۇ ماتەم مۇراسىمىغا قاتنىشىمەن. ئەتە يەنە كۆرۈشەرمىز، — دېدىم بوۋايغا. ئۇنىڭ بىلەن بىر دەم پاراڭلىشىپ ئايرىلدۇق.

(«ئىلى دەرياسى» ژورنىلىنىڭ 1981 - يىل 3 - سانىدىن)



# يىراقتىن يېزىلغان خەت

## مەمتىمىن ھوشۇر

رىزۋان!

ئىككى ھەپتە ئىلگىرى، ئىككىمىز بىر ئۆيدە ئىدۇق، ھازىر بۇ خەتنى سىزگە يىراقتىن يېزىۋاتىمەن. ئۆيدىن كېتىش ئالدىدا خەت قالدۇرۇپ كەتكەن ئىدىم. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن سىز ئىشتىن قايتىپ كېلىپ، جوزا ئۈستىدىكى خەتنى كۆرۈپ، ھەيران بولغانسىز؟ مەن ئۇ خەتكە ئاددىيلا قىلىپ: بۈگۈن سىرتقا ماڭىمەن، ئەنسىرىمەڭ. قايسى ۋاقىتتا قايتىپ كېلىدىغانلىقىم توغرىسىدا ئايرىم خەت يازىمەن، دەپ يازغان ئىدىم. بۇ — سىزنى ئالاقزادىلىككە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈنلا دېيىلگەن گەپ. كۆڭلۈمدە بولسا: ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلمەيمەن، دېگەن قارارغا كېلىپ بولغان ئىدىم.

شۇ كۈنى كەچتە شەھەرلىك باغچىنىڭ ئۇزۇن ئورۇندۇغىدا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزدۇم، سەھەرلىگى، باغچىنىڭ دەرەخلەر ئارىسىدىن كەتكەن يالغۇز ئاياق يوللىرىدا ئۇ ياق-بۇ ياققا مېڭىپ، نېمە قىلىشىم توغرىسىدا قايتا ئويلاندىم... بىرئازدىن كېيىن، ئەتىگەنلىك قۇياش كۆتىرىلىپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن رەڭگا-رەڭ شولىلىرىنى توكتى. گۈللۈكلەردىكى گۈللەر قىزغۇچ نۇرغا چومۇلدى. مەن ئەتىگەنلىك ساپ ھاۋادىن قېنىپ نەپەس ئالدىم. ھايات نېمە دېگەن گۈزەل! لېكىن مەن ئۇلۇشنى خالايمەن. سىز ھەيران بولماڭ، ئۆزىنى ئۆزى ئۆلتۈرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ھاياتتىن بىزار بولغان بولمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھاياتنى سۆيىدىغان، لېكىن ۋىجدانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆلۈم جازاسىنى ئۆزى ئىجرا قىلىدىغانلارمۇ بار...
يەنە، سىز ياخشى كۆرىدىغان ئاق-سېرىق ئەتىر گۈللەرمۇ يەنە ئېلگىرىكىدەكلا كۈلۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. بىز ھەر دائىم كېلىپ ئولتۇ-رىدىغان، دەرەخلەر ئارىسىدىكى ھېلىقى يولەنچۈكلۈك ئورۇندۇقنى مەن بۈگۈن كېچە ئۆز بەدىنىم بىلەن ئىسسىتتىم. بۇ مېنىڭ خاتىرىلىك جايلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلىشىشىم ئىدى.
ئەتىسى مەن ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، "A" يېزىسىغا يېتىپ كەلدىم. بۇ يەردە توختىشىمدىكى سەۋەپ: بۇ يەردە مېنىڭ يېقىن بىر ساۋاقدىشىم تۇرىدۇ. كۆڭلۈمدىكى بارلىق گەپلەرنى شۇ بۇرادىرىمگە ئېيتىپ، ئاندىن، ئاشۇ يېزىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە شاۋقۇن سېلىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا ئۆزەمنى تاشلىماقچى ئىدىم. ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە توختىدىم. مېنىڭ بۇ يەرلەرگە كەلمىگىنىمگە 7-8 يىلدىن ئاشقان ئىدى. ئۇز ۋاقتىدا، ئېرىق بويلىرىغا يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلەر ھازىر ئېگىز بوي تارتىپ يوغىناپ كېتىپتۇ. ھويلىدىن باللارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭى بىلەن بىر ئايالنىڭ باللارنى تاماققا چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى. شۇ چاغدا، مېنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىشكە كۆڭلۈم تارتمىدى. ئۆز تۇرمۇشى، باللىرى بىلەن ئاۋارە بولۇۋاتقان بۇ كىشىلەرگە ھەسرەت تۆكۈپ ئۇلارنىڭ كۆڭلىنىڭ ئارامىنى بۇزۇشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ ئىچىمدە: ياشاپ قالىدىغان كىشى-لەرنىڭ ئارامىنى بۇزىدىغان ھەسرەتمۇ مەن بىلەن بىللە ئۆلسۇن، — دىدىم-دە، كېتىپ قالدىم.
يېزىدىن چىقىپ، شىۋاقلار بىلەن قاپلانغان دوڭلۇكتىن تۆۋەنلەپ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ، دەريا بويىغا يېتىپ كەلدىم. ئېگىز يار ئاستىدا لايلىنىپ ئېقىۋاتقان دەريا ھەيۋەتلىك شاقىرايتتى. مەن يوغان قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتىم. كۆپ-كۆك ئاسماندا قۇشلار قاناتلىرىنى كېرىپ ئۇچماقتا ئىدى، تۆۋەندە بىر يەردە، پادىچى بالا چالغان نەي ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. پۈتۈن ۋادا گويا ئاشۇ مۇڭلۇق نەي ئاۋازى بىلەن تەڭ يېنىك نەپەس ئېلىۋات-قاندەك ئىدى. مەن ئىچىمنىش بىلەن ئويلىدىم: تەبىئەتمۇ، قۇشلارمۇ، دولقۇنلاپ ئېقىۋاتقان دەريامۇ — بۇلارنىڭ ھەممىسى قۇياش نۇرى ئاستىدا تاۋلىنىپ، شۇنچە چىرايلىق ياشناپ تۇرۇپتۇ. لېكىن مەن ئۆلمەكچى...
رىزۋان! مەن ئۆلمىدىم. قولۇمدىكى تاماكىنى ئىچىمگە قاتتىق تارتىپ، ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم-دە، ھاياتىم بىلەن ئۆلۈمۈم ئوتتۇرىسىدا پەقەت بىر-ئىككى چامدام ئارىلىق قالغان بۇ دەھشەت-لىك يار ئۈستىدىن كېتىپ قالدىم.
تۈنۈگۈن مەن "C" شەھىرىگە يېتىپ كەلدىم. ئېھتىمال، بۇ خەت سىزنىڭ قولىڭىزغا تەككەن چاغدا، مەن تېخىمۇ ئۇزاقلاپ كەتكەن بولارمەن. نىمە ئۈچۈن سىزدىن ئايرىلىشنى ئىستەپ قالغانلىقىمنى ئېيتسام، گەپنى يىراقتىن سوزلەشكە توغرا كېلىدۇ.
بىز دەسلەپكى تونۇشقان ۋاقتىمىزدا سىز مېنىڭدىن:
— سىز ئېلگىرى بىرەرسىنى ياخشى كۆرۈپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدىڭىز. مەن پەرۋاسىزلا:
— ياق، — دەپ جاۋاپ بەردىم. سىز:
— مەن ياخشى كۆرگەن، لېكىن، ئۇ يىگىت "مەدىنىيەت ئىنقى-لاۋى"دا يامان ئادەملەر تەرىپىدىن بىگۇنا ئولتۇرۇۋېتىلدى. ئۇنى

ئۇمرۇم بويى ئۇنتالمايمەن، — دەپ يەرگە قارىدىڭىز.

مەن سىزگە قارىدىم. سىزنىڭ مەڭزىلىرىڭىز ھاياجاندىن قىزارغان ئىدى. بۇ — سىزنىڭ يۈرىكىڭىزدىكى ماڭا نامەلۇم يىگىت سالغان ئوتنىڭ تەپتى ئىدى. رىزۋان! سىز ماڭا بىرىنچى قېتىم ئەتىر گۈل ئۈزۈپ بەرگەن ۋاقتىڭىز ئېسىڭىزدىمۇ؟ ئۇ گۈل مۇھەببەتنىڭ بەلگىسىمىدى؟ ياق! بىز پەقەت تۇرمۇش زورۇرىيىتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلا ئادەملەر. ھەقىقى سويگۇ-مۇھەببەتنى باشتىن كەچۈرۈش نېسىپ بولغان ئىنسانغا ئۇ پەقەت بىرلا قېتىم كېلىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك نازۇك ھېسسىياتكى، قايتا تەكرارلانمايدۇ. سىز باشقا بىرسىنى ياخشى كورۇشكە ئوزىڭىزنى زورلاپ باقسىڭىزمۇ، ئۇ ئالدىنقىسىدەك چىن بولمايدۇ. سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز ئاللىبۇرۇن ھېلىقى نامەلۇم يىگىتكە بېغىشلىنىپ بولغان...

بىز توي قىلىشتىن ئىلگىرى، سىز يېشىل ئوتلار بىلەن قاپلانغان دوڭلۇك ئۈستىدە يىراقلارغا قاراپ، ئوزىڭىزنىڭ ئىلگىرى ياخشى كورگەن شۇ يىگىتىڭىزنى ئۇنتالمايدىغانلىقىڭىزنى ئېيتىپ، مېنىڭدىن: شۇ يىگىت توغرىسىدىكى گەپ-سوزلەرنى قىلىشىڭىزغا، ئۇنىڭ توغرىسىدىكى خاتىرىلەرنى ساقلىشىڭىزغا رۇخسەت قىلىشىمنى، ئۇ يىگىتكە بولغان مۇھەببىتىڭىزنى ھورمەت قىلىشىمنى تەلەپ قىلدىڭىز. مەن بۇ شەرتنى قوبۇل قىلدىم. چۈنكى، مېنىڭ ھاياتىمدىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش بىر مۇھەببەت ۋەقەلىكى بار ئىدى. مەن ئۇنى سىزگە ئېيتىشنى خالىمىدىم. ئۇ قىز ھازىرمۇ ھايات تۇرۇپتۇ. ئۇ، مېنى تاشلاپ كەتكەندە، مەن ئازاپلاندىم. ئۇنىڭ ئوز ۋاقتىدا ماڭا مۇھەببەت بىلەن قارىغان كوزلىرىنى، بوينۇمغا گىرە سالغان ئىسسىق قوللىرىنى زادى ئۇنتالمىدىم. شۇڭا، سىزنىڭ بۇ تەرەپتىكى ھېسسى-



ياتلىرىڭىز ماڭا چۈشىنىشلىك ئىدى. ئىككىنچىدىن، سىزنىڭ ئۇ يىگىتىڭىز ئالەمدىن ئوتكەن. مېنىڭ ئۇنىڭغا تارلىق قىلىشىمنىڭ، ئۇنىڭدىن سىزنى قىزغىنىشىمنىڭ ھېچبىر ھاجىتى يوق ئىدى.

لېكىن، رىزۋان، مەن سىز بىلەن بىللە بولغان شۇ يىللار ئىچىدە، ئالەمدىن ئوتكەن ئۇ نامەلۇم يىگىتنىڭ سىزنىڭ ھاياتىڭىزغا مەن پەرەز قىلغاندىنمۇ چوڭقۇر سىڭىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. سىز ئۇنى ھەر كۈنى بىرنەچچە قېتىم تىلغا ئالاتتىڭىز. تۇرۇپلا، تاتلىق خىياللارغا چوكۇپ كېتەتتىڭىز، شۇنداق چاغلاردا سىز ئوتمۈشنى ئويلايتتىڭىز، خىيال كېمىسىگە ئولتۇرۇپ، ئوزىڭىز ياخشى كورگەن يىگىت بىلەن ياشايتتىڭىز...نىمە ئۈچۈن تەقدىر سىزنى ئوز يىگىتىڭىزگە، مېنى ئوز قىزىمغا قوشماي، ئىككىمىزنى بىر ئويدە قىلىپ قويدى، بىزگە ئوخشاش كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى نىمە دېيىش مۇمكىن؟ بىز بىر بىرىمىزنى ھورمەتلەيمىزغۇ، بىر بىرىمىزنى سويىمىزغۇ، شۇ يىللار ئىچىدە بىر قېتىممۇ جاڭجاللاشمىدۇققۇ، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى مۇناسىۋەت مۇھەببەت بولمىسا، ئەمىسە نىمە!؟ سىز بۇ سوئالغا: بىز ئىناق ئەر-خوتۇن، دەپ جاۋاپ بەردىڭىز. سىز ژاستىنى ئېيتتىڭىز. بىز ئەنە شۇنداق ئىناق ئەر-خوتۇن ئىدۇق. بىز مۇھەببىتىمىزنى بەرگەن ھېلىقى نامەلۇم كىشىلەر بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە بىز بىلەن بىللە ياشايتتى.

رىزۋان، سىز مۇلايىم، ئاق كوڭۇل ئايالسىز، سىز بىلەن مەن شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئويدە تۇرالىدۇقكى: سىزنىڭ گېپىڭىز ئوچۇق، كوڭلىڭىزدە يامانلىق يوق. مەن بولسام سىزنىڭ ھېلىقى يىگىتكە بولغان ھېسسىياتلىرىڭىزنى قەدىرلىدىم. سىزنىڭ مۇھەببەتتىكى ساداقەتلىكىڭىزنى ھورمەتلىدىم...مەن سويگەن قىز مۇھەببەتتە ئۇنداق

www.uyghurkitap.com

سادىق بولالمىغان. مەن ئۇ قىز بىلەن "مەدەنىيەت ئىنقىلاۋى" دىكى قالايمىقانچىلىقلار باشلىنىشتىن ئىلگىرى تونۇشقان ئىدىم. ئايدىڭ كېچە، شىرىلداپ ئېقىۋاتقان سۈزۈك سۇ، ھاياجاندا دۈپۈلدىگەن بىر جۈپ يۈرەك، قاراڭغۇ تۈن قوينىنى يېرىپ ئۆتكەن مۇھەببەتلىك ناخشىغا ئوخشاش گۈزەل خاتىرىلەر شۇ چاغدىكى مېنىڭ ھاياتىمنى بېزىگەن. قالايمىقانچىلىق يىللارغا يېتىپ كەلگەندە، مېنىڭ مىڭەم قىزىپ كەتتى. نىمە قىلىپ، نىمە قويۇۋاتقانلىقىمنى بىلمىگەن ھالدا چارىسلداپ ئېتىلىۋاتقان ئوق، ئۇرۇش-چېقىش قايناملىرىنىڭ ھەممىسىدە ئۈزدۈم. بىزدەكلەرنى مايمۇن ئويۇنىغا سېلىۋاتقان ئەبلەخلەر ئۇ چاغدا بىزگە "يېڭى شەيئى" دىگەن چىرايلىق ئۇنۋانىنى بېرىشكەن ئىدى. بىز شۇ چاغدىكى "يېڭى شەيئىلەر" — جەمىيەتنى ۋەيرانچىلىققا سېلىۋەتكەنلىكىمىز بىلەن مەغرۇرلانغان ئىدۇق. بىگۇنا كىشىلەرنىڭ دات-پەرياتلىرى بىزنى ھوزۇرلاندۇرغان ئىدى. مەن شۇنچىلىك تەلۋىلەشكەن ئىدىمكى، ھېچكىمنىڭ نەسىھەتى قۇلىقىمغا كىرمەيتتى. شۇ چاغدىكى شوئار ۋە تەشۋىقىي گەپلەر كاللامغا قوغۇشۇندەك قۇيۇلغان بولۇپ، ئۆزەمنىڭ ماڭغان يولىنى "شەكسىز توغرا" دەپلا بىلەتتىم. لېكىن، مېنىڭ بىر ئاجىزلىقىم بار ئىدى، باشقا ئىشتا قانچىلىك قاتتىق بولسامۇ، ھېلىقى ئۆزەم ياخشى كورگەن قىز ئالدىدا شۇنچىلىك مۇلايىم ئىدىم. ئۇ نىمە دىسە، مەن شۇنى قىلىشقا تەييار ئىدىم. ھازىر ئويلىسام، ئۇ چاغدا مېنى مەن پېتىپ كېتىۋاتقان پاتقاقتىن قۇتقۇزۇپ قالىدىغانمۇ پەقەت شۇ قىزلا ئىدى. لېكىن ئۇ ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى-دە، مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنى ئۈزۈپ كېتىپ قالدى. ئۇ چاغدا، ئۇنىڭ مەندەك بىر "يېڭى شەيئى" نى نىمە ئۈچۈن تاشلاپ كەتكەنلىكىنى



چۈشىنەلمىدىم. ئۇنىڭ ئەقىلسىزلىقىغا كۈلدۈم. پەقەت، يىللار ئۆتۈپ باش سۇئىقەستچىلەرنىڭ ئەپتى-بەشىرىسى ئاشكارىلىنىپ ھەقىقەت ئايدىڭلاشقاندىلا، ئاندىن مەن ئۇ قىزنىڭ توغرا قىلغانلىقىنى چۈشەندىم.

رىزۋان! سىزچە ئادەمنىڭ ھاياتى نىمىگە ئوخشايدۇ؟ مېنىڭچە ھايات — ئۇ بىر ئاق دەپتەر، ياشاش جەريانىدا ھەركىم بۇ دەپتەرگە ئۆزىنىڭ تارىخىنى يېزىپ ماڭىدۇ. شۇ شەخس ئۆلگەندە، ئۇنىڭ ھاياتى توغرىسىدىكى بۇ تارىخىي ئەسەرمۇ يېزىپ تاماملىنىدۇ. مېنىڭ ھاياتىمنىڭ نۇرغۇن سەھىپىلىرى ئەنە شۇنداق لەنەتلىك تارىخ بىلەن پۈتۈلدى. مەن ئۆزەمنىڭ ئون يىلچە ئەخمەق بولغانلىقىمنى تونۇپ يەتكەندە، مېنىڭ سۆيگەن قىزىم تۇرمۇشلۇق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۆتكەن كۈنلەرگە قاتتىق ئۆكۈندۈم. ھاياتىمنىڭ بۇندىن كېيىنكى سەھىپىلىرىنى ياخشى يېزىش ئۈستىدە ئويلاندىم. ئەنە شۇنداق كۈنلەردە مەن سىزنى ئۇچراتتىم، رىزۋان. مەن يەنە شۇنىڭ ئۈچۈن سىزنى ھورمەتلەيتتىمكى، سىز ۋە سىز ئالاقە قىلىدىغان بىر بولۇم ياشلار — سىلەر ھېلىقى قارا يىللاردىمۇ ئۆزەڭلەرنى بۇلغىماي ئۆتكەن كىشىلەردىن ئىدىڭلار.

ئالدىنقى ئاينىڭ 23-كۈنى ئېسىمدىن زادى چىقمايدۇ، شۇ كۈنى سىز ماڭا كوزلىرىڭىزنى تىكىپ:

-نۇرى، مەن ئايۇپنىڭ ئانىسىغا خەت يېزىپ، ئايۇپنىڭ رەسىمىنى ئالدۇرغان ئىدىم. ئۇنى چوڭايتىشقا بېرىپ قويغان. بۈگۈن چىقىدۇ. رەسىمنى ئەكىلىپ، ئويگە ئېسىپ قويسام رۇخسەت قىلامسىز؟ — دەپ سورىدىڭىز. مەن كۈلۈپ:

— شۇنىمۇ مەندىن سوراپ يۈرەمسىز، ئەكىلىڭ! — دىدىم.

شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ئۆيگە كېلىپ، تامدىكى يوغان رەسىمنى كۆردۈم. رەسىمدە قارا قاشلىق، چىرايلىق كەلگەن بىر يىگىت كۈلۈپ تۇراتتى. مېنىڭ يۈرىكىم "قارت" قىلىپ قالدى. رەسىمدىكى يىگىتنىڭ سول پېشانىسىدە تۇرغان يوغان قارا مەڭمىدۇ ياكى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ تۇرغان چېچىمىدۇ؟!... مەن رەسىمنىڭ يېنىغا بېرىپ سەپ سالدىم. سول پېشانىسىدە تۇرغان بۇ قارا باشقا نىمە ئەمەس، مەڭ ئىدى. مەن بېشىم قېيىپ ئولتۇرۇپ قالدىم...

1968-يىلىنىڭ بىر كېچىسى ھازىرقىدەك ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. بۇ — "جىن-شەيتانلارنى يوقىتىش جەڭگىۋار دۈيى"نىڭ يەر ئاستى تۈرمىسىدە بولغان ۋەقە ئىدى. مەن 25 ياشلار چامىسىدىكى بىر داشۆي ئوقۇغۇچىسىنى سوراق قىلدىم، ماڭا، باشقىلار ئۈچ كېچە سوراق قىلىپ ھىچ نەتىجە چىقىرالمىغان بۇ "جىن-شەيتان"نى ئىندەككە كەلتۈرۈپ، ئۇنىڭ ئەكسىلئىنقىلاۋىي تەشكىلاتى بارلىقى توغرىسىدىكى ماتېرىيالغا قول قويدۇرۇش ۋەزىپىسى تاپشۇرۇلغان ئىدى. مەن ئۇنى تاسما بەلۋاغ بىلەن ھارغىچە دۇمبالىدىم. ئاخىرىدا، ئۇ ئەلەمگە چىدىماي مېنى بىر تېپىپ ئارقامغا ئۇچۇرۇۋەتتى، بۇ قارشىلىق مېنىڭ ئەسەبىلىكىمنى تېخىمۇ قوزغىدى. مەن تۆمۈر كالتەك بىلەن ئۇنىڭ بېشىغا ئۇردۇم. ئۇ بىر تەرەپكە قېيشىيىپ يىقىلىپ، ئاغزىدىن كەلگەن قويۇق قان سېمونت ئۈستىگە يامرىدى. ئۇنىڭ مىڭىسىنىڭ ئارقا تەرىپىگە قاتتىق تەككەن تۆمۈر كوزىگە باغلانغان قارا لاتىنىمۇ كېسىپ تاشلىغان بولۇپ، يىگىتنىڭ ئوچۇق قالغان كوزى ماڭا نەپرەت بىلەن توپ-توغرا قادالغان ئىدى. ئۇ مېنى تونۇۋالدى، ئۇنىڭ ھايات قالسا مېنىڭدىن ئۆچ ئېلىشىدىن ئەنسىرەپ، مەن ئۇنى ئېتىپ تاشلىدىم. شۇ چاغدا، ئۆلگۈچىنىڭ سول پېشانىسىدە تۇرغان قاپ-قارا



مەڭ مېنىڭ ئېسىمدا ئېنىق قالغان ئىدى.

رىزۋان! شۇ كۈنى مەن سىزنىڭ كوزىڭىزگە زادى قارالمىدىم. شۇ كېچە، سىز تامدا تۇرغان رەسىمگە قاراپ قويۇپ خاتىرجەم ئۇخلىدىڭىز. ئېھتىمال، مەڭلىك يىگىت بىلەن ئۆتكەن كۈنلەرنى چۈشىڭىزدە يەنە قايتا كۆرگەنسىز. لېكىن، مەن ئۇخلىيالمىدىم. ئەتىدىن باشلاپ سىزنىڭ يۈزىڭىزگە قانداق قارىشىمنى ئويلاپ ئازاپلاندىم. بىزنىڭ ئۆيدە، ئىككىمىزدىن باشقا، رەسىمدىكى ئاشۇ يىگىتمۇ بىز بىلەن بىللە ياشايدىغۇ؟ سىز مېنى "ھاياتىمدىكى ياخشى ھەمرا"دەپ قارايسىز. لېكىن، مەن سىزنىڭ ھاياتىڭىزنى بېزەيدىغان ئەڭ چىرايلىق گۈلنى غازاڭ قىلغان ۋىجدانسىزغۇ؟! قاچان بولمىسۇن بىر كۈنى، مېنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىڭىزنى ئۆلتۈرگەن قاتىل ئىكەنلىكىمنى بىلگەن چېغىڭىزدا، ماڭا قانچىلىك نەپرەت بىلەن قارارسىز...مەن ئەنە شۇلارنى كوز ئالدىمدىن ئۆتكۈزدۈم-دە، كېتىش قارارىغا كەلدىم...

سىز بۇ خەتنى ئوقۇپ، ئۆزىڭىز ئۇقۇشماي بىللە ياشىغان قاتىلدىن نەپرەتلىنىپ: سەن نىمە ئۈچۈن ئۆزەڭنى دەرياغا تاشلىمىدىڭ؟! دەرسىز. مەن ئۆلۈمدىن قورقالىغىم ئۈچۈن ئەمەس، ھاياتنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۆزەمنى دەرياغا تاشلىمىدىم. مەن ئۆلىمەن. ئالدى بىلەن، بىزنى ئۆز ئادەملىرىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىشقا قۇتراتقان باش جىنايەتچىلەر سوراق سەھنىسىگە تارتىپ چىقىرىلغاندا، ئۇلارغا تېگىشلىك بىرنەچچە ئېغىز گېپىمنى قىلىۋېلىپ ئاندىن ئۆلىمەن. شۇ چاغدا، قانۇن ئالدىغا ئۆزەم بېرىپ، جىنايەتلىرىمنى تاپشۇرۇپ، ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىشنى تەلەپ قىلىپ ئۆلىمەن. ماڭا ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەندە، مېنى باشقا كىشى ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

دەل سىزنىڭ ئېيتىپ ئولتۇرۇشىڭىزنى خالايمەن. سىز ئۆز قولىڭىز بىلەن مىڭەمدىن تۇشۇك ئېچىپ: ياخشى كورگەن ئادىمىمنىڭ ئىنتىقامىنى ئالدىم، دەپ ئۆزىڭىزگە تەسەللى بەرگەندە، مەنمۇ ۋىجدان ئازاۋىدىن قۇتۇلۇپ، خاتىرجەم كوز يۇمغان بولىمەن...

سىزگە بەختلىك تۇرمۇش تىلەپ:

نەپرەتلىك قاتىل نۇرى.

× × 19 ـ يىلى × ـ ئاينىڭ × ـ كۈنى.



# ئەجدەرھا جىلغىسىدا

## ھىلمىنىياز قادىرى

مەن "ئەجدەرھا جىلغىسى"دا قۇرۇلۇۋاتقان سۇ ئېلېكت
ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىدىن دەم ئېلىش بانىسى بىلەن قايتىپ كەلدىم. كوڭلۇمدىكىنى ئېيتسام مەھەللىدىن 100 نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتىكى بۇ تاغ ئارىسىدا زېرىكتىم. ئەتراپقا قارىساڭ تۇتاش كەتكەن ئۇشما تاشلار، غولدا ئېقىۋاتقان سۇ، قۇرۇلۇش ئورنى، ئۇنىڭدىن ئارتۇق نىمە بار دەيسەن؟ ماڭا ئوخشاش يۇرىگىدە ئوتى بار يىگىتلەرگە مۇنداق چەتتىكى ئىش ئورنى قاملاشمىدى.

ئويگە كېلىپ ئىشىكتىن كىرىشىمگىلا بىرىنچى بولۇپ مۇسا بوۋام بىلەن ئۇچراشتىم. مۇسا بوۋام 80 ياشتىن ھالقىغان، ساقاللىرى قاردەك ئاقارغان، كەڭ گەۋدىلىك، ئىگىز بويى سەل ئالدىغا مۇكچەيگەن بولسىمۇ تېخى تېتىك، كوزى روشەن ئىدى.

— ئەسسالام بوۋا، سالامەت تۇردۇڭمۇ؟ — دىدىم بوۋامنىڭ ئالدىغا بېرىپ.

— مۇراتجانمۇ سەن، كەلدىڭمۇ بالام؟ ئابلا تاغاڭلار تېچلىقمۇ؟ قۇرۇۋاتقان ئىستانساڭلار پۈتەي دىدىمۇ؟ — دەپ سورىدى.

بوۋام بىلەن ئولتۇرۇپ بىر دەم مۇڭداشتىم. بوۋام بىز نەۋرە، چەۋرىلىرىگە ناھايىتى ئامراق ئىدى. بولۇپمۇ مېنى ياخشى كورەتتى. مەن "ئەجدەرھا جىلغىسى"دىكى قۇرۇلۇش ئورنىغا ئىشچى بولغىنىمدىن كېيىن بوۋام ئويدىكىلەرگە:

—مۇراتجان چەتتە ئىشلەيدۇ، ئۇ خاسىيەتلىك ئىش قىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا گۆش قورۇپ بېرىڭلار، ئېلىۋالسۇن،— دەيتتى. مېنىمۇ بوۋامنىڭ كۆڭلىنى دەپ بىر يىلدىن بېرى ئىشلەپ كەلدىم.

بوۋام بىلەن بولغان سوھبىتىمىز ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئىشقا كەتكەن دادام بىلەن ئاپامنىڭ كېلىشىنىمۇ كۈتمەي مەھەللىدىكى ئەل-ئاغىنىلار بىلەن ئۇچرىشىشقا ئالدىرىدىم.

ئاخشاملىرى كەچ يېتىپ، ئەتىسى ۋاقىچە تۇرۇپ ئويۇن-تاماشا بىلەن بىر ھەپتىمۇ ھايت-ھۇيت دېگىچە ئۆتۈپ كەتتى. ئىش ئورنۇمغا قايتىشنى خىيالمۇ قىلمىدىم. بىر كۈنى بوۋام مېنى ئالدىغا چاقىرىپ:

—بالام، ئىشلار جىددى دەيسەن، بىر ھەپتىنى ئويناپ ئۆتكۈزۈۋەتتىڭ، رۇخسەت سورىغان ۋاقتىڭ توشتىمۇ دەيمەن،— دېدى. بوۋام ئۆز ئەۋلادىغا ئەزەلدىن شۇنداق تەلەپچان ئادەم ئىدى. مەن بوۋامغا سەل دۇدۇقلاپ جاۋاپ بەردىم:

—ۋاقتىمغۇ توشتى. بىراق ئاغىنىلارنىڭ كۆزى قىيمايۋاتىدۇ. يەنە ئازراق ئىشىممۇ بار ئىدى، يەنە بىر-ئىككى كۈنلەردىن كېيىن قايتارمەن،— دېدىم. بوۋام ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى. يەنە توي-مەشرەپلەر بىلەن بىر ھەپتە ئۆتۈپ كەتتى. بوۋام ئەمدى چىدىمىدى بولغاي، مېنى ئالدىغا چاقىرتىپ:

—بالام، ئۆيۈڭدىن ھېچنېمە چىقمايدۇ، ئىش ئورنىڭغا ۋاقتىدا قايتقىن، بولمىسا تەشكىل ئالدىدا، يولداشلىرىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالىسەن،— دېدى.

ئەمدى كۆرسىتىدىغان بانا-سەۋەپلىرىم تۈگىگەچكە مەقسىدىمنىڭ ئۇچىنى بوۋامغا ئېيتتىم:



—بوۋا، مەن ئەمدى قايتمايدىغان بولدۇم. ناھىيە بازىرىدىن يېڭى ئىش ئورنى ئۇقۇشتۇم.

—ھە؟! سەن ئەمدى "ئەجدەرھا جىلغىسى"نى تاشلىماقچىمۇ سەن؟ بالام، مېنىڭ يۈرىكىم ئۆمۈر بويى "ئەجدەرھا جىلغىسى"دا سوقۇپ كەلدى. سەن بارمىساڭ بولمايدۇ.

—زېرىكتىم بوۋا، مېنىڭ ياشلىقىم ئاشۇ چەت تاغ ئارىسىدا ئۆتەمدۇ؟— دېدىم-دە بوينۇمنى تولغاپ بىچارە قىياپەتكە كىردىم.

—ئۇنداق بولسا مۇراتجان، سەن بىر ماشىنا ئۇقۇشۇپ مېنى "ئەجدەرھا جىلغىسى"غا ئېلىپ بار، ئاخىرقى ئۆمرۈمدە بىر كۆرۈۋالاي. شۇ يەرگە بارغاندا ساڭا دەيدىغان گېپىم بار،— دېدى.

—قېرىغاندا بوۋا، نېمە قىلىسەن جاپا چېكىپ!— دېدىم.

—ياق، كىچىك ۋاقتىڭدا مەن سېنى ئېشەككە مىندۈرۈپ ئېلىپ بارغان ئىدىمغۇ؟ مەن بارسام بولمامدۇ،— دېدى كەسكىن قىياپەتتە ئۇ.

نېمە دېيەلەيمەن؟ بۇ مېنىڭ بوۋام تۇرسا، ئۇنىڭ ئۈستىگە ياشانغان ئادەم، قانچە كۈنلۈك ئۆمرى قالدى، ئاخىرى ئامالسىز ماقۇل بولدۇم. ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇش ئورنىغا خىش توشۇيدىغان بىر شوپۇر بىلەن ئۇقۇشتۇم.

ئەتىسى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ تاڭ سەھەردە يولغا چىقتۇق. ماشىنىدا كېتىۋېتىپ خىيال سۈرىمەن، بىردىن-بىر ئەندىشە قىلىدىغىنىم ئابلا شۇجى ئالدىدا بوۋام مېنىڭ يېڭى ئىش ئورنى تاپقانلىقىمنى دەپ سالمىسا بولاتتى.

...مەھەللە ئىچى دىگەن مەھەللە-دە. ئويۇن كۈلكىسى بىلەن، تەڭتۇش قىز-يىگىتلەرنىڭ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇشلىرى بولۇپ تۇرىدۇ. "ئەجدەرھا جىلغىسى" تاغ ئارىسى، كەچتە يۇلتۇزلارنى تاماشا

قىلىسەن، كۆندە قەرەللىك ئىش! نېمە قىزىقى بولسۇن...

بوۋامنىڭ ئىستانىسا قۇرۇلۇشىنى كۆرمەكچى بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئاڭلىغان قۇرۇلۇش ئورنى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى ئابلا شۇجى ئالاھىدە يوقلاپ كەپتۇ. ئابلا شۇجى بوۋام بىلەن كونا تونۇش، ئابلا شۇجىنىڭ ئاتىسى بوۋام بىلەن قەدىناس ئۆتكەن ئىكەن.

بۇ قۇرۇلۇش ئورنىدا ئابلا شۇجىنىڭ ماڭا قىلغان غەمخورلۇقىنى ئاز دەمسىلەر؟ شۇڭا ئۇ، ئىشىكتىن كىرىپ كەلگەندە، "ئىشتانىغا چىققان، كوكۇلگە تايىن" دېگەندەك ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم، يۈزلىرىم ئوتتا قىزىشقاندەك چىمىلداپ قىزاردى.

ئۇلار سالاملاشقاندىن كېيىن ئابلا شۇجى بوۋامغا:

—موسا تاغا، ئىچىڭىز پۇشۇپتۇ-دە، ئىككى يىلدىن بېرى نېمە قىلىۋاتقاندۇ دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟—دېدى.

—ئابلا شۇجى، ھېچكىم بىلمىسە، سەن مېنىڭ بۇ "ئەجدەرھا جىلغىسى"غا چىڭ باغلانغانلىقىمنى ياخشى بىلىسەن. ھايات ۋاقتىمدا شېھىتلەر قېنى ئورنىدىن چاقنىغان نۇرنى كۆرسەم، خاتىرجەم بولاتتىم،—دېدى.

ئىككىيلەننىڭ سۆزىدىكى بەزى مەنىلەر ماڭا تېخى سىر ئىدى. چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن بوۋام ئابلا شۇجى بىلەن ماڭا:

—قېنى، قەۋرە بېشىغا ئېلىپ چىقىڭلار،—دېدى. قەۋرىنى ئابلا شۇجى ياخشى بىلەتتى. غولدىن 3-4 يۈز مېتىردەك ئىگىزدە، تاغنىڭ باغرىدىكى بىر يوغان تاشنىڭ تۈۋىدە 3 دۆڭ توپا بار ئىدى. مانا بۇ بوۋامنىڭ ھەر يىلى بىر دېگۈدەك يوقلايدىغان مۇڭلۇق قەۋرىسى ئىدى. بوۋام قىرائەت قىلدى، دۇئا قىلدى. مەن "تۇققىنىمىزنىڭ قەۋرىسى" دېگەننى بىلسەممۇ تېخىچە قانداق تۇققىنىمىز، نېمە سەۋەپ



www.uyghurkitap.com

بىلەن بۇ چەت تاغ ئارىسىدا ئۆلگەن، دېگەنلەرنى بىلمەيتتىم. مەن بوۋامغا سەپسالسام گەرچە ئۇ يىراقلارغا كۆز تىكسىمۇ [illegible] مۆڭلانغان ئىدى. بوۋامنىڭ ھەركىتىگە قىزىقىپ بىرمۇنچە ئىشداشلىرىمۇ بىزنىڭ قېشىمىزغا چىقىپ بوۋامغا سالام بەردى. مەن ئىچىم پۇشۇپ:

—بوۋا، بۇ كىمنىڭ قەۋرىسى، نېمە دەپ بۇ چەت تاغ ئارىسىغا قويۇلغان؟—دەپ سورىدىم. بوۋامنىڭ كۆزىدىن 2 تامچە ياش دومىلاپ چۈشتى. بىر دەملىك سۈكۈتتىن كېيىن:

—بالام، مەن ساڭا "ئەجدەرھا جىلغىسى"غا بارغاندا دەيدىغان گېپىم بار دېگەن ئىدىم. مانا ئەمدى ساڭا ئېيتىمەن، قۇلىقىڭدا مەھكەم تۇت،—دېدى-دە، 3 مۇڭلۇق قەۋرە ھەققىدىكى ھېكايىسىنى باشلىدى.

* *

مۇندىن 50-60 يىل بۇرۇن ناھىيىمىزنىڭ ئاق تېرەك يېزىسىدا دادامنىڭ بىر نەۋرە تۇققۇنى مەڭسۇركام ئەسلا بەگنىڭ يېرىنى ئىجارىگە تېرىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇلار 3 جان ئىدى—مەڭسۇركام، ئايالى ۋە قىزى رەيھان. رەيھان تولىمۇ گۈزەل بولغاچقا 16 ياشقا كىرگەن يىلى مەڭسۇركامنىڭ بېشىغا بالا-قازا كەلدى. ئەسلا بەككە 4-5 دادەن ئاشلىق "قەرزدار" بولۇپ قېلىپ، ھىلىگەر بەگنىڭ كۆزى گۈزەل قىز رەيھانغا چۈشكەچكە قەرزنى قىستاش يولى بىلەن رەيھاننى قولغا كىرگۈزمەكچى بولىدۇ.

مەن رەيھاننى ياخشى كۆرەتتىم، ئۇمۇ مېنى ياخشى كۆرەتتى. ئاتا-ئانىلارنىڭ خىيالىدا ۋاقتى-كۈنى كەلگەندە بىرنىڭ تويىمىزنى قىلىپ قويۇش خىيالىمۇ بار ئىدى. بەگ ئاخىرى ۋەھشىلىشىپ 3 كۈن مۆھلەتتە قەرزنى تاپشۇرۇش، تاپشۇرالمىسا، رەيھاننى چاكار

بولۇپ ئىشلەشكە تاپشۇرۇشنى ئېيتىدۇ.

”جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا“ دىگەندەك بەگنىڭ رەيھاننى چاكار قىلىۋېلىشتىن مەقسىدى ئۇنى تارتىۋېلىش ئىكەنلىگىنى بىلگەن مەگسۇركام غەزەپلىنىدۇ. نىمە ئامال؟!

شۇنىڭ بىلەن مېنىمۇ بىللە ئېلىپ بۇ جىلغىغا قېچىپ كەلدۇق. بۇ يەر ئىنسان ئاياق باسمىغان پىنھان جاي ئىدى. ئازراق يەر ئېچىپ تېرىدۇق. مەگسۇركام ئەتىيازلىغى بىر كىيىك بالىسىنى تۇتۇۋېلىپ ئەپكەلدى. ئۇنى رەيھان ئاسراپ بېقىپ ئوستۇردى. رەيھان ئۇنىڭغا بەكمۇ ئامراق ئىدى.

بىر كۇنى كىيىك كەپىدىن چىقىپ تاغدا ئوتلاشقا باشلاپتۇ. بىز قېچىپ كەلگەن 3-يىلى ئىدى. بەگ يالاقچىلىرى بىلەن ئوۋغا چىقىپ بىزنىڭ كىيىككە كوزى چۇشۇپتۇ-دە، كىيىكنى ئېتىپتۇ. مەن ئۇ كۇنى غول بويلاپ مېگىپ چارۋىچىلاردىن بىرئاز نەرسە سوراپ كېلىشكە كەتكەن ئىدىم. ئوق چالا تەككەن كىيىك كەپىگە قېچىپ كېلىپ يىقىلىپتۇ. رەيھان يىغلامسىرىغان ھالدا جان ئۇزۇۋاتقان كىيىككە قاراپ:

— سېنى قانداقمۇ قارانىيەت ئاتقاندۇ، بىچارە كىيىكىم، — دەپ يىغلاپتۇ. ئاگىنچە بىر توپ ئاتلىق كىيىكنىڭ ئىزىدىن قوغلاپ كەپىگە كەپتۇ. ئاۋۇ ئاق تاشنىڭ ئۇچى كەپىنىڭ ئورنى ئىدى. ئاتلىقلارنى كورگەن رەيھان قورقۇپ، ئويدە بىرنىمىلەر قىلىۋاتقان مەگسۇركامغا:

— دادا، ئاتلىقلار كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ. مەگسۇركام ئويدىن چىقىپ بىر قاراشتىلا بەگنى تونۇپ:

— قورقما قىزىم، بۇ خۇدانىڭ ماكانى، بىزنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايدۇ، — دەپتۇ ھەمدە بىر تال چوماقلىق تاياقنى راسلاپ



قويۇپتۇ. رەيھان كەپىگە كىرىپ كېتىپتۇ. كەپە ئالدىغا كەلگەن بەگ ھەيران بولغان ھالدا:

— ھە، سەن قېرى بۇ يەردىكەنسەن-دە، قەرزدىن قېچىپ! مانا بىزنى خۇدانىڭ پەرىشتىلىرى باشلاپ كەپتۇ، — دەپتۇ ۋە چىرايىدىن غەزەپ ياغدۇرۇپ:

— مەگسۇر، قەرزنى تولىمىسەن، يوق! — دەپ ۋاقىراپتۇ ۋە يالاقچىلىرىغا مەگسۇركامنى تۇتۇشقا بۇيرۇپتۇ. يالاقچىلار ئاتلىرىدىن چۇشۇپ مەگسۇركامنى تۇتماقچى بولغاندا ئوچ-ئاداۋەت، غەزەپ كۇچكە ئايلانغان مەگسۇركام يالاقچىلاردىن نەچچىسىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇ. كوزىگە قان تولغان بەگ مىلتىقنى ئېلىپ مەگسۇركامنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. ئوق ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئانا-بالا كەپىدىن چىقىپ قانغا بويۇلۇپ ياتقان مەگسۇركامغا ئۇزلىرىنى ئېتىپتۇ، مەگسۇركام جان ئۇزۇش ئالدىدا:

— ئىنتىقام، ئىنتىقام... ئا...ل، — دەپتۇ. ئانا مەگسۇركام تۇتقان توقماقنى، رەيھان ئىتتىك چەيدۇنى قولغا ئېلىپ بەككە ئېتىلىپتۇ. قاتىل 2-ئوق بىلەن رەيھاننىڭ ئانىسىنى ئېتىپ تاشلاپتۇ. قورقۇنچاق قىز رەيھان باتۇرغا ئايلىنىپتۇ. چەيدۇنى كوتىرىپ بەككە ئېتىلىپتۇ. يېقىن بولغانلارنى چېپىپتۇ. قاتىل بەگنىڭ قىزنى ئېتىشقا كوزى قىيماي يالاقچىلىرىغا:

سالما تاشلاپ تىرىك تۇتۇڭلار! — دەپ ۋاقىراپتۇ. ئەمدى ئىشنىڭ ئەپلەشمىگىنىنى بىلگەن چېچەن قىز رەيھان، ئىتتىك چەيدۇنى غەزەپ بىلەن ئوز بويىنىغا ساپتۇ. قىزىل قانلار شېغىل تاشلار ئۇستىگە چاچراپ، ئۇ سەنتۇرۇلۇپ بەككە ”ئىنتىقام ئالىمەن“ دەپ ئېتىلىپ يىقىلىپتۇ.

بىگۇنا 3 جانغا زامىن بولغان قاتىل بەگ 3 ئولۇكنى تاشلاپ كېتىپتۇ. مەن دىگەر ۋاقتى بىلەن كەلسەم كەپىمىزنىڭ ئالدى قىزىل قىيامەت. كېيىك بىلەن 4 جان قانغا مىلىنىپ سۇنايلىنىپ يېتىپتۇ. تاغامغا ئۇزەمنى ئاتتىم، ئانامغا ئۇزەمنى ئاتتىم، ئۇلارنىڭ قېنى ئاللىقاچان مۇزلىغان. قانلار چاچرىتىپ بىردىرەك يىقىلغان رەيھانغا ئۇزەمنى ئاتتىم. ئۇنى ئېتىگىمگە ئالدىم. كوزۇمدىن توكۇلگەن ئىسسىق ياش ئۇنىڭ قان يۇقى مەڭزىگە تامدى. ئۇ تېخى تىرىك ئىدى. ئۇ تېخى سەكراتتا مېنى كۇتەتتى. رەيھان يالت قىلىپ كوزىنى ئاچتى، مەن خوشاللىغىمدا:

— رەيھان، رەيھان، قايسى قاتىلنىڭ ئىشى بۇ؟ — دىدىم. ئۇ كوزىنى يۇمۇۋېتىپ، ناھايىتى پەس ئاۋازدا:

— ئەسلا بەگ، ئەسلا بەگ، ئىن...تە...قام... — دىدى-دە، ئۇنىڭ بېشى چۇشۇپ كەتتى.

— رەيھان، رەيھان، رەيھان! — ۋاقىراپ باقتىم، ئۇ جان ئۇزگەن ئىدى. مەنمۇ تىرىك قىزىل قانغا بويالدىم. مانا مۇشۇ يەرگە قەۋرە قېزىپ بۇ 3 نەپەر بىگۇنا ئولگەن، شېھىت بولغان قېرىنداشلىرىمنى دەپنە قىلىپ، قانخور ئەسلا بەگدىن چوقۇم ئىنتىقام ئېلىشقا قەسەم ئىچتىم.

دەرھال يولغا چىقتىم. ئوزەم خاموش، جاھان قىزىرىپ كەتكەندەك كورۇندۇ. جىلغا ئاغزىدىن چىقىدىغان چېغىمدا يىرىم كېچە بولغان ئىدى. مۇشۇ بويىچە ماڭسام مەھەللىگە كۇندۇزدىلا باراتتىم. شۇڭا بىر دالدىنى تېپىپ ياتتىم. كوزۇمنى يۇمسەم، رەيھان پەيدا بولىدۇ. "ئىنتىقام ئالامسەن؟ قورقۇۋاتامسەن؟" دىگەندەك قىلىدۇ. ئويغىنىپ كېتىمەن. ئاخىرى كېچىلەپ يولغا چىقىپ مېڭىۋەردىم.



ئاتنىسى كەچتە مەھەللىگە كىرىپ، قانخور ئەسلادىن ئوچ ئېلىشنىڭ يولىنى ئىزلىدىم. غۇر-غۇر شامال چىقىشقا باشلىدى. ئوت قويۇپ كويدۇرەي دىدىم-دە خوپتەن ۋاقتىدا ئەسلا بەگنىڭ ئېغىلى تەرەپتىن ئوتنى ياقتىم-دە، ئىشىك ئالدىغا باغلاقلىق تۇرغان ئاتتىن بىرنى مىنىپ قېچىپ كەتتىم. مەھەللە سىرتىغا چىقىپ قارىسام شامالدا ئوت گۇرۇلدەيتتى. قىقاس-چۇقانلار. "كويۇپ ئول زالىم ئەسلا!" دىدىم-دە ئاتنى يۇرتىپ تاغ ئارقىسىغا يۇرۇپ كەتتىم.

* * *

بىز كەمبەغەللەرگىمۇ ئاخىر تاڭ ئاتتى. كوممۇنىستىك پارتىيە بىزنى ئازات قىلدى. مەن بىگۇنا قۇربانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۇچۇن ياقا يۇرتتىن قايتىپ كەلدىم. ئەسلا بەگ كېسەل بىلەن ئولگەن، ئۇنىڭ ئەجداتلىرى ھوكۇمران ئىكەن.

كوممۇنىستىك پارتىيىنىڭ رەھبەرلىگىدىلا ئىنتىقامىمىز ئېلىنىپ دەرت-ئەلەمدىن قۇتۇلدۇق. شۇندىن بۇيان ھەر يىلى بىر قېتىم بۇ مۇڭلۇق قەۋرە بېشىنى يوقلايمەن. بىگۇنا توكۇلگەن قىزىل قانلار ئىزىدا قىزىل گۇللەرنىڭ ئېچىلىشىنى كۇتىمەن.

مانا يېشىم 80 دىن ھالقىغان كۇنلەردە بۇ ماكاندا مېنىڭ ئارزۇ-ئارمىنىم ئەمەلگە ئېشىشقا باشلىدى. مەنمۇ ئىشلەي دەيمەن، قېرىپ كەتتىم. نەۋرەم مۇراتجاننى ئوز ئورنۇمدا ئابلا شۇجىغا تاپشۇرغان ئىدىم.

مەن ياشايمەن، مۇڭلۇق كەپە ئورنىدا قەد كوتەرگەن ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى، ئۇنىڭدىن چىققان بەخت نۇرلىرىنى كورىمەن. بالام مۇرات، بوۋاڭنىڭ ئۇمىدىنى ئاقلىدىڭ، يەنە كېتەمسەن؟ — دىدى.

مەن ئىنتايىن خىجالەت بولغان ھالدا، يىغا ئارىلاش:



www.uyghurkitap.com

—بوۋا، "ئەجدەرھا جىلغىسى"نى گۈللەندۈرۈشكە مەڭگۈ قالىمەن، پارتىيىنىڭ ئۈمىدىنى، سېنىڭ ئۈمىدىڭنى ئاقلايمەن، مېنى كەچۈر! — دېدىم.

ئەتراپتا كوزىگە ياش ئېلىپ ھاياجانغا چوككەن ھەممىمىزگە قاراپ بوۋام:

—پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، سوتسىيالىزم يولىدا تازا ئىشلەڭلار، ئۈمىت سىلەردە! — دېدى.

(«تۇرپان» ژورنىلىنىڭ 1981-يىل 1-سانىدىن)



# كومۇلگەن كىتاپ

## ئابدىرېھىم تۇنىياز

دەم ئېلىش كۈنى، پوچتىدىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. كونۋېرت ئاستىدىكى: "K ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ئەخمەتجاندىن" دېگەن تونۇش پوچۇركىغا قىزىقىش بىلەن نەزەر تاشلىدىم-دە، ئالدىراش كونۋېرتنى ئاچتىم.

"ھورمەتلىك قۇربان ئاكا:

ئوبدان تۇرۇۋاتامسىز؟ سىزگە ۋە بالا-چاقىلىرىڭىزغا سالام. مەنمۇ، ئاناممۇ سالامەت تۇردۇق. سىزگە بۇ خەت ئارقىلىق بىز ھەم سىز ئۇزۇندىن بۇيان كۈتۈپ كەلگەن مۇنداق بىر خۇش خەۋەرنى يەتكۈزمەكچىمەن: دادام يېقىندا پۈتۈنلەي ئاقلىنىپ "توت كىشىلىك گۇرۇھ"نىڭ گۇندىخانىسىدىن ئازات قىلىندى. دادام سىزنىڭ خەيرى-خاھلىقىڭىزنى ئاڭلاپ ئىنتايىن مىننەتدار بولدى. سىزگە ئوخشاش پەن-مەرىپەتنى سويىدىغان ئاق كوڭۇل كىشىلەرنىڭ بولغانلىقىدىن تەسىرلىنىپ كوز يېشى قىلدى. دادام سىزنى ۋە سىز ساقلىغان ئەنە شۇ قىممەتلىك كىتاپلارنى كورۇشنى بەكمۇ ئارزۇ قىلىدۇ. دادامنىڭ ۋە بىزنىڭ كوڭلىمىز ئۈچۈن قىممەتلىك ۋاقتىڭىزنى چىقىرىپ بىز تەرەپكە كېلىشىڭىزنى، مالال كورمىسىڭىز كىتاپلارنى ئالغاچ كېلىشىڭىزنى ئۈمىت قىلىمەن. ھە، راست، مېنىڭ يېقىندا شەھەرلىك ھالدا ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىقىغا ئورۇنلاشقانلىقىمدىن خەۋەر

تېپىپ قالارسىز. خەير، سالامەت بولۇڭ!

ئەخمەتجان.

1976 ـ يىل 12 ـ ئاي“

بۇ ئاددى ۋە قىسقىغىنا يېزىلغان خەت، بولۇپمۇ ئۇنىڭدىكى ئىككى خوش خەۋەر قەلبىمنى هاياجانغا سالدى. چۈنكى بۇ خەت ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قەلبىمنى چىرمىۋالغان ئەنە شۇ كىتاپلارنىڭ ئىگىسى ۋە ئۇنىڭ هاياتى توغرىسىدىكى چىگىش سوئاللارغا جاۋاپ بەرگەن ئىدى. تۇرمۇشتا خوشاللىق ياكى قايغۇ تۇيۇقسىز بولغىنىدەك، ئىلگىرىكى خېتىدە ئەخمەتجان يەنىلا شۇ چەكسىز دەرت ـ ئەلەم، هەسرەت ـ نادامەت توغرىسىدىلا يازغان ئىدى. مانا ئەمدى بولسا بۇ خەت ئۇنىڭغا كۈلۈپ قاراپ ئالەمچە شاتلىققا چۆمۈپتۇ. بۇ ئائىلىنىڭ شاتلىقى شۇ مىنۇتتا مېنىمۇ شاتلىققا چۆمدۈردى.

”چوقۇم بېرىشىم كېرەك. ئازاپ چەككەن ئا شۇ كىشىنىڭ خاسىيەتلىك قوللىرىنى سىلىشىم كېرەك!“ شۇلارنى ئويلاۋېتىپ، خىيالىم بىردىنلا قاناتلاندى ـ دە، مىليونلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ئەبەدى ئۆچمەس نەپرەت تامغىسىنى باسقان ئاپەتلىك يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن ئۇنتۇلماس بىر ۋەقەگە كېلىپ توختىدى...

يېزا ئىگىلىگە جىددى ئېھتىياجلىق بولغان خىمىيىۋى ئوغۇت ئېلىپ كېلىشكە تەييارلانغان ”ئازات“ ماركىلىق ئاپتوموبىل بىر پەس تۈجۈپىلەپ تازىلاپ سۈرتۈشۈم بىلەن ھىلىلا زاۋۇتتىن چىققاندەك ۋالىلداپ پاقىراپ كەتتى. ئەمدى رادىئاتۇرنى سۇغا چىلىۋالسام دەرھال قوزغىلىمەن ـ دە، ”K“ ناھىيىسىگە قاراپ يولغا چىقىمەن، مۇساپە يىراق. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ناھىيىگە تۇنجى قېتىم سەپەر قىلىشىم، يول ئەھۋالى ماڭا ناتونۇش. چېلەكتىكى ئاخىرقى سۇنى



رادىئاتۇرغا قۇيۇپ بولۇپ كېپىنكىنىڭ تۇتقۇچىغا قول ئۇزارتىشىمغا يېنىمدا بىرسىنىڭ: ئاكا! ماشىنىڭىزغا مېنى سېلىۋالسىڭىز، دېگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ئادەتتە ”بولمايدۇ“ دەپ جاۋاپ بەرگەنمۇ بولاتتىم. بىراق بوش ئەمما مۇلايىم ئاۋاز مېنى ئىختىيارسىز بۇرۇلۇپ قاراشقا مەجبۇر قىلدى. كونىراق سەپەر سومكىسى كۆتەرگەن بۇغداي ئۆڭ، قاراقاش، كېلىشكەن قامىتىنى چاك باسقان، قارىماققا 22 ـ 23 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت مۇلايىم قوي كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ قاراپ تۇراتتى.

ــ نەگە بارماقچىدىڭىز؟ ــ سورىدىم تۇتقۇچتىن قولۇمنى ئاجراتماي تۇرۇپ. ــ نىمىشقا ئاپتوۋۇزدا قايتمىدىڭىز؟

يىگىت ئۇنچۇقماستىن يەرگە قارىدى. ناھىيىگە يىراق بولغان بۇ گۇڭشېدىن ناھىيىگە ھەپتىدە ئۈچ قېتىملا ئاپتوۋۇز قاتنايدۇ، ئادەم كۆپ بولسا ئاپتوۋۇزدىن قېپقېلىش تۇرغانلا گەپ. مەن ئۇنىڭ بېشىدىن ئايىغىغىچە سەپسالدىم. ئوڭۇپ كەتكەن كۆك خادانى جۇڭسەنفۇ تۈجۈركىسى، تىزلىرىغا ياماق سېلىنغان ھەربىچە ماشرەڭ شىمى، ئۈستى ـ ئۈستىلەپ ياماق سېلىنىپ ئېغىرلاشقان چەپەرقۇت خېيى ئۇنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ قىيىن ئىكەنلىگىدىن دېرەك بېرەتتى. ”يوقسۇزلۇق تاشتىن قاتتىق، بەلكى يېنىدا پۇلى يېتەرلىك ئەمەستۇ، ئەپتىدىن قارىغاندا ياش دىخان يىگىتتەك كۆرۈنىدۇ، بۇ كۈنلەردە دىخانغا پۇل دېگەن تۈتىياغۇ!“ ئۇنىڭ ھالىغا ھېسداشلىق قىلغۇم كەلدى ـ دە، كېپىنكىغا چىقىۋېلىڭ، دېدىم. ئۆزەممۇ يالغۇز ئىدىم، ئۇزۇن يولدا يېنىڭدا بىرەر ھەمرا بولغىنىمۇ ياخشى.

يىگىتنىڭ غەمكىن كۆزلىرى نۇرلانغاندەك بولدى ـ دە، ئايلىنىپ بېرىپ كېپىنكىنىڭ ئىشىگىنى ئاچتى...



www.uyghurkitap.com

تاناپتەك تۈپ-تۈز يوللار، ئاپتوموبىلنى بوك-باراقسان تېرەكلەرنىڭ سايىسى ئاستىدا بولۇشقا قويۇۋەتتىم. كۈن غەرپكە قايرىلىشقا باشلىغاندا ھارغىنلىق ھېس قىلىپ قالدىم. مېنىڭ بەزى سەپداشلىرىم تولا كاپىلداپ زېرىكتۇرۇۋېتەتتى. بىراق بۈگۈنكى ھەمرايىم بولسا نىمىشقىدۇ ئۈنچۈقماي مەيۈس ئولتۇراتتى. ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ ئېغىز ئاچتىم:

— ئۇكا، ئىسمىڭىز نىمە؟

— ئەخمەتجان، — ئۇ ماڭا لاپپىدە قارىدى-دە، يەنە ئالدىغا تىكىلدى.

— سىز مۇشۇ يەرلىكمۇ يا بىرەر ئىش بىلەن كېتىۋاتامسىز؟

— بۇ يەرگە "چىنىقىش"قا چۈشۈرۈلگەن. ئائىلە يوقلاشقا كېتىۋاتىمەن. — ئارىغا يەنە جىمجىتلىق چۈشتى. ئالدىمىزغا ئۇچرىغان ئۇستەڭنىڭ تار كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن غىڭشىپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدىم. ئارىلاپ-ئارىلاپ يىگىتكە قاراپ قوياتتىم. لېكىن ئۇ گويا ناخشامنى ئاڭلاشنى خالىمىغاندەك يىراقتا كۆرۈنگەن تاغ تىزمىلىرىغا، ئەتراپتىكى چەكسىز كەتكەن ئېتىزلارغا، ئۇچرىغان ھەر بىر نەرسىگە ئىرەڭسىزلىك بىلەن قاراپ بىر خىل قىياپەتتە ئولتۇراتتى.

— ئۇكا، يول خېلى بار. ماشىنىنىڭ "غىڭ-غىڭ"ىدىن گەپ ياخشى. "يولنى قىسقارتىش"نىڭ ئېپىنى قىلمامسىز، — دىدىم يولدىن كۆزۈمنى ئۈزمىگەن ھالدا كۈلۈپ.

شۇ ئەسنادا ئاپتوموبىل قاتتىق سىلكىنگەنلىكتىن يىگىت ئەينەككە ئۇسۇۋالدى.

— ھە، مانا، دىمىدىممۇ، گېپى قىممەت ئادەمنى ماشىنا ياقتۇر-



مايدۇ، — مېنىڭ ئەتەي قىلغان چاقچىقىم ئۇنى كۈلدۈردى. كۈلكە بىلەن ئازراق ئېچىلغاندەك بولدى-دە، ئاغزى گەپكە كەلدى.

— ئاكا، ئۇزۇن يىل يېزىدا ئەمگەك بىلەنلا بولۇپ جاھاندىن خەۋەرسىزمەن. گەپنى نەدىن باشلاپ نەدە توختىتىشنىمۇ بىلمەيمەن، — دىدى ئۇ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— ئىشەنمەيمەن! — دىدىم مەن جىددىي قىلىپ. — تۇرقىڭىزدىن خېلى سۆزمەن كۆرۈنىسىز، پەممىچە، كۆزلىرىڭىز بىرەر كېلىشمەسلىك ياكى بەختسىزلىكتىن دېرەك بەرگەندەك قىلىدۇ. نىمىدىن تارتىنىسىز؟... بۈگۈنكى كۈندە دەرتمەنلەر، يالغۇز مەنلا دەمسىز؟ خالىسىڭىز، ئىچ پۇشۇقىڭىزغا ھېسداشلىق قىلىشنى خالايمەن.

يىگىت چوڭقۇر "ئۇھ" تارتتى. "بۇ ئادەم كۆرۈنۈشىدە قوپال كۆرۈنگەن بىلەن دىلى يۇمشاق ئادەم ئىكەن" دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، ئەتىمالىم. بىردىنلا سۆزلەشكە باشلىدى:

— ئىچىمدىكى دەرت-ئەلەمنى كىشىگە تىنماي، باش چوكۇرۇپ ئىشلەشكىلا كونۇپ قالغانمەن. دادام تۇرمىدە، ئانام بولسا ئاغرىقچان، ئۇكىلىرىم كىچىك، مەن بولسام ئەنە شۇ يۆلەنچىسىز قالغان ئانامنى يىلدا بىرەر قېتىملا يوقلىيالايمەن، يىغلاپ-قاخشىساڭ تىڭشايدىغان ئورۇن بولمىسا، ئۇنىڭدىن جىمغۇرلۇق ياخشىكەن. بۈگۈن ئانام بىلەن كۈلۈپ ئەمەس، يىغلاپ كۆرۈشىمىز.

مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا ياش ئەگىشكە باشلىدى.

— دادىڭىز تۇرمىدە؟ ئۇ نىمە جىنايەت ئۆتكۈزگەن؟

بۇ گەپ بىلەن ئۇ تىترەك ئاۋازدا ئۆز ئائىلىسىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئاجايىپ قىممەتلىك بىر ۋەقەنى بايان قىلىشقا باشلىدى.

* * *

"ئېسىمگە كەلسەم دادام ناھىيىلىك دوختۇرخانىدا ئىشلەيدىكەن، كىشىلەر دادامنى ھورمەتلەپ ھەمىشە 'نەجمىدىن دوختۇر' دەپ ئاتىشاتتى. دادام خىزمەتتىن چۈشكەندىن كېيىنمۇ ئۆيدە نەچچە ئونلاپ كېسەل-ئاغرىقلارنى كۈتۈۋالاتتى. ئۇنىڭ كېسەللەرگە قىلىدىغان قىزغىن مۇئامىلىسى، مۇلايىم پوزىتسىيىسىدىن كىشىلەر ئۇنى بەكمۇ ھورمەتلەيتتى، قەدىرلەيتتى. دادام كېسەللەرنى يولغا سالغاندىن كېيىن تۈن نىسپىغىچە كىتاپ كورەتتى. ئۇچراتقان كېسەللەرنىڭ شىپاسى ئۇستىدە ئىزدىنەتتى. 'ئوغۇل بالا دادىسىنى دورايدۇ' دېگەن راست گەپ ئىكەن، مەن مەكتەپتىن كېلىپلا دادامنىڭ كىتاپ كورىدىغان بولمىسىگە بېكىنىۋالىدىغان بولدۇم. توققۇزىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم بولسا كېرەك، بىر كۈنى «دورىگەرلىك قوللانمىسى»نى كورۈپ ئولتۇرغىنىمدا دادام ئىشتىن يېنىپ كىرىپ كەلدى ۋە قولۇمدىكى كىتاپنىڭ مۇقاۋىسىغا قاراپ بېقىپ ھەۋەس قىلغان ھالدا كۈلدى، ئاندىن: بالام، ھازىر تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتىسەن، بۇ سېنىڭ كەلگۈسىگە ئاساس سېلىشىڭنىڭ ياخشى پۇرسىتى. مەن سېنى تىرىشىپ ئوقۇشقا دەۋەت قىلىشتىن سىرت يەنە بىر ئىشقا جەلپ قىلماقچىمەن، دېدى. مەن قىزىقىش بىلەن دادامغا تىكىلدىم. —قارىغاندا، —دېدى دادام سوزىنى داۋام قىلىپ، —سەن تىببى ئىلىمگە قىزىقىۋاتىسەن، بۇ ياخشى. ئائىلىمىزدە بۇ كەسىپكە ۋارىس بولۇشى كېرەكقۇ. ھازىر غەربچە تىبابەتچىلىك بىلەن جۇڭگوچە تىبابەتچىلىكنى بىرلەشتۈرۈش تەشەببۇس قىلىنىۋاتىدۇ. مەن ئۇيغۇر مىللى تىبابەتچىلىك بايلىقىمىزنى قېزىپ تەتقىق قىلىپ راۋاجلاندۇرۇش جەھەتتە ئىزدىنىپ



بېقىشنى ئويلىنىۋاتىمەن. خالىساڭ بىرلىكتە قول سالايلى.

"پاھ! بۇ دەل مېنىڭ ئارزۇيۇم ئىدى. بۇ مېنىڭ كەلگۈسىدە تىببى ئىنىستىتوتقا كىرىپ ئوقۇش، دادامدەك ئاق خالاتلىق جەڭچى بولۇش ئارزۇيۇمنىڭ ئىشقا ئېشىشىدا ياخشى پۇرسەت ئىدى، خوشاللىقىمدىن يايراپ كەتتىم.

—مەن تېخى سىزنى "كىتاپنى قوي، تاپشۇرۇقۇڭنى ئىشلە"دەمدىكىن دەپ ئەنسىرىگەن ئىدىم، —دېدىم كۈلۈپ.

دادام ھوزۇرلىنىپ كۈلۈپ كەتتى:

—ھەر ئىككىسىنى قىلىسەن، ئوغلۇم، تىرىشچان بولساڭ، ھېچبىر ئىش چالا قالمايدۇ!

"شۇندىن بۇيان دادامنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ قالدىم. دادامنىڭ ماتىرىيال ئىزدەش، توپلاش، خاتىرىلەش ئىشلىرىغا ياردەملىشىدىغان بولدۇم. شۇ يىلى يازلىق تەتىلدە دادام بىلەن ناھىيىلىك دوختۇرخانا تەشكىللىگەن سەييارە داۋالاش ئەترىدىگە قاتنىشىپ چارۋىچىلىق رايونلىرىغا باردىم. بۇ ئەترەتنىڭ ۋەزىپىسى ھەم داۋالاش، ھەم دورا ئوسۇملۇكلىرىنى توپلاش ئىدى، بىز تاغلارغا چىقتۇق، يايلاقلارنى ئارىلىدۇق. تىك قىيا، پاتقاق ساي دادامنىڭ ئىزدىنىشىنى توسالمايتتى، قايتقاندىن كېيىن كوپ ئوتمەي دادام يازغان «دورا ئوسۇملۇكلىرىنىڭ مىللى تىبابەتچىلىكتىكى رولى» دېگەن تۈنجى ئىلمي ماقالا گېزىتتە ۋە «تىببى ساقلىقنى ساقلاش ئىشلىرى» ژورنىلىدا ئېلان قىلىندى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن دادام نۇرغۇن كىتاپخانلاردىن تەشەككۇر خەتلىرى تاپشۇرۇۋالدى. تەشكىل دادامنىڭ بۇ ساھەدە تېخىمۇ ئىزدىنىشىنى، ئىختىرا قىلىشىنى قوللىدى ۋە شارائىت يارىتىپ بەردى. ئاخىر دادام ئۇزۇن يىللىق تەجرىبىسى



ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com

ئاساسىدا قان-تەر بىلەن سۇغۇرۇلغان بىر كىتاپ يېزىپ پۈتتۈردى. بىراق دادامنىڭ بۇ جاپالىق ئەمگىكى ئاخىر بېرىپ ئۆزىگە جىنايەت بولۇپ ئارتىلىدىغانلىغىنى كىم بىلسۇن!

"1966-يىلىنىڭ ئاخىرلىرى قاتتىق سوغۇق بىلەن تەڭ بېسىپ كەلگەن مەدىنىيەت زور ئىنقىلاۋىنىڭ رەھىمسىز بورىنى دادامنى ئەنە شۇ كىتاپنى نەشرگە بېرىش خىيالىدىن ۋاز كەچتۈردى.

"ناھىيە ئىچىنى ئالا-تۇپىلاڭ قاپلىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن مەكتەپتە كۆرگەن كىتاپ كۆيدۈرۈش ۋەقەسىنى دادامغا يەتكۈزدۈم.

— جاۋەندىكى كىتاپلار بۇ بالايى-ئاپەتتىن قۇتۇلالمايدىغاندەك تۇرىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز يازغان كىتاپ، —... دېدىم مەن تاقەتسىزلىك بىلەن دادامغا. دادام بىرەر ۋەھىمىنى سەزگەندەك بىر نۇقتىغا تىكىلىپ تۇرۇپ قالدى. ھەقىقەتەن، كوچىلاردا سازايى قىلىنىۋاتقان كىشىلەرگە ئوخشاش دادامنىڭمۇ تارتىپ چىقىرىلىش خەۋپى قىستاپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى. چۈنكى دادامدەك پىشقەدەم دوختۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندۈزى پىناندوسكوپ تۇتسا، كېچىسى قەلەم تۇتقان بۇ تىرىشچان ئادەم ئەنە شۇلاردەك ھەر خىل نامىلار بىلەن قارىلانماي قالاتتىمۇ!؟

"بىز كىتاپلارنى ساقلاپ قېلىش قارارىغا كەلدۇق. لېكىن پۈت قويغۇدەكمۇ يەر قالمايۋاتقان بۇ كۈنلەردە بۇ قىممەتلىك كىتاپلارنى نەگىمۇ يوشۇرارمىز؟ ئۇ يان ئويلاپ، بۇ يان ئويلاپ مەن بىر چارە تاپتىم. كىچىك ۋاقتىمدا دوستلۇرۇم بىلەن 'جەڭ' قىلىپ ئوينايدىغان ئۆيىمىزنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كونا يادىگىلىق يادىمغا چۈشتى، ئۇ يەردە بىز 'مۇداپىئە ئاكوپى' قىلىپ كولىغان بىر كىچىك چوڭقۇرچاق بولۇپ، مەن ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر تامنى ئويۇپ، ئۆزەم پاتقۇدەكلا



بىر ئويما گەمە كولىۋالغان ئىدىم. دادام بىلەن ئىككىمىز مۆھىم دەپ بىلگەن كىتاپلارنى (رەختكە ئورالغان، دادام يازغان ھېلىقى كىتاپنىڭ ئارگىنالى ھەم دورا ئۇسۇملۇكلىرى نۇسخىلىرىنى) ئىككى يەشىككە قاچىلاپ تۈن قاراڭغۇسىدا سىمىلداپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قارىماي ھېلىقى 'گەمە'گە جايلاشتۇرۇپ كۆمۈۋەتتۇق. يەشىكلەر سۇلياۋ رەخ بىلەن ئورالغانلىقتىن كىتاپلارنىڭ چىرىپ كەتمەسلىكىگە ئىشەنچىمىز كامىل ئىدى.

"ئەتىسى مەكتەپتىن كېلىپ ئۆي ئىچىنىڭ خارابىلىققا ئايلانغانلىغىنى كۆردۈم. ئانامدىن شۇ كۈنى چۈشتە، قىزىل يەڭ بەلگىسى تاقىغان بىرنەچچە ئادەمنىڭ دادامنى تۇتۇپ كەتكەنلىگىنى، ئۇلارنىڭ 'ئەكسىيەتچىل ئىلىم نوپۇزلۇغىنى يوقىتايلى!' دەپ شوئار توۋلاشقانلىغىنى ئاڭلىدىم. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ زېمىن پىقىراۋاتقاندەك بىلىندى. دادامنى قايتۇرۇپ كېلىمەن! دەپ ئىشىكتىن ئېتىلىپ چىقىشىمغا ئانام تۇتۇۋالدى، ئىككىمىز ئەلەمدىن بوغۇلۇپ يىغلاشتۇق. ئىككىنچى كۈنى ئىدارە ھوقۇق تارتىۋېلىش ئىنقىلاۋىي گۇرۇپپىسى دىگەن بىرنىمىنىڭ باشلىغى ھامۇت مېنى چاقىرتىپتۇ، ئىشخانىغا كىرسەم ئۇ قوللىرىنى يانچۇغىغا سېلىپ ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ، مېنى كۆرۈپ دەرھال ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلدى، ئۇ، گويا دادامنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوقتەك قىياپەتتە ھىجىيىپ دادامنىڭ، ئانامنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى.

— دادامنى ئۆزەڭلار تۇتۇپ كەتتىڭلارغۇ؟ ئانامنىڭ ئەھۋالى قانداق بولماقچىدى!؟ — دېدىم مەن كۆز ياشلىرىمنى يوشۇرۇپ تەتۈر قارىۋالدىم. ئۇ، ساپاغا بېلىگىچە چۆككەن ھالدا دېدى:

— شۇنداق ئىش بولدىمۇ؟... ھە، ھېچ ئىش يوق، نەجمىدىن

قايتىپ كېلىدۇ، ئۇ سىلەر بىلەن بەختلىك ياشاۋېرىدۇ، بىراق... بىرلا شەرت بار، ئۇنى پەقەت سىزلا ئورۇنلىيالايسىز.

—قانداق شەرت؟—مەن بۇرۇلۇپ ئۇنىڭ ھىلىگەرلىك بىلەن مىتىلداپ تۇرغان كوزلىرىگە تىكىلدىم.

—دادىڭىز بىر كىتاپ يازغان ئىكەن. ئاڭلىشىمىزچە ئۇنىڭ بار يېرىنى سىز بىلىدىكەنسىز، شۇ كىتاپىنى بىزگە تاپشۇرۇۋەتسىڭىز، دادىڭىز بۇگۇن كەچتىلا ئويگە قايتىپ كېلىدۇ.

—نىمە؟... كىتاپ؟ كىتاپلارنى تۇنۇگۇن سىلەر ئەپچىقىپ كەتكەن تۇرساڭلار، سىلەر ئۇنچىۋالا باش قاتۇرۇپ ئىزدەپ كەتكۇدەك يەنە قانداق كىتاپ بولسۇن.

—ئۇكا، سەن ياشسەن،— ھامۇت مۇغەمبەرلىك بىلەن ئالداشقا كىرىشتى،—ماڭا قارا، تولۇق ئوتتۇرىنى پۇتتۇرۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسەن، ئەنە شۇ ئەرزىمەس كىتاپنى تاپشۇرۇۋەتسەڭ، بىرىنچىدىن، داداڭ يېنىڭدا بولىدۇ، ئىككىنچىدىن، ئوقۇش پۇتتۇرگەن ھامان خىزمەتكە—ئوزەڭ خالىغان خىزمەتكە ئورۇنلىشىسەن، كەم ئەقىللىق قىلما.—ئۇ قولىدىكى پاپىروسنى ئاغزىغا چىشلەپ، ئالدىمدا تۇرغان كۇرۇشكىغا چاي قۇيدى.

"غەزىۋىمدىن ئوزەمنى تۇتالماي قالدىم. ھامۇت ئىدارىنىڭ گۇەنلىيۇەنى بولۇپ، خىيانەتتىن قول ئۇزمىگەنلىگى ئۇچۇن دادام ئۇنى پاش قىلغان، تەنقىت قىلغان، شۇ سەۋەپتىن ئۇ تەشكىل ئالدىدا ئەدىۋىنى يىگەن. مەدىنىيەت ئىنقىلاۋىنى پۇرسەت بىلىپ 'ئىنقىلاپچى' تونىغا كىرىۋالغان بۇ ئەبلەخ دادامدىن ئوچ ئېلىش ئۇچۇن زەھەرلىك قولىنى ئىشقا سالغان!

—دادام كىتاپ يازدى. لېكىن سىلەر ئېيتقاندەك ئەكسىيەتچىل



كىتاپ يازغىنى يوق! دادامنىڭ يازغىنى قان-تەرنىڭ بوغۇلمىسى. ئۇنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇش خام خىيال!

ھامۇت چىچاڭلاپ سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى:

—داداڭنىڭ يازغىنى ئادەم ئالدايدىغان سەپسەتە! ھايۋانمۇ يىمەيدىغان ئوت-چوپلەرنىڭ كېسەل ساقايتقىنى نەدە بار!؟ ئەبلەخ...—زەرپ بىلەن تەككەن شاپىلاق كوزلىرىمدىن ئوت چاقنىتىۋەتتى. ئۇستەل ئۇستىدە تۇرغان چەينەكنى بۇ ھايۋان نەسلىدىن تورەلگەن ئەبلەخقە قارىتىپ ئاتتىم. بۇنداق جاسارەت، بۇنداق كۇچ نەدىن كەلدىكىن، بىلمەيمەن، چەينەك جاراڭلاپ چېقىلىپ ئۇنىڭ سوكنو كىيىملىرىنى ۋە پاقىراپ تۇرغان ئوتىگىنى ھول قىلىۋەتتى. ئۇ چالا بوغۇزلانغان ھايۋاندەك خىقىرايتتى،—ھاي،... قايسىڭ بار، ماۋۇ ھارىمنى سولا! ئىگىسىنى دورىغان ئىتنىڭ كۇچۇگىنى ئوزەم ئەدەپلەيمەن!

"قاياقتىندۇر پەيدا بولغان 'قىزىل قوغدىغۇچى'لار مېنى ئەپچىقىپ دوختۇرخانىنىڭ ئولۇك قويىدىغان ئويىگە قامىۋەتتى.

"ئىدارىنىڭ سەيناسىغا ئورۇنلاشقان يىغىن مەيدانى سۇرلۇك ئىدى. ئادەمنى كوپەيتىپ، داغدۇغىنى ئاشۇرۇش ئۇچۇن بولسا كېرەك، مەكتەپتىنمۇ بىر تالاي 'قىزىل قوغدىغۇچى' لار يىغىنغا قاتناشتۇرۇلۇپتۇ. كوزۇم بىردىنلا ئوتتۇرىدا تۇرغان بىركىشىگە چۇشتى (ئوتتۇرىدا تۇرغانلار بىر كىشى ئەمەس ئەلۋەتتە)، ئۇ مېنىڭ جانىجان دادام ئىدى. ئۇ قوللىرى باغلانغان، بوينىغا تاختاي ئېسىلىپ، بېشىغا موزا كىيدۇرۇلگەن، يۇزىگە قارا سىيا سۇرتۇلگەن ھالدا تۇراتتى، دادام مېنى كورۇپ ھاڭ-تاڭلىقتا قېتىپ قالدى. مەن ئوزەمنى تۇتالماي دادامغا ئېتىلدىم. دادامنى قۇچاغلاپ



www.uyghurkitap.com

سويگۈم كېلەتتى، بىراق قوللىرىمىز باغلانغان.

"يىغىن باشلاندى، نۇتۇقلار سۆزلەندى، ھامۇت ھەممىدىن بەك كاكىرايتتى. بىرنەچچە "پىپەن سۆزى" سۆزلىگۈچىلەردىن كېيىن "دىكتاتۇرا" يۈرگۈزۈلدى، دوشكەلەشلەر، ئۇرۇپ-تېپىشلەر دادامنى ھالىدىن كەتكۈزدى. ھېلىقى كىتاۋىڭنىڭ ئارگىنالى قەيەردە؟ دىگەن سوئالغا دادام: بىلمەيمەن! دەپ جاۋاپ بېرەتتى. يىغىن سەھنىسىدىكى بىرنەچچە ئادەم چوشقىدەك چىقىراپ تىپىرلايتتى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ كۆزلىرىدىن بۇ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زورلۇققا نارازىلىقنى بىلىنىپ تۇراتتى. دادامنىڭ يۈز-كۆزلىرى قانغا بويالدى. ھالسىزلىنىپ ئىككى تەرەپكە داۋالغۇيتتى. ئىككى تەرىپىمدىن قاماللاپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىشقا ئۇرۇناتتىم. چاپارمەنلەر ئۇرۇپ-تېپىشتىن ھالسىرىغاندا ھامۇت ئالدىمغا كەلدى:

— ئەخمەت، كۆردۈڭمۇ، ھېلىقى بىرنەچچە كويغا ئەرزىمەيدىغان كىتاپنى دەپ داداڭنىڭ جېنىغا زامىن بولامسەن؟ ياخشىسى، كىتاپنى بىزگە تاپشۇرۇپ داداڭنى قۇتقاز...

— تۇفى!...— مەن ئۇنىڭ چوقۇر يۈزىگە تۈكۈردۈم، — ئىپلاس، سەن خىيانەتچى قوسىقىڭغا پۈكۈپ كەلگەن ئوچمەنلىكىڭنى چىقىرىش ئۈچۈن مۇشۇ بىر كىتاپنى بانا قىلىپ ئەلەم كۆرسىتشى قوزغاۋاتىسەن. دادام بىلەن مېنى ئېتىۋەتسەڭمۇ، كىتاپ سېنىڭ يىرگىنىشلىك قولۇڭغا چۈشمەيدۇ!

"مەن كۆز ئالدىمدا يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق ئاقىۋەتكە تەييارلىنىپ قويغان ئىدىم.

"بۇ سۆزلەر ھامۇتنىڭ ئەپتى-بەشىرىسىنى ئاما ئالدىدا چىتقا يايدى. بۇنىڭ بەدىلىگە دۇمبالاندىم. شۇ كەمگىچە مېنى "تاك"



قىلىپ چېكىپ باقمىغان دادام ئىچ-ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ يىغلايتتى، قانغا بويالغان ئىككى گەۋدە يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ غۇل-غۇلىسىغا سەۋەپ بولدى. ئۇلار "ئىنقىلاپ" نىڭ بۇنداق بولىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن بولغىيدى! ھامۇت ئىشنىڭ ئۆزىگە پايدىسىزلىقىنى بايقىدىمۇ، قانداق، يىغىننىڭ ۋاقتىنچە ئاخىرلاشقانلىقىنى جاكالىدى. مېنى ھېلىقى ئۆلۈك خانىغا، دادامنى ئۇنىڭ يېنىدىكى ئامبارغا سولىدى. ئۇزۇن كېچە ئۇيقۇسىز ئۆتتى. تاك ئاتارغا يېقىن، بىزنى نازارەت قىلغۇچىلار خورەك تارتىشقا باشلىغاندا ئاراتام ئورۇلدى. ئۇمىلەپ بېرىپ تامغا قۇلۇغۇمنى ياقتىم. دادامنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئوغلۇم، چىقىپ كېتەلىسەڭ ئاناڭغا، ئۇكىلىرىڭغا ئوبدان قارا، ھېلىقى كىتاپلارنى ئوبدان ساقلا...ئاڭلىدىڭمۇ؟...

مەن ئەتراپقا زەڭ سېلىپ خورەك ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— دادا، ئاڭلىدىم، ئاڭلىدىم، — دىدىم. يىغا ئارىلىشىپ كەتكەن ئاۋازىم دادامغا ئاڭلانغان بولسا كېرەك، جىمىپلا كەتتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن مېنى "ئازات" قىلىپ "ئالغا" گۈڭشېسىغا نازارەت ئاستىدا "قايتا تەربىيە" ئېلىشقا ئەۋەتتى. تولا يىغلاپ ھالىدىن كېتەي دىگەن بىچارە ئانامنى بولسا ئىدارىدىن ھەيدەپ چىقىرىپ ناھىيە بازىرىنىڭ چېتىدىكى بىر كونا ئۆينى ماكان تۇتۇپ ئولتۇرۇشقا مەجبۇر قىپتۇ. ئىككى ئۇكاممۇ مەكتەپتىن قوغلاپ چىقىرىلىپتۇ. مەن بولسام "بىپايان زېمىن"دا ئانىسىدىن ئايرىلغان ئۈچۈرۈم قوشتەك غېرىپ-مۇساپىر بولۇپ يۈرۈپتىمەن. مانا مۇشۇ سەپىرىمىمۇ شۇ مېھرىۋان ئانامنى كۆرۈش، دەردىگە دەرمان بولۇش ئۈچۈن،... دادامنى بولسا شۇنىدىن بۇيان 3 يىل بولدى، كۆرمۈدۈم...

يىگىتنىڭ ئاۋازى بوغۇلدى. ئۇنىڭ ھېكايىسى مۇڭلۇق مۇزىكىدەك يۈرەك باغرىمنى ئېزىۋەتتى.

ئاپتوموبىل دوڭدىن پەسكە ئېڭىلىشى بىلەنلا، ”K“ ناھىيىسىنىڭ ئومۇمى مەنزىرىسى كورۇنۇشكە باشلىدى، كورىكەم كورۇنۇشلەر مېنىڭ زوقۇمنى جەلپ قىلالمىدى. مىڭەمنى نەجمىدىن دوختۇرنىڭ قەيسەر ئوبرازى، بىچارە ئانىنىڭ قىسمىتى چولغىۋالغان ئىدى، مانا مەنزىلگە يېتىپمۇ كەلدۇق. مەن يىگىتنى ئويىگىچە ئاپىرىپ قويدۇم. ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ قايتا-قايتا تەلىۋى بويىچە، ئاپتوموبىلنى خىمىيىۋى ئوغۇت بېسىلىدىغان ناھىيىلىك تەمىنات-سودا كوپىراتىۋىنىڭ ئوغۇت تەقسىملەش ئورنىغا توختىتىپ قويۇپ ئەتىگە ئۇلگۇرتۇپ يۈك بېسىپ قويۇشقا كېلىشكەندىن كېيىن، ئەخمەتجاننىڭ ئويىگە كەلدىم. ھەر ھالدا، بۇ ئائىلىنىڭ ئېچىنىشلىق سەرگۈزەشتىسىنى، نەجمىدىن ئاكىنىڭ قەيەردە ۋە قانداق ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى تولۇقراق بىلگۈم كېلەتتى. ئەخمەتجان ۋە ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ — بىر ئاخشام قونۇڭ، غېرىپ ئويىمىزنىڭ مېھمىنى بولۇپ كېتىڭ دىگەن تەلىۋىنى يەردە قويغۇم كەلمىدى. بۇ چاغلاردا بۇنداق ”قاشقىسى بار“ ئائىلىلەرگە كىرىش جىنايەت ھېساپلانسىمۇ، ھېلىقى ئارزۇ ۋە ھېسداشلىق ئىختىيارسىز مېنى ئويىگە ئىتتەردى. چاچلىرى كومۇشتەك ئاقارغان، كېسەل ۋە روھىي ئازاپ چېكىسىگە ساناقسىز قورۇقلارنى سالغان ئانا ئاللىقاچان تامىقىنى پىشۇرۇپ مېنى كۈتۈپ تۇرغان ئىكەن، ئازغىنا ئوي بىساتلىرى ئانچە يېڭى بولمىسىمۇ ئوي پاكىز ۋە رەتلىك ئىدى. سوۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن تامنى بىرنەچچە يېرىگە ياماق سېلىنغان زەدىۋالمۇ يوشۇرۇپ قالالمىغان. ئەخمەتجاننىڭ ئىنىسى ۋە سىڭلىسى ماڭا تارتىنىپ قارىشاتتى. ئۇلارنىڭ كوزلىرى-



دىمۇ ئەخمەتجاننىڭ كوزلىرىدىكىدەك غەم-مىسكىنلىكنىڭ شولىسى ئەكس ئېتەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ كوڭلى ئۈچۈن سەۋزە ۋە پىياز بىلەنلا سەي قىلىنغان لەغمەننى ئىشتىھا بىلەن يىدىم. تاماقتىن كېيىنكى ئازغىنا پاراڭدىن كېيىن، مەن گەپنى يۈرەكلىك بىلەن مەن بىلىشكە ئىنتىلگەن ئاساسىي مەقسەتكە يوتكىدىم.

— ئانا، نەجمىدىن ئاكام ھازىر نەدە؟ سالامەتلىگى قانداقراق؟

ئانا داڭقېتىپ بىر دەم تۇرۇپ قالغاندىن كېيىن گېپىنى باشلىدى:

— باللارنىڭ دادىسىنى ”ئىنقىلاپ بىلەن قارشىلاشتى، ئەكسىيەتچى ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان جىنايىتىنى تاپشۇرۇشتا جاھىللىق قىلدى“ دىگەن بەتنام بىلەن تۇتۇپ كېتىشكەن ئىدى. توۋا، ”ئوت-چوپتىن دورا ياساپ كىشىلەرنى زەھەرلىدى، كونىلىقنى تەرغىپ قىلدى“ دىيىشكىنىنى قارىمامدىغان تېخى! — ئانا مۇنچاقتەك تۆكۈلۈشكە باشلىغان ياشلىرىنى ياغلىغىنىڭ ئۇچى بىلەن سۈرتتى. — ئوتكەن يىل مۇشۇ كۈنلەردە بېرىپ كەلدىم، ئىككى كۈنلۈك يىراقلىقتىكى دىخانچىلىق مەيدانىدا ئەمگەك قىلىدىكەن، بىچارە جۇدەپ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قاپتۇ. — ئانا ياغلىغىنى يەنە كوزىگە ئاپاردى. باللار ئۈنسىز يىغلىشاتتى. مېنىڭمۇ كوزلىرىم نەملىنىپ قول ياغلىغىمنى چىقاردىم. بىر ئاز سۈكۈتتىن كېيىن سورىدىم:

— ھېلىقى كىتاپ ئارگىنالى توغرىسىدىكى سۈرۈشتۈرۈشلەر بېسىقىپ قالغاندۇ؟

موماي، سىز قانداق بىلىسىز؟ دىگەندەك ھەيران بولۇپ ماڭا تىكىلدى:

— نەدىكىنى، تېخى ئۇلۇشكۈنمۇ بىرنەچچىسى ھېلىقى ھامۇت



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دىگەن نەرسە باشلاپ كېلىپ ئۆيىنى ئاختۇرۇشتى. "ئاشۇ كىتاپنى تاپشۇرمىساڭلار نەجىمىدىن ئۆمۈر بويى كېلەلمەيدۇ" دەيدۇ، ئاڭلىشىمچە ئۇ كىتاپ تېپىلمىسا، ھاموت "يالغان ئەنزە پەيدا قىلىپ كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلدى" دەرمىكىن دەپ قورقىدىغان ئوخشايدۇ.

— كىتاپلار ھېلىمۇ كومۇلگەن جايىدىمۇ؟

— ھەئە، شۇ يەردە، ئۇلۇشكۈن ئوغلۇم بىلەن بېرىپ كورۇپ كەلدۇق. ئوبدان تۇرۇپتۇ.

— كىتاپ سەۋۋى بىلەن نەجىمىدىنىڭكام قايتىپ كېلەلمىسە، ئۇنداقتا... ئۇنى بېرىۋەتكەن تۈزۈكتۇ، — دىدىم مەن ئەتەي سىناپ باقماقچى بولۇپ. مومايىنىڭ سارغايغان چىرايى جىددى تۇسكە كىردى.

— بۇ قېتىم دادىسى ماڭا، ئۇ كىتاپنى ئۇلارغا تاپشۇرۇشقا بولمايدۇ، ئۇ قان بىلەن باراۋەر. ناۋادا مەن چىقالماي قالسام، كۇنلەرنىڭ بىرىدە ئەخمەتجاننىڭ مېنىڭ ئىرادەمگە ۋارىسلىق قىلىپ ئۇ كىتاپنى ئامما بىلەن يۈز كورۇشتۇرەلىشىگە ئىشىنىمەن، دىدى. كىتاپنى بېرىپ قويساق، دادىسىغا يۈز كېلەلمەيمىز.

مەن ھاياجانلانغانلىغىمدىن ئولتۇرالماي قالدىم:

— ئۇنداقتا سىلەر ماڭا ئىشەنسەڭلار، كىتاپلارنى ماڭا تاپشۇرساڭلار. — دىدىم قەتئى قىلىپ، — مۇۋاپىق پەيتى كەلگەندە ئۇز قولۇم بىلەن ئەكىلىپ بېرىمەن.

ئويدىكى توت جۇپ كوز نۇرلىنىپ كەتتى، ئەخمەتجاننىڭ يۇگرەپ كېلىپ قوللىرىمنى سىقىشى مومايىنىڭ بىر پەس ئىككىلىنىپ قېلىشىنى يەڭدى. شۇ كۇنى كېچىدە ئەخمەتجان ئىككىمىز ھېلىقى ياداڭلىقتا بېرىپ كومۇلگەن كىتاپ يەششىكلىرىنى يوتكەپ كەلدۇق. ئەتىسى ئەتىگەندە مومايى راسلىغان مىزىلىك قايماق چايدىن كېيىن، مەن يۈك بېسىلىپ بولغان ئاپتوموبىلنى ھەيدەپ كەلدىم. كىتاپلارنى



بىرنەچچە خالتا ئوغۇتنىڭ ئاستىغا بىلىنمەيدىغان قىلىپ جايلاشتۇرۇۋەتتۇق. ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا ماتۇرنى ئوت ئالدۇردۇم.

— خەير، ئوغلۇم، ئاق يول بولسۇن! — دەيتتى ئانا كۇلۇپ تۇرغان كوزلىرىگە ياش ئېلىپ.

— خەير، ئاكا، بىزنى ئۇنتۇماڭ! — دەيتتى ئەخمەتجان قوللىرىمغا ئېسىلىپ.

— ئوغلۇم، بۇ يەرگە كېلىپلا قالسىلا، مېنى يوقلاپ ئوتسىلە.

— سىلەرنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، چوقۇم كېلىمەن.

مەن ئاپتوموبىلنى قوزغاپ ئازراق ماڭغاندىن كېيىن توختاپ كېپىنكىدىن بېشىمنى چىقاردىم. قىزچاق يولۋالغان ئانا ۋە ئىككى يىگىت تېخىچە ئوي ئالدىدا قاراپ تۇراتتى. بۇ چاغدا ئاجايىپ بىر خىل سېزىم پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى گويا توك ئېقىمىدەك تىترىتىپ ئوتتى - دە، كوز چاناقلىرىمدا ياش ئەگىدى، ئاخىرقى قېتىم قولۇمنى پۇلاڭلاتتىم:

— خەير!

قايتىش سەپىرىم تۈنۈگۈنكىدەك كوڭۇللۇك بولمىدى. تېگى يوق خىياللار دېڭىزىدا ئۈزەتتىم. ئېخ! قىسمەت، بەزىسىنى كۇلدۇرۇپ، بەزىسىنى يىغلاتقان قىسمەت!... سەن بۇ ئەيۋەنگنى قاچان ئوڭلارسەن...

ئېسىمگە ئاپتوموبىل كوزۈپىدىكى گوھەرلەر — "كومۇلگەن كىتاپ"لار چۈشكەندە يايراپ كەتتىم. گويا ھاياتىمدا ئەڭ قىممەتلىك بايلىقنى دۈشمەن لېنىيىسىدىن ساق - سالامەت ئوتكۇزۇپ كېتىشكە ئالدىرىغاندەك خوتنى ئەڭ تېز سۈرئەتكە يوتكىدىم.

(«تارىم ئەدەبىياتى» ‹ھازىرقى ئاقسۇ ئەدەبىياتىنىڭ ئىلگىرىكى نامى› ژورنىلىنىڭ 1980 - يىل 4 - سانىدىن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

思　念

（短篇小说集）

（维吾尔文）

责任编辑：努尔穆罕默德

民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷

开本：850×1168毫米 1/32　印张：10 1/4
1984年4月第1版
1984年4月北京第1次印刷

精装印数：0001—1,700册　定价：1.05元
平装印数：0001—4,400册　定价：0.55元
书号：M10049(4)156

سېغىنىش

(ھېكايىلەر)

مەسئۇل مۇھەررىر: نۇرمۇھەممەت دولەتى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتاپخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدۇ
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1984-يىل 4-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1984-يىل 4-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
قاتتىق مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باھاسى: 1.05 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىغىنىنىڭ باھاسى: 0.55 يۈەن